


«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

يېزا ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى بويىچە زامانىمىزدىكى يېتۈك تەتقىقاتچى، دولان- مەكىت

خەلق سەنئىتىنىڭ قابىل تەشكىللاتچىسى، يازغۇچى مۇتەللىپ سىيىت ئەپەندى

• XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА •

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

4

2004

ISSN 1008-6498
07>
9 771008 649003

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەل سۆيگەن شۆھرەتلىك ناخشىچى، قۇمۇل ناخشىلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن
ئىجراچىسى، «قۇمۇل بۇلبۇلى» خەدىسخان ياقۇپ خانىم

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(53-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2004-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 268-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ سانىدا

### سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ؟


زىيالىيلىق مەقامى ۋە تونى ............................ ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان 2


### سادا


پەرزەنت تەربىيىسى ۋە بىز ............................ يۇسۇپجان سەمەت 7


### «ئالەم چايخانىسى» دىكى پاراڭلار


مەدەنىيەت ۋە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»غا دەسلەپكى ئانالىز ...... تۇرسۇن قادىر 14


### چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە


سېكرېتارلىقتىن تېۋىپلىققىچە........(ئوچېرك) ............ نۇرمۇھەممەت توختى 21


### دېھقان ياشلىرى ئەنجۈمەنى


سۆھبەت ساداقەت بىلەن كۈچىيىدۇ ..................... ئا . ئەخمىدىي قاتارلىقلار 48


### ئوقۇرمەنلەردىن سۆز


ئافورىزم ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» توغرىسىدا
دەسلەپكى ئىزدىنىش ............................ مۇنەۋۋەر ئابلىز 60


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ ئەيساجان نىزامىددىن قاتارلىقلار 68



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# زىيالىيلىق مەقامى ۋە تونى

ئابدۇلباست ئابدۇرەھمان

مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان ئالدىنقى قېتىملىق ماقالىلىرىمدە بىزدىكى زىيالىيلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە ئاز-تولىدىن گەپ قىستۇرۇپ ئۆتكەنىدىم. زىيالىي دېگەن بۇ سۆزنىڭ سالمىقى ئېغىر، بېرىلىۋاتقان تەبىرلەر كۆپخىل بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا شۇگەپ ھەققىدە سۆزلەپ باش ئاغرىقى تېپىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. لېكىن خەلقىمىزنىڭ ھەقىقىي زىيالىيلارغا نەقەدەر ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توپەيلى بۇ ھەقتە يەنىلا سۆزلىمەي بولمىدى. زىيالىيلىق مەقامى ئەسلى خەلققە باشپاناھ بولغان، ئىلىم سەمەرىلىرى بىلەن خەلقنى مەنپەئەتلەندۇرگەن، ئۆز مەدەنىيىتى بۇرجىدا سەير ئېتىپ، زامان چەرخىنىڭ چۇلۇۋۇرىغا چىڭ ئېسىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان يۈكسەك شەرەپ ئىدى. لېكىن بىزدە ھازىر مۇشۇ شەرەپكە نائىل بولغۇدەك زىيالىيدىن قانچىسى بار؟ ئارىمىزدا زىيالىيلىق تونىنى كىيىپ، يۇمشاق سالام بىلەن يۈرگەن كىشىلەر كۆرىمىز. بىزنىڭ جەنۇب قىشلاقلىرىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئېغىزىدا كۈندە دېگۈدەك زىكىر قىلىنىپ تۇرىدىغان بىر ماقال بار: «تەڭنەيوغان بىرنان يوق، سەللە يوغان ئىمان يوق». بۇنىڭدىن سۆلەتۋاز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، سەپسەتىنى جىق سېتىپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان قىزىل كۆزلەرنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى ئىلىم-ئۇنۋان تۈرگە چىققان مۇيەسسەپتلەر بەلكىم ئاشۇ ئۇنۋاننى ھەقىقىي ئەمەلىي ئىشقا، ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئالغاندۇ. ياكى بەزىلىرى ئىستاژىنى پەش قىلىپ «غەمخورلۇق» يۈزىسىدىن قولغا كەلتۈرگەندۇ. ۋە ياكى يۇمشاق سالام قىلىپ، ھىجىيىپ، داستىخان راسلاپ، مىڭ تەسلىكتە ئۇ جاي، بۇجايلارغا قاتراپ چىراي سارغايتىپ ئالغاندۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئالغان ئۇنۋانلىرى بولسۇن ياكى ئارقا ئىشىك بىلەن مېڭىپ كىيگەن تون-پەرىجىسى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىلا ئوخشاش بىر مەقسەتتە، يەنى يۇقىرى تەمىنات ۋە ساختا شۆھرەت ئۈچۈن بولىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىمىز ۋە كۈندە دېگۈدەك روي بېرىپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلىرىمىزدىن قىلچە پەرۋاسىز ۋە بىغەم يۈرۈۋاتقان بۇ نازۇك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئەتراپىدىن نەقەدەر يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى قىلچە ھېس قىلماستىن ئۆز كۆمىچىنى پىشۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈشمەكتە. زىيالىيلىق تونىنى كىيىۋېلىپ سالاپەت بىلەن ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ تەستىرەك چىقىپ يۈرۈۋاتقان ئاشۇ كىشىلەردىن خەلق نېمىنى كۈتۈۋاتىدۇ؟ بىزدىكى ساختا «زىيالىي» چىلىق ھادىسىسىگە باھا بەرگەن ئابدۇقادىر جالالىددىن

[illegible]

ئەپەندى: «ئۇلار ياماركسىزمنى تۈزۈك بىلمەيدۇ. يا ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتىنى تولۇق بىلمەيدۇ. ماركسنىڭ ئالدىغا بارسا ماركسقا يارىمايدىغان، خەلقنىڭ ئالدىغا بارسا خەلققە تېخى يارىمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئىجرا بولۇشىدىكى توسالغۇلاردۇر»① دېگەنىدى. ھەرقايسى كەسپىي، مەمۇرىي ساھەلەردە تۈرلۈك خىزمەت، ۋەزىپە، ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىي قېرىنداشلىرىمىزغا خەلقىمىزنىڭ مەنپەئىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ھاكىمىيەت ئەتراپىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى كىشىلەر بولۇپ، خەلقنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈپ مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلاردۇر. ھالبۇكى ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزدا ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى ئېيتقاندەك ئۆز خەلقىنىڭ پسىخىكىسى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تارىخىي ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت بىلىمى كەمچىل بولغانلىقتىن ئۆز خەلقىنىڭ خۇسۇسىي پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى پارتىيىگە چىنلىق بىلەن يەتكۈزەلمىگەچكە، پارتىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بوپقالماقتا. پارتىيىنىڭ سىياسىتى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تولۇقى بىلەن بۇرمىلانماي يەتكۈزۈلسە، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە پىكىر-تەكلىپلىرى پارتىيىگە دادىل يەتكۈزۈلسە، پارتىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىش چوڭقۇرلىشىپ، غوۋا مەسىلىلەر ئايدىڭلىشاتتى-دە يوللار راۋانلىشاتتى. خەلقنىڭ تۈرلۈك مەنپەئەتلىرى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولاتتى.

تۈرلۈك ئۇنۋانلار ۋە شۇنىڭغا يارىشا تەمىناتلار بىلەن تارتۇقلانغان زىيالىي قېرىنداشلىرىمىز مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە كۆپرەك توپلانغان بولۇپ، ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى بولغان بۇ شەھەر ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك پائالىيەت قىلىدىغان جايىدۇر. تۈرلۈك ئاكادېمىيىلەردە، مەكتەپ، مەتبۇئاتلاردا ۋە نەشرىيات، ئىلىم يۇرتلىرىدا شۇلارنىڭ تىپلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزقاراشلىرى ۋە مەپكۇرە تەرغىباتلىرى بار. ھەممىسى ئۆز پەلسەپىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلار ئىدارە، بۆلۈم، ئىشخانا قاتارلىق دەرىجىمۇدەرىجە تىزىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇلغان مەمۇرىيەت ۋە ئىجتىمائىيەت ئاپپاراتلىرىدا ئۆزىگە يارىشا قارار ئالغان بولۇپ، مۇھىم خىزمەتلەر، تەتقىقاتلار بىلەن دائىم ئالدىراش ۋە جىددىيچىلىكتە ئىشلەيدۇ. كۆپىنچىلىرىنىڭ بېشىنىڭ تۈكى چۈشۈپ تاقىرباش بوپقالغان. يەنە بىر قىسمىلىرىنىڭ كۆزىنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ كۆزەينەك سەپلىۋالغان. بەزىلىرى ئۇزۇن يىل ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپ بېلىدىن، تىزىدىن ياكى ساغرىسىدىن كەتكەن. ناۋادا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدۇ. تۇرقىدىكى ئەتەي تېتىكلىك ۋۇجۇدىدىكى قېرىلىقنى بىرئاز يېپىپ تۇرىدۇ. قول ئېلىشقىنىڭىزدا شۇنداق يۇمشاق قوللارنى سىقىسىزكى، ناۋادا سىز ئاشۇ قول بىلەن بىر كاچات يېگۈدەك بولسىڭىز ھەرگىزمۇ كاچاتنىڭ تەمىنى تېتىماستىن بىر تۇتام پاختىنىڭ تەگكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. شۇ چاغدا سىز دېھقانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋاقتىڭىزدىكى قوللىرىڭىزنى ئامبۇردەك قىسىۋاتقان ئارىدەك، شوخىدەك يىرىك قوللارنى ئەسلەپمۇ ئۈلگۈرىسىز. دېھقانلارنىڭ قوللىرى شۇنداق قاتتىق بولغىنى بىلەن دىلى يۇمشاق. ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش ۋە سەمىمىيلىكتىن ئىبارەت خەلقىمىز خاراكتېرىدىكى ئەسلى ماھىيەت شۇلاردا ساقلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى ئاشۇ قولى يۇمشاق، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان، زىيالىيلىق تونىنى ياراشتۇرۇپ كىيىۋالغان بەزى ئىشخانا خادىملىرىنىڭ دىلى قانداق دىل؟

بىزدە ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ دېھقانلاردىن ئايرىلىپ قېلىش كرىزىسى ئىنتايىن ئېغىر. تەرەققىي قىلغان ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىدىكى سىر، ئۇلارنىڭ ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىرا-كەشپىياتلىرىنى ئالدى بىلەن دېھقانلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلىدۇ. مەيلى ئىستېمال جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن دېھقانلار ئۆز ئالىملىرىنىڭ پاتېنت مەھسۇلاتلىرىنى ئەمەلىي قوللىنىش ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۈنۈملۈكلىرىنى تاللاپ، شۇ خىل تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادىي ئۈنۈم شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئەمەلىي قوللىنىشچان تېخنىكىلارنىڭ ئىختىراچىسى بولغان ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆز خەلقى ئىچىدە ۋە خەلقئارادا ئورنى ئۆسىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئىگىلىكىدە مۇستەھكەم ئىقتىسادىي مېخانىزم بارلىققا كېلىدۇ.

تەرەققىي قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ دېھقانلىرى بېيىش يولىغا يېتەكلەنگەندە تۈرلۈك شوئار - چاقىرىقلارغا ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىگە تايانماستىن ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تېخنىكىۋى ياردىمىگە ۋە يېتەكلىشىگە تايىنىدۇ. خوش، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئالىم-زىيالىيلىرىمىزنىڭ دېھقانلارغا ياردىمى تەگدىمۇ؟ خەلق ئۇلارنىڭ ئىلىم سەمەرىلىرىدىن قانچىلىك ئىقتىسادىي نەپكە ئىگە بولدى؟

بىزدىكى دېھقانلار مەسىلىسى پەقەت دېھقانلارنىڭلا مەسىلىسى بولۇپ، سوكال كىيىملىك غەيرىي دېھقانلار بۇ مەسىلىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەردۇر. بىز ھەردائىم دەبدەبە ۋە ئەنئەنە نۇقتىسىدىن قېلىپلاشقان سۆز-ئاتالغۇلار بىلەن دېھقانلارنى قۇتلۇقلايمىز ۋە ئالقىشلايمىز. بىزدىكى

① ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1999-يىل 5-، 6- (قوشما) سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى» 259-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئۆكتەبىر نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان بۇ خىل خاھىش خېلى ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. يۇقىرى ئۆرلەيدىغانلار ئۇچۇن پەلەمپەي، ساغىدىغانلار ئۇچۇن ئىنەك بولۇۋاتقان ئاشۇ دېھقانلارغا راستىنلا شان-شەرەپ كېرەكمۇ؟

ماھىيەت جەھەتتىن دېھقانلار كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردۇر. بېشىدىن كەچۈرگەن ئىسسىق-سوغۇقلىرى، تەجرىبە-ساۋاقلىرى، يوقاتقانلىرى ۋە ئېرىشكەنلىرى ئۇلارنىڭ مۆتىدىل خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، زامان رەپتارىنى تېپتىنچ كۆزىتىشكە ئادەتلەنگەن. سىز بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن دېھقانلار ئارىسىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ ھايات تېپىشماقلىرىغا جاۋاب ئىزدەپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ روھىدىن ئەڭ ساپ ئىنسانچىلىقنى ھېس قىلىسىز، ھەمدە ئۇلارنىڭ زامان زوقۇملىرىغا قويغان دىئاگنوزىنىڭ نەقەدەر دەل ھەم توغرا ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئاددىي سۆزلەشمىلىرىدىن بىلەلەيسىز. سىز بىر زىيالىي، ئەمما دۇنيانىڭ يۈزلىنىش خاراكتېرىگە توغرا دىئاگنوز قويالمايۋاتىسىز. ئۆزىڭىز ياراتماقچى بولۇۋاتقان دۇنيايىڭىزنى رېئاللىقتىن ھېچ ئىزدەپ تاپالمايۋاتىسىز. سىز بىر ئۆمۈر مەدەنىيەت ئۆگەندىڭىز ئەمما ئۆزىڭىز كىرىپ كېتىۋاتقان ئەشۇ مەدەنىي دۇنيادىن ئۆز سىمايىڭىزنى كۆرەلمەي تەشۋىش - تەئەججۇپلەرگە پاتقان بولسىڭىزمۇ سىزنى دائىما زەرەتلەپ تۇرۇۋاتقان يات ئېنېرگىيە ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. سىزنىڭ تارىخ، پەلسەپەۋە ئەمەلىي قوللىنىۋاتقان تەبىئىي - ئىجتىمائىي پەنلەردىن بىلىمىڭىز بار. ئەمما ئاشۇ بىلىملىرىڭىزنى خەلقىڭىزگە، بولۇپمۇ دېھقان قېرىنداشلىرىڭىزغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت مەپكۇرە ۋە ئېتىقاد يوق. يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر دوكتورلىرى» سەرلەۋھىلىك بىر كىتاب نەشر قىلغاندى. مەن كىتابنى تولۇق كۆرۈپ چىقتىم. كىتابتا تەرجىمھالى تونۇشتۇرۇلغان دوكتور ۋە دوكتورئاشتىلارنىڭ ھەقىقەتەن كاتتا ئىجتىھاتلارنى كۆرسىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇنۋان-شەرەپلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىدىن قايىللىقنى قوزغايدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن شۇنداقلا يېڭى، ئۈتكۈر پەن-تېخنىكا ئۇتۇقلىرى بويىچە ياقلىغان دىسسېرتاتسىيىلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىپ، ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىشتەك بۈرچ تۇيغۇسى بىلەن ئىلگىرىلىشى ھەقىقەتەن بارلىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئېسىل خىسلەت. ئەمما ئەپسۇس، دوكتور بولۇش بولىمەن دەپلا بولۇۋالىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ پۇرسەت خىرىسى، بىلىم خىرىسى، پۇل خىرىسى ئارىسىدا ئېزىلىپ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەندە ئېرىشىدىغان تولىمۇ جاپالىق نېسىۋىدۇر. شۇڭلاشقا دوكتورلۇقتىن ئىبارەت بۇ ھاياجانلىق ئۇنۋان بىزگە تولىمۇ ئاز نېسىپ بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى دوكتورلۇققا تولىمۇ مۇناسىپ چىۋەر - زېرەك پەرزەنتلەر پۇلسىزلىق ۋە سالاھىيەتسىزلىك سەۋەبلىك بۇ ئېتى ئۇلۇغ ئۇنۋاننىڭ يىراق سىرتىدا قېلىۋاتىدۇ. خەيرىيەت بۇ بىر تەرىپى؛ يەنە بىر تەرىپى بولسا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر دوكتورلىرى بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى چۈشىنىش مەسىلىسى. دېھقانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە دوكتور بىلەن دوختۇر ئاتالغۇسى پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. پەرقلەندۈرۈشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوقتەك. بىر بولسا دوكتورلار ئارتىستەك ياكى كادىردەك ۋەياكى مۇخبىردەك ئانچە-مۇنچە تېلېۋىزورغا چىقىپ قويىدىغان كىشىلەر دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارچە بولغاندا دوكتور، دوختۇر، مۇخبىر، دىكتور، دىرېكتور دېگەنلەر ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەر. ئۇلار بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بەرىبىر ئېشەك ھارۋىسى بىلەن كەتمىنىگە تايىنىپ تىرىكچىلىكىنى قىلىۋېرىدىغان، ئۇزۇندىن بۇيان شۇنداق بوپكەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدىغاندەك، دوكتور دېگەندەكلەرنىڭ چىقىشى سەۋەبلىك ئېشەك ھارۋىسى ماشىنىغا ئۆزگىرىپ قالمايدىغاندەك چۈشەنچىدە ياشايدۇ. ئەمدى دوكتورلار نەزىرىدىكى دېھقانلارچۇ؟ بەزى دوكتورلارنىڭ چۈشەنچىسىدە دېھقانلار تولىمۇ نادان، كەمبەغەل، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىلمەيدىغان، ئىچ ئاغرىتىشقا تېگىشلىك كىشىلەر دەپ قارىلىدۇ. دېھقانلار بىلەن دوكتورلار ئارىسىدىكى بۇ خىل يۈزە چۈشەنچىلەر بۇ ئىككى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەدەنىيەت قۇتۇپىغا سەير قىلىدىغان خاراكتېرىنى بەلگىلەپ قويغان. ئارىمىزدىن چىققان سەرخىللار ۋە بارلىق دوكتورلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان زىيالىي قېرىنداشلىرىمىز ئېتنىك گۇرۇپپىمىزدا كەڭ مەدەنىيەت بەلبېغى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما ئۇلار قەدىمىي ئەنئەنىلەرنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى بولغان دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئورنىنى سەل چاغلاپ، ئۇلارغا بولغان ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا مەنپىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆز بىلىملىرىنى ئۇلارغا مەبلەغ قىلىپ سېلىشنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىدۇ. دوكتورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيالىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدە بىلىم ۋە ئۇنۋاننى چەت ئەللەردە ئالغانلارمۇ، ۋەتەندە ئالغانلارمۇ بار؛ چەت ئەللەردە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقانلارمۇ بار؛ ۋەتەندە ئوقۇپ چەت ئەللەرگە كەتكەنلەرمۇ بار. مەيلى قايەردە بولۇڭ، ئوقۇغان بىلىمىڭىزگە تايىنىپ مەلۇم بىر كەسىپ ياكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزمۇ مۇمكىن؛ خۇسۇسەن مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئەمما سىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە، سىزنىڭ قايەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزدە. يېقىندا مەن ھەممىدىن خەۋەردار بىر ئەرباپتىن ئاڭلىشىمچە، تەرەققىي قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئەللەردە خىزمەت ئىزدەپ ئىدارىمۇ ئىدارە، شىركەتمۇ شىركەت قاتراپ يۈرگەن دوكتور ۋە دوكتور ئاشتىلار كۆرمىگەنمىش. ئويلاپ باقسام بۇ پاراڭمۇ توغرىدەك قىلىدۇ. ئۇ تەرەپلەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىقتىدارى - قابىلىيىتى

بولغاچقا جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى تويۇنۇپ قېلىپ، ئىشسىز ئىختىساسلىقلار كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇ ئەللەردە بىلىمدە، ئىقتىسادتا ئۇزۇپ چىقىشمۇ بەسىي مۇشكۇل. بازارلار ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ كاپىتالمۇ بىر ئىزىغا چۈشۈپ بولغان بولغاچقا مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى بىر پىرسەنتتىكىمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن. شۇنداق بولغانىكەن، سىز چەتئەللەردە ئوقۇپ ئىختىساس ئىگىسى بولغان بولسىڭىز دەرھال ۋەتەنگە قايتىڭ. ناۋادا ۋەتەندە ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولغان بولسىڭىز چەت ئەل چۈشىنى كۆپ كۆرمەي ۋەتەندە قېلىپ ئىگىلىك تىكلەڭ. چۈنكى بۇ جايدا تېخى ئېچىلمىغان بازىرىڭىز بار. كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان پارلاق مەدەنىيىتىڭىز بار. مۇھىمى، سىزگە ئەڭ ئېھتىياجلىق خەلقىڭىز بار. مۇشۇلار سىزنىڭ بايلىقىڭىز ۋە بارلىقىڭىز. ئۇلارنىڭ قوينىغا كىرىپ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولسىڭىز، ئۆگەنگەن تېخنىكىلىرىڭىزنى شۇلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىغا، تۇرلۇك باقمىچىلىق ئىشلىرىغا، قىسقىسى ۋەتەننى قايتا قۇرۇشقا مەبلەغ قىلىپ سالسىڭىز چوقۇم سىزمۇ باي بولىسىز. ئۇلارمۇ سىزدىن تېخنىكىۋى نەپكە ئېرىشىدۇ. بۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن دېيىش ئاسان، ئەمەلدە قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن. بىزدە قىلىمەن دېگەن يۈكسەك ئىرادە بولسىلا چوقۇم قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگو ئەزەلدىن ئېتىبار بېرىشكە، غەمخورلۇق قىلىشقا ئادەتلەنگەن دۆلەت. بىز بۇ ئىشنى قىلىشتا يۈكسەك ئىرادىمىزگە، دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىگە ۋە قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىمىزگە تايىنىپ قىلىمىز. سىز چەت ئەللەردە باي بولۇپ مىلياردېرغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ سىز ئۇ جايغا بەرىبىر مۇھاجىر – ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا ھېسابلىنىسىز. بايلىقىڭىز ۋە پۇللىرىڭىز ياتلارنىڭ بانكىسىدا ياتلارغا ئوبوروت قىلىنىدۇ. بىر دوللار پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قىزىرىپ پىشقان ئونقاشتەك گىردىدىن بىرنى پەرىشتىدەك ئۇيغۇر ناۋايدىن سېتىۋالالمايسىز. سېرىق چاچ، كۆك كۆز پىركازچىك قىزنىڭ قولىدىن ھامبورگ بولكىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئېچىڭىز ئاچچىق بولغان ھالدا قايتىسىز. دېمەك سىزنىڭ پۇلىڭىز ئۆز خەلقىڭىز ئۈچۈن خەجلەنمىدى دېگەن گەپ. ئۆز ۋەتىنىڭىزدە بېيىسىڭىز ناھايىتى يىلتىزلىق بېيىسىز. خەجلىگەن پۇلىڭىز خەلقىڭىزنىڭ يانچۇقىغا كىرىدۇ. بۇجايدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز، قەۋم-قېرىنداشلىرىڭىز بار. سىز بۇجاينىڭ قانۇنلۇق پۇقراسى. يېنىڭىزدا سالاھىيىتىڭىز ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈلگەن قانۇنلۇق كىملىكىڭىز بار. دېمەك سىز بۇجايدا پادىشاھتەك پۇقرا. بۇجايدا قەدكۆتۈرۈپ خەلقىڭىز ئىشلەپچىقارغان خام مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ داڭلىق خەلقئارالىق ماركىلارنى بەرپا قىلىپ، دۇنيا بازىرىدا خاس مەھسۇلاتلىرىڭىزغا ئورۇن تېپىپ، خەلقىڭىزنى دوللار خەجلەيدىغان قىلالىسىڭىز خەلق سىزگە زىيالىيلىق تونىنى ھامان ئۆز قولى بىلەن كىيگۈزىدۇ. بۇ دەل بىز دەۋاتقان زىيالىيلىق مەقامىدۇر.

دېھقاندىن زىيالىي چىقامدۇ؟ زىيالىيلىق چوقۇم ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلامدۇ؟ بۇ ناتايىن. مېنىڭچە، دىپلوم بىلەن ئۇنۋان ئىنسان كامالىتىنىڭ خاس بەلگىسى بولماسلىقى مۇمكىن. زىيالىيلىقنى مەردلىك ۋە سېخىيلىقتىن، باتۇرلۇق ۋە شىجائەتتىن، تەبىئىي چەكسىزلىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىلىم سۆيەرلىكتىن ئىزدەش ئاقىلانىلىقتۇر. زىيالىيلىق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئادىمىيلىكنىڭ خاس ئىپادىسىدۇر.

دېھقان ئۈچۈن تەبىئەت ئەڭ سۆيۈملۈك بارلىق. ئۇلار كەڭ تەبىئەتنى پەرۋىش قىلىدۇ. تېرىغان ھەربىر توپ مايسىنىڭ يېنىدا پەرۋانە بولۇپ تاكى ئۇنى يىغقانغا قەدەر ئۇنىڭ يېنىغا نەچچە يۈز قېتىم بارىدۇ. تەبىئەتنىڭ ھەربىر مەۋجۇداتى دېھقاننىڭ چەكسىز مېھرى-شەپقىتىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. سىز بىر زىيالىي، ھەربىر لوقما تائامنى ئاغزىڭىزغا ئالغان چېغىڭىزدا دېھقاننى ئەسلەڭ. بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئېسىل خىسلەتلەردىن تەلىم ئېلىڭ. ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ كۆرسىڭىز زىيالىيلىق مەقامىغا يەتكەن تالاي دېھقانلارنى ئۇچرىتىسىز. ئۇلاردىن دۇنيانىڭ يەنە بىر قۇتۇپىنى كۆرىسىز. ئەزىز ئانا تىلىڭىزدا، ئەڭ قەدىمىي شېۋىلەردە ئەخلاق ۋە ئادىمىيلىككە دائىر پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرگە باي پەند-نەسىھەتلەرنى ئاڭلايسىز. شۇندىلا سىز ئۇنۋان-تەمىنات ھەلەكچىلىكىدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن تالاي ئۆمرىڭىزگە ئېچىنىسىز. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى، ساقال-بۇرۇتلىرى، ئېسىۋالغان پىچاق-مىسۋاكلىرى، ئوقۇۋاتقان تېرە مۇقاۋىلىق، سېرىق ۋاراقلىق كىتابلىرى سىزگە بىر ئۆمۈر يېزىپ تۈگىتەلمىگۈدەك دىسسېرتاتسىيە ماتېرىيالى بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سىزگە ئاددىي كۆرۈنۈۋاتقان نەرسىلەر سىز قازغانسېرى تۈگىمەيدىغان جاۋاھىر كانىدەك قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك نەرسىلەردۇر.

سىز مەنپىي كۆز بىلەن كۆزىتىۋاتقان ئاشۇ دېھقانلارنىڭ ئىچىدە قولى پۇلغا، قەلبى ھەقىقەتكە تولغان سېخىي ئوغلانلارمۇ بار. نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر، كېرەم ئىمىن، مەرھۇم مامۇتجان داۋۇت، موللا ھاجى سىددىق، ئەسقەر ھاجى ئابدۇللا، ئىبراھىم مۇسا، غېنىھاجى ئىمىن، ئىسمائىل قۇربان قاتارلىق مۆتىۋەرلەر دېھقان قېرىنداشلىرىمىزلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ مائارىپىغا، يېتىم – يېتىمەلىرىگە، ئەدەبىياتىغا، ئىلىم-ھۈنەرلىرىگە، مىللىي ئىگىلىك ۋە سانائەت تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ دەۋر مەشئىلىنى كۆتۈرۈۋاتقانلاردۇر. مانا بۇلار دېھقان زىيالىيلاردۇر. بۇلار دىپلوم ۋە ئۇنۋان زىيالىيلىرىغا قارىغاندا تەبىئەتكە يېقىن، ئۆز خەلقى ئىچىگە يىلتىز تارتىۋاتقان ھەقىقىي زىيالىيلىق مەقامىدىكى مۆرۈۋۋەتلىك كىشىلەردۇر.

مەن بۇيەردە يەنە شۇنى ئېيتايكى، دۇنيادا ھەرگىزمۇ يىلتىزسىز دەرەخ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە سىزنىڭ يىلتىزىڭىز دېھقانلاردۇر. يىلتىزى چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم دەرەخ كۈنسېرى باراقسانلىشىپ ئېگىز

www.uyghurkitap.com

ئۆسكىنىگە ئوخشاش ،دېھقانلار باي ۋە پاراۋان بولسا سىزنىڭ تېخىمۇ ئېگىزلەپ ئۆسۈشىڭىزگە پايدىلىق. دادىسى باي بولسا ئەلۋەتتە بالىسىنىڭ كېيى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا دېھقان سىزنىڭ دادىڭىز ياكى بوۋىڭىز .دېھقاننىڭ نېنى سىزنىڭ نېنىڭىز ، پۇلى سىزنىڭ پۇلىڭىز . سىز دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر مەمۇر ، شۇنداقلا بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلغاندا» دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىڭىز كېرەك .چۈنكى« ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» پرىنسىپىنىڭ جەۋھەر قىسمى دېھقانلار مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشتۇر. مەركەز دېھقانلارنى بېيىتىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، سىز كەڭ قورساقلىق بىلەن دادىل ئىش كۆرۈپ، مەۋقەنى ئۆز يېرىڭىز ۋە دېھقانلارغا قارىتىپ، ھەرخىل ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق ئۇلارنى نەپكە ئىگە قىلىشىڭىز كېرەك . دېھقاننىڭ مېھنىتى تولىمۇ ھالال مېھنەتتۇر .ئاشۇ ھالال مېھنەت ئۈچۈن كەڭ يول ھازىرلاش ۋە تۈرلۈك توسالغۇلارنى ئېچىۋېتىش ھەربىر ئاساسي قاتلام دۆلەت مەمۇرىنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىدۇر .

ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ئېھتىياجى نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا غەيرىي كەسپىتىكى ھەرقانداق كىشى دېھقانغا تەڭ بولالماسلىقى مۇمكىن. سىز ئەقلىي ئەمگەك قىلىۋاتقان ئالىم زىيالىي بولۇڭ ياكى مەمۇرىيەت خادىمى بولۇپ ئىشلەڭ ، سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىز دېھقان مېھنىتىدىن كەلگەن بىر لوقما ھالال تائامغا تەڭ ئەمەس .توغرا ، ئەلۋەتتە سىزمۇ رىيازەت چەكتىڭىز ، تالاي غەيرىي جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلدىڭىز . يېزىق ئۈستىلىدە ، كومپيۇتېرئالدىدا ، تەجرىبىخانىدا تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدىڭىز .كاللىڭىز ، كومپيۇتېرىڭىز ، قەغەزلىرىڭىز تۈمەنلىگەن راست-يالغان سىفىرلار بىلەن تولۇپ كەتتى . چارچىدىڭىز ،شۇ ئەسنادا قورسىقىڭىزنىڭ ئاچقىنىنى ھېس قىلدىڭىز-دە ، ئاشخانىغا كىرىپ ئىشتىھا بىلەن غىزالاندىڭىز . تەبىئىيكى ، قورساق ئاچقاندا قەلەمنى ، قەغەزنى ، كومپيۇتېرنى ياكى يېزىق ئۈستىلىنى يېگىلى بولمىدى . دېھقاننىڭ مېھنىتىنى يېدىڭىز . ئىنساننىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىدا دېھقان ئىشلەپچىقارغان ئاشۇ بىر بۇردا نان ناھايىتى ئۇلۇغ بىر نېمەتتۇر .

خوش ، ئۇنداقتا ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە جانغا ئەسقاتىدىغان ئاشۇ دېھقان نېمە ئۈچۈن قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يولى قاشالاندى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ دىلى ئازار يېدى؟نېمە ئۈچۈن بىزدە ھەر كۈنى بىر مىلياردتىن ئارتۇق كىشىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كېلىۋاتقان دېھقان ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرسە پۇلى ، ھوقۇقى يوقلۇقى سەۋەبلىك سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمىدى؟بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا : بۇ ھەرساھە زىيالىيلىرىنىڭ دېھقانلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇچىغا چىققان تۇزكورلۇقىدىن بولغان. ئەسلى ھەرقانداق ئاممىۋى سورۇندا دېھقانلارنى ئۆچرەتنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىدى . «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ» قېلىۋاتقان ئاشۇ زىيالىيلار زادى كىمنىڭ پۇشتى؟ «شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، زىيالىيلارنىڭ نەسەب يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرسەك ئەلۋەتتە دېھقاننىڭ پۇشتى بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان مائاشىنىڭ ئۈستىگە ،شەھەرنىڭ كىندىكىگە تۇغۇلغان ئەمەس ،كۆپىنچىسىنى جاپاكەش ،مەزلۇمە ئانىلار بىپايان ئەمما مۇڭلۇق تەكلىماكان - دولان سەھرالىرىدا ،تارىم ۋادىسىدا ،ئېلى بوستانلىقلىرىدا جاپا-مۇشەققەتلىك تەبىئەت قوينىغا تەۋەللۇت قىلغانىدى . ئۇلار ئاشۇ سەھرالاردا پادا بېقىپ ، ئوتۇن تېرىپ چوڭ بولغان ، مولللاردا ۋە سەھرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغانلار ئىدى . ئۇلار كېيىنچە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئاشۇ دېھقان ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ياردىمىدە تىرىشىپ ئوقۇپ ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئايلاندى . شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشتى . مۇشۇ زىيالىيلار دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ، ھەرقايسى ساھەلىرىدە خىزمەتلەر قىلىۋاتىدۇ ، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ،كىتابلار يېزىۋاتىدۇ ۋە مەمۇريي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ» («مەدەنىيەت ئۇدۇمچانلىقى ۋە مەتبۇئات كاساتچىلىقى»دېگەن ماقالەمدىن . «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 3-سان) .ۋەھالەنكى ، دېھقان پۇشتى بولغان ئاشۇ زىيالىيلاردا نېمە ئۈچۈن دېھقانلارغا بولغان ئۇتلۇق مۇھەببەت كەمچىل .كېسىپ ئېيتىش كېرەككى ،بۇ تۇزكورلۇقتۇر .


---

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا خۇسۇسىي چىش دوختۇرى(M1)

بوستان 2004 - يىل 20 - ئاپرېلدا تىزىشقا يوللاندى، 1-ئىيولدا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رەسسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت

# پەرزەنت تەربىيىسى ۋە بىز

ـ دۇنيا مائارىپ تارىخىدىكى شۆھرەتلىك
كىتاب «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى :
كارل ۋىتېرنىڭ تالانتلىق پەرزەنت
تەربىيىلىشى »دىن تەسىرات



**يۇسۇپجان سەمەت**

4504تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز-ئوغۇل ،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول .
ـ يۇسۇپ خاس ھاجىپ

قايىسدۇر بىر ژۇرنالدىن لېئونارد و داۋىنچى (Leonardo Davinci) ھەققىدىكى بىر ماقالىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە . ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ : داۋىنچى ئۆزىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» (« The Last Supper») ناملىق مەشھۇر رەسىمنى سىزىپ كېلىپ ، دەل ئىككى مۇھىم پېرسوناژ ـ ئېيسا (ئەلەيھىسسالام) بىلەن خائىن يەھۇدا (يەھۇدا ـ ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەينى چاغدىكى زالىم ھۆكۈمرانغا سانقان خائىن) نىڭ پروتوتىپىنى سىزىشتا بىر ئاز ئوڭۇشسىز قالىدۇ . ئېيسانى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن پۈتكۈل گۈزەللىك ، پەزىلەت ،ئادىمىيلىكنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن بىر تىپ تېپىشقا توغرا كېلىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ . ئۇ ئىزدەپتۇ ، ئىزدەپتۇ . ھېچبىر بۇ بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ ئوبرازىغا تەڭداش بىرەر ئوبرازنى تاپالماپتۇ . نىھايەت قارىغۇدەك بولسا ،

**سادا**

كوچىدا بىر پاك ، سەبىي ،ئوماق بالا ئويناۋاتقانىكەن . ئۇ ئويلاپتۇ :توغرا ، دۇنيادا نەدىمۇ سەبىي بالىدىن پاك ئىنسان تېپىلسۇن ؟ ! بۇ بالا ئېيسا ئوبرازىنى يارىتىشقا ئەڭ لايىق ! ئۇ ، بۇ بالىنى ئۆزى رەسىم سىزىۋاتقان ئىبادەتخانىغا ئەكەپتۇ ۋە ئۇنىڭ پروتوتىپىغا ئاساسەن ئېيسا ئوبرازىنى يارىتىپتۇ (بەلكىم بۇ ، چېركاۋلاردىكى رەسىملەر ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى ئوبرازى ئەمەسلىكىگە ئىشارە بولسا كېرەك ) .بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەسىلە ئاسان بولماپتۇ . چۈنكى ئېيسا ئوبرازى پۈتكىنى بىلەن ئىنسانىيەت خائىنلىرىنىڭ سىمۋولى ـ يەھۇدانىڭ ئوبرازىنى يارىتىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن .بارچە رەزىللىك ، ئىپلاسلىق ،خائىنلىق ، ناجىنسلىق بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن ئوبرازنى تېپىش قانداقمۇ ئاسان بولسۇن ؟ ! داۋىنچى بۇ قېتىم سەل ئاۋارىچىلىققا دۇچ كەپتۇ .شۇ ئوبرازنى ئىزدەپ بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئىزدەپ-ئىزدەپ ئاخىر بىر بۇلۇڭدا ئۆز قۇسۇقىغا مىلىنىپ ياتقان بىر بەتبەشىرە ھاراقكەشكە كۆزى چۈشۈپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ،ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنسانىي ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغاندەك .ئۇ بۇ ھاراقكەشنى ھېلىقى ئىبادەتخانىغا ئەكەپتۇ .ئەمدى يەھۇدانىڭ ئوبرازىنى سىزىشقا تۇتۇش قىلاي دەپ تۇرغىنىدا ،تۇيۇقسىز ھېلىقى ھاراقكەش ھەيرانلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپتۇ :

ـ سەن مېنى بىر نەچچە يىل ئاۋۋال بۇ يەرگە رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئەكەلگەنىدىڭغۇ ؟ !

www.uyghurkitap.com

كىشىلىك ھاياتتا بىر كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل بار . ئۇ بولسىمۇ ئىچكى ـ سۇبيېكتىپ ئامىل ۋە تاشقى ـ ئوبيېكتىپ ئامىلدۇر .ئىچكى ـ سۇبيېكتىپ ئامىل ئالدىنقى مۇھىم ئامىل بولسىمۇ ، تاشقى رېئاللىقتىن ئۆز ئوبيېكتىنى تېپىش خاراكتېرى بىلەن مەلۇم ئىپلاستىكىلىقتا ئىگە بولىدۇ . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ،تاشقى ئامىل مەلۇم جەھەتتىن ئىنسان سۇبيېكتىنى بەلگىلەپ قويىدۇ . ئىنسان سۇبيېكتى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بىلەن ئىنسان سۇبيېكتچانلىقىنى جۇلالاندۇرىدۇ ياكى خىرەلەشتۈرىدۇ .دېمەك ، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سەل قاراپ بولمىغاندەكلا ،ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى ھاسىلاتلارغىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت ئېتىبارىمىزنى بېرىشىمىز كېرەك .

ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە ،ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچ تاشقى مۇھىم ئامىل بار . ئۇ بولسىمۇ ئائىلە ، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتۇر . ئەلۋەتتە ، بۇلارنىڭ كونكرېت تەسىر كۆرسىتىشى شۇ ئىنساننىڭ قايسى خىل مۇھىتتا كۆپ ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئومۇمىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ،بىر كىشىگە ھەقىقىي تەسىر كۆرسەتكىنى مەكتەپ ۋە جەمئىيەت بولماستىن ، دەل ئائىلىدۇر . ئۇزۇن مەزگىل بىر خىل مۇھىتتا ياشاش جەريانىدا ئائىلە ئەھلىلىرىنىڭ چىراي-شەكلى ،خاراكتېر-مىجەزى ، گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلارنىڭ ماددىيىتىگە ئوخشاش ئېرسىي گېن يوشۇرۇنغان بولىدۇ . بىز ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا ئائىلە ئېڭىمىز بەك ئۈستۈن . شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ مۇھىمدۇر . ئائىلە تەربىيىسى باللار تەربىيىسىدىكى ھەل قىلغۇچ تەربىيە بولۇپ ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ ئۇتۇقلۇق ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولۇشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ .پەرزەنت تەربىيىسىدە ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنى ئائىلە تەربىيىسى دەپ ئاتىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ .

ئائىلە مەۋجۇدلۇقىنىڭ يىلتىزى بولۇپ ، ئۇ بىر كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەتتۇر . ھەرقانداق جەمئىيەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر تەشكىلىي ۋۇجۇدتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، جەمئىيەت ئائىلىلەر تۈپىدۇر . شۇنداق بولغانىكەن ، بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئەسلىھەلەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەكلا ، ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر .

ئۇنداقتا بىز ئۇيغۇرلار ئائىلە تەربىيىسىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىمىز ؟ ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك كۆيىنىدۇ ؟

ئەتراپىمىغا قاراپ ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ راستىنلا چېكىنىش باسقۇچىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز «يۈرەك پارە»لىرىگە كېيىم-كېچەكلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم (گەرچە بۇ مەسىلە مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ، دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك ) .ئۆز پەرزەنتلىرىگە قارىمىغان ئاشۇ ئاتا-ئانىلارنى قانداقمۇ ئاتا-ئانا دېگىلى بولسۇن ؟ ! . . . بىزدىكى ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ھەل قىلغۇچ پەيتلەرنى تەربىيىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ ، كېيىن پۇشايمان يەيدۇ . بۇ خىل تەتۈرلۈكنىڭ زىيىنىنى كېيىن ھېس قىلىشىپ ، ئۆزلىرىنىڭ «ئۇششاق» مەسىلىلەردە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ، ئاشۇ «ئەرزىمەس» ، «توخۇ تۈكى ، پىياز پوستى» ئىشلارنىڭمۇ ھەقىقەتەن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشىدۇ . بەزى ئاتا-ئانىلار مەسىلىنى پەقەت ئۆزىدىن سۈرۈشتە قىلماي ، بار مەسئۇلىيەتنى بالىغا ئىتتىرىپ قويۇپ بولدى قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆز پەرزەنتلىرى شۇنچىلىك «دۆت» ئىدىكى ، ئۇلارنى تەربىيىلەش ، گەپ ئاڭلىتىش مۇمكىن ئەمەس ! مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن . تېلېۋىزورلاردىن كىشىلەرنىڭ ئىت-مۈشۈك ، ئېيىق-مايمۇنلارنى «تەربىيىلەپ» ئاجايىپ «ماھارەتلىك» قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز . ئەجىبا ، ئاشۇ ئىنسان باللىرى ئاشۇلارنىڭ ئۇندىن بىرچىلىك تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشسە ،راستتىنلا تەربىيىلىنەلمەسمۇ ؟ ! ھەر بىر ئىنساندا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىقتىدار يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ . ئەمما ئاشۇنى پەرۋىش قىلىدىغان سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئامىللار بولمىغان ـ دە ، ئۇ كۆمۈلۈپ قالغان ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان . ئەتراپىمىزدا بىز دائىم يولۇقۇپ تۇرۇدىغان مانا بۇخىل ئەھۋاللار راستتىنلا كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ .بىزدە «ھەربىر ئادەم ئاق كۆڭۈل تۇغۇلىدۇ» دېگەن گەپ بار . ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تەربىيىلەپ چىققان بەزى باللىرىمىز ئوغرى-يانچۇقچى ،بۇلاڭچى . . . بولۇپ چىقىدۇ . بۇلاردا ئاتا-ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەتلا يوقمۇ ؟ ! ياق ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بار .مېنىڭچە ، باللارنىڭ ، ئەۋلادلارنىڭ يارامسىز ،ئەخلاقسىز بوپقېلىشىغا ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانىسى سەۋەبچى بولىدۇ .

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆز باللىرىنى بالا باققۇچىغا ،يەسلىگە ، ئاندىن مەكتەپكە «تاشلاپ»قويىدۇ . ھەتتا ئۆز باللىرىنى ئېمىتمەي ، كالا سۈتى بېرىپ چوڭ قىلىدۇ .گەرچە ،مەلۇم سەۋەبلەر زۆرۈرىيەت (ياشاش ئېھتىياجى )يۈزىسىدىن بولسىمۇ ، ئەمما باللارغا بوش ۋاقىتلاردا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارماسلىق ھەرگىزمۇ زۆرۈرىيەت ئەمەس ! نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئويۇن-تاماشا ،ئەيش-ئىشرەتكە ۋاقتى يېتىسىمۇ ، ئۆز پەرزەنتىنى تەربىيىلەشكە «ۋاقتى يەتمەيدۇ» .مەن تېخى بىرەر ئاتا-ئانىنىڭ باللىرىغا خۇددى لوقمان ھەكىمدەك پەند-نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتمىدىم . بىزدىكى ئاتا-ئانىلار دائىم تەربىيىنى كېچىكتۈرۈپ قىلىدۇ . خاتالىق ،مەسىلە يۈز بەرگەندىن كېيىن تۈزىتىدۇ . خاتالىق يۈزبەرگەنىكەن ،ئۇنىڭ تۈزىلىش ۋە تۈزەلمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى بولىدۇ ،خۇددى يىپنىڭ ئىككى ئۇچى بولغىنىدەكلا . دېمەكبۇ خىل ئۇسۇلدا ئاتا-ئانىلار تولىمۇ كېچىككەن بولىدۇ .

بۈگۈنكى كۈندە «پەرزەنت تەربىيىسى» ئاللىبۇرۇن باشقىلاردابىر «پەن»سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنماقتا . مەكتەپلەردە مۇھىم بىر دەرسلىك سۈپىتىدە ئۆتۈلمەكتە . ياپونلار پەرزەنت تەربىيىسىنى دۆلەت گۈللىنىشىنىڭ يىلتىزى ـ نېگىزى دەپ قارىسا ، يەھۇدىيلار پەرزەنت تەربىيىسى مىللىي

مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ (بۇيەردە پەقەت پەرزەنت تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسىلىسىلا نەزەرگە ئېلىندى. بىزنىڭ ئۇلاردەك تەربىيىلەش تەشەببۇسىمىز يوق). ئەرەبلەر ئاللىبۇرۇن «ئىسلام پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ، دەرس مۇنبەرلىرىدە لېكسىيە قىلسا، گېرمانلار 1818-يىلى يېزىلغان «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى: كارل ۋېتېرنىڭ تالانتلىق پەرزەنت تەربىيىلىشى» ناملىق كىتابنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشمىدى، بەلكى ھازىرمۇ بۇ كىتابقا يۇكسەك ئېتىبار بىلەن قارىماقتا. بىزدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى «پەرزەنت تەربىيىسى» توغرىسىدا كىتابلار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ قانچىلىك ئەمەلىي ئۈنۈمى بولدى، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. شۇندىمۇ، ئەتراپىمىزدا پەرزەنت تەربىيىسى سۇس كەيپىياتتا تۇرماقتا. گاھى پۇرسەت بولمىسا، گاھى تەربىيىلەش روھى بولمايۋاتىدۇ. ئاقىۋەت، باللار تەربىيىسىز قېلىپ، بىر توپ يارامسىزلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ، خالاس!

ئۇنداقتا ئائىلە تەربىيىسىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

بىزدە «ئەۋلادلارنى يىلىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەش كېرەك» (ئابلىز ئۆمەر ھاجى: «مەن بويلىغان قىرغاقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 1-سان) دېگەن ئۇدۇم تارىختىن بۇيان يادلىنىپ كەلمەكتە. پەرزەنت تەربىيىسىدە تەربىيىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئېلىپ بارماق زۆرۈر. كىچىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق تەربىيە ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. باللارغا تەسىر قىلغان ھەربىر شەيئى ئۇلارغا ئىنتايىن ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا تۇنجى تەسىر قىلىدىغىنىمۇ ئاتا-ئانا بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتا-ئانىلار بالا تۇغۇلۇشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىدە بەلگىلىك ساپا ھازىرلىشى كېرەك. كىچىك باللارنى بىر ۋاراق ئاق قەغەز دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئاتا-ئانىلار شۇ قەغەزگە خەت يازغۇچىلاردۇر. بۇنى ئەۋلادلار ئۆمۈر بويى قىبلىنامە قىلىپ ھايات مۇساپىسىنى ئۆلچەيدۇ. كىچىكلىكتە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىر تەربىيە، ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان ھەربىر ئىش ئەۋلادلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ خېمىر تۇرۇچى بوپقالىدۇ. بىزدىكى «كىچىكلىكتە ئۆگىنىش تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك ...» چوڭ بولغاندا ئۆگىنىش قومغا مۆھۆر باسقاندەك» دېگەن تەمسىلمۇ دەل مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەڭ دەسلەپكى پەرزەنت تەربىيىسىگە سەل قاراپ بولماسكى، بۇ خىل تەربىيە بالىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى ۋېتېر ئەپەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىدۇ: «مۇۋاپىق دەسلەپكى تەربىيە باللارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۇرۇشتە كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە رول ئوينايدۇ» (كارل ۋېتېر: «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 16-بەت).

بىزدە پەرزەنت تەربىيىسىنى دەسلەپكى چاغدىن باشلاپلا ئېلىپ بارىدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئاتا-ئانىلار: بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ۋەزىپە ئۇنىڭ ساغلاملىقى دەپلا قاراپ، ئۇنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىگە، ساغلاملىقى، تاماق يېيىشىگە جاننى پىدا قىلىدۇيۇ، تەربىيە قىلىشنى ئانچە ئويلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدە بالدۇر تەربىيىلەش سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن قاراش ھۆكۈم سۈرگەچكە، باللارنى يەتتە-سەككىز ياشلاردا تەربىيىلەش ئاساسىي تەربىيە ئۇسۇلى بوپقالغان. بۇ بىر كېچىككىش بولۇپلا قالماستىن، ئاتا-ئانىلار بۇ سەۋەنلىكى تۈپەيلى باللارنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە قابىلىيىتىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بالدۇر ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن قاراشمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بالىنى قانچىكى بالدۇر تەربىيىلىسە، ئۇنىڭغا قانچىكى بالدۇر تەسىر كۆرسەتسە بۇنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ ياخشىدۇر.

مېڭىنى بىر قورۇما ئۇسۇدىغان قاچا دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئاتا-ئانىلار دەل قورۇما ئۇسقۇچىلاردۇر.

دەسلەپكى تەربىيىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى دەل تىل تەربىيىسىدۇر. باللارنىڭ ئۈچ ياشقىچە بولغان ۋاقتى تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدۇر. ئەگەر بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلمىسا ياكى ئىمكانىيەت بولمىسا ئۇ مەڭگۈ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ. خۇددى «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش ياخشى» بولغىنىدەك، تەربىيىنىڭمۇ ئۆز باسقۇچلىرى، ئۇسۇللىرى بولىدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىكەن، تەربىيە يەنىلا نەتىجىسىز بوپقالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بۇ مەزگىلدە كۆپرەك ئانا تىلنى ئۆگىتىشى، شىۋىدە ئەمەس، ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۆزلۈك بايلىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك، تەپەككۇرنىڭمۇ يىلتىزى بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ تەپەككۇر يىلتىزى شۇ كىشىنىڭ تىل تۇپرىقىغا كۆمۈلگەن بولىدۇ. بىلىشنىڭ - ئىلمىي تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاچقۇچى دەل ئۆز تىلىدا پۇختا بولۇش - بولماسلىق بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى كىتاب مۇئەللىپىمۇ: «باللارغا تىل تەربىيىسىنى بالدۇر ئېلىپ بېرىش ئاچقۇچ» (يۇقىرىقى كىتاب - «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى»، 56-بەت) دەپ قارايدۇ. غەززالىينىڭ قارىشىچە بولغاندا: «مەلۇم بىر ئىلىمنى ئۆگىنىپ ۋايىغا يەتكۈزۈۋېتىش كېرەك، چۈنكى ئىلىملەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈشچانلىققا ئىگە». بوۋا - مومىلىرىمىزنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا ئاجايىپ گۈزەل چۆچەك-ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىشىمۇ نوقۇل تەپەككۇر - تەسەۋۋۇرىمىزنى كېڭەيتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاجايىپ تىل دەرسىدۇر. مانا بۇ دەرس بىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىمىزدىكى نۇتۇق (سۆز) لىرىمىزنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپكەتكەن. بۈگۈنكى سۆزمەنلىكىمىز دەل ئاشۇ چۆچەكلەرنىڭ تەسىر ئىپادىسىدۇر. تىل تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى باللارنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىغىمۇ ئۈنۈملۈك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسىدۇر. ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپلا ئاجايىپ بىلىملىك ۋە قابىلىيەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كاتتا ئەخلاق ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيەت گۈزەللىكىگە نەقەدەر ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسى، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئادىمىيلىك تەربىيىسىدۇر. بۇ خىل

تەربىيىدە ئاتا-ئانىلار ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. بۇرۇندىن تارتىپلا ئەمەلىيەت ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرس بولغان. بۇخىل تەربىيە ئەۋلادلارنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى شەكىللەندۇرۇپلا قالماي، ئۇلارغا بەختنىڭ، لەززەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي بەختنىڭ مەنىۋىيەتتىن ۋە گۈزەل مەنىۋىيەت كونتروللۇقىدىكى ماددىيەتتىن كېلىدىغانلىقىنى چوقۇم ھېس قىلىشىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيىدە سىرتقى قىياپەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى قۇرۇق قالدۇرۇدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل ئاچارچىلىق بالىلارنى خېلى قىيىنىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، قورساقتا نېمە بولسا ئېغىزغا شۇ چىققىنىدەك، بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەدەب-ئەخلاق ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى كەلگۈسى ئەۋلادلارغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە. «سۇ بېشىدىن لاي» بوپقالماقتا. ئەدەب-ئەخلاق ئىنسانلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان ئاجايىپ خىسلەتلىك مەنىۋى قورال بولۇپ، ئۇ پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ نېگىزى - ئاساسى بولۇشى كېرەك («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدىكى «ئاتىلار سۆزى» كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ).

ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىللەتلەرنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە، كىشىلىرىمىزدە ئەدەب-ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ كەم بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ جىنىنى باقالىغىنىنى مۇھىم دەپ قارىغانىكى، ئۇلارنى ئەدەبتىن ئىبارەت خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەردىن ئايرىۋەتكەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئۆزلىرى ھەقىقىي ئاتا-ئانا بولالمىغان. ئۇيغۇرلار ئاتا-ئانىلارنى خۇدادىن قالسا ئۇلۇغ بىلىدۇ. بۇ ئۇلۇغلۇق دەل ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان-قىلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ ئېھتىماللىققا ئاساسەن ئائىلە تەربىيىسىمۇ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەخلاقلىق بالىلارنىڭ ئورنىغا بىر توپ پاك زېمىنغا نىجىس يۈك كىشىلەر توپى پەيدا بولسا، بۇ، ئائىلىگىلا ئاپەت بوپقالماستىن، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇقىغا بۇزغۇنچىلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇنجى قەدەم - ئائىلە تەربىيىسى ئەڭ مۇھىم.

بىزنىڭ تەربىيىلىگەن بالىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا قارىماققا «ئەخلاقلىق» بالىلار بار. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ «ئەخلاقى» ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇستەبىتلىكى ئاستىدا، خالاس. ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىدە ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇتۇۋېلىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىدە مەلۇم سەۋىيە ھازىرلىشى، ھەرقانداق «ئۇششاق» ھالقىلارنىمۇ تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. خۇددى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەزارەت (مەدەنىيەت) لەر كۈرىشى - «روھىيەت تالىشىش كۈرىشى» بولغىنىدەكلا، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تالىشىش - كەلگۈسىنى تالىشىش كۈرىشىدۇر. غەربلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللانماقتا. گەرچە ئەۋلادلىرىمىز ئېيسانىڭ كىملىكىنى، كرېستنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما گاھىلىرى بويىنىغا كرېست ئېسىۋالىدۇ، تۇغۇلغان كۈن تورتىغا قاراپ غەربچە ناخشىغا ئىگىشىدۇ، «روژدېستوۋ بوۋاي»غا قاراپ زوقلىنىپ كېتىدۇ. بىر قېتىم جىيەن ئىنىلىرىمنىڭ بىرىنىڭ سىرتمىسىنى ئېتىۋېتىپ، سىرتما تۇتقۇچىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قارالڭ، سىرتمىنىڭ تۇتقۇچى كرېست شەكىللىك ئىكەن! ئەينى دەۋردىكى ئەھلىسەلىپچىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى - 1930-يىللاردا نامرات ئۇيغۇر بالىلىرىغا پۇل بېرىش بەدىلىگە «ئىنجىل» سۈرىلىرىنى يادلاتقان غەربلىكلەر بۈگۈن يەنە نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟ كىچىك ۋاقتىمدا «ئەقىللىق يىشيۇ» ناملىق كارتون فىلىمىنى كۆرۈشكە تولىمۇ ھېرىسمەنىدىم. شۇ چاغلاردا ئۆيدىكىلەر چېچىمنى چۈشۈرتىۋەتتى. مەن بارماقلىرىمنى تىلىمغا تەگكۈزۈپ بېشىمغا چەمبەر سىزاتتىم-دە، «تەپەككۇر قىلاتتىم». دوستلىرىمنىڭ قايسىدۇر بىر فىلىمدىن ئۆگەنگەن «كەركەينى ئەرزىبىرەينى، ئى لات، ئى مانات! ئۆزۈڭگە سېغىنىدىم» (لات، مانات «جاھالەت دەۋرى»دىكى ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر بۇتلىرى) دېگەن گەپلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولاتتىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مۇشۇنچىلىك ئىشلارنىڭمۇ پەرزەنت تەربىيىسىدە قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتىمەن. بەلكىم بۇ خىلدىكى مىساللار ئەتراپىمىزدا كۆپ بولسا كېرەك.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇشىدىن باشقا بىلىملىك، يارامىلىق بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، تەپەككۇرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى (ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى) ئۈچۈن قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟ مۇشۇ يەردە ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ بىلىم ساپاسىغا قاراپ چىقىشى كېرەك. مەيلى بالا باققۇچى بولسۇن، مەيلى يەسلىدىكى ياكى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن بالىغا خۇددى ئۆز ئاتا-ئانىسىدەك قارىيالمايدۇ. خۇددى باشقا بىراۋ شىرىنغا پەرھادنىڭ كۆزىدە قارىيالمىغاندەك. مانا بۇنداق شارائىتتا ئاتا-ئانىلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك بىلىم ئىگىلىمىكى لازىم. تولا ئاتا-ئانىلاردا بىر تەتۈرلۈك باركى، ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ كۆرمەيدۇ. دەرسلىك كىتابىدىن باشقا بىرەر پارچە كىتاب ئېلىپ بەرمەيدۇ. ناۋادا كىتاب ئوقۇماقچى بولسا: «ماڭ! بېرىپ دەرسلىك كىتابىڭنى ئوقۇ، شۇنى ئوقۇيالىساڭمۇ يوغان ئىش!» دېيىشىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ خىل ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى ئۇنىۋېرسال تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا قارىتىش كېرەك. بالىلارنى ھەرتەرەپلىمە ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلىگىنىمىزدە ئۇ ھەقىقىي يارامىلىق بولغان بولىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ بەزى ئاتا-ئانىلىرىمىز كىچىك چېغىدا بالا نېمىگە قىزىققاندەك قىلسا، «ۋاي بالام پالانىغا قىزىقىدىكەن، ئۇ چوقۇم شۇ كەسىپ ئەھلى» دەپ قاراپ، شۇ كەسىپ بويىچە تەربىيىلەشنىلا چىڭ تۇتىدۇ. بالىلىرى ئازراق ئىگىشىپ قويسا ناخشىچى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. مەن بۇ خىلدىكى تەربىيە ئۇسۇلىغا قارشى تۇرىمەن. مېنىڭچە، بالىلاردا ھەممىگە قىزىقىش، ئىنتىلىش روھى بولىدۇ. (مەن بۇرۇن

ھەممىگە قىزىقىدىكەنمەن. ھەرقايسى پەنلەرگە ئامراق ئىكەنمەن. رەسىملەرنى قاملاشتۇرۇپ سىزالايتتىم، ھۆسنخەتلەرنى چىرايلىق يازالايتتىم...) بالىلارغا دەسلەپتە نېمە تەسىر قىلغان بولسا شۇنىڭغا قىزىقىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي تالانتى بىلەن باغلانغان كەسىپ كېيىن ئاشكارىلىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بالىلار ھەممىدە تەڭ تەربىيىلەنمەسە، كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرىگە تەسىر يەتمەي قالماي، تەبىئىي تالانتىمۇ نابۇت قىلىۋېتىلىدۇ. ناۋادا بىرەر ئۆيگە گۈزەل بەدىئىي سۈرەت ئېسىپ قويۇلسا، بالىلار رەسسام بولۇشقا قىزىقىپ قېلىشى مۇمكىن؛ چىرايلىق ھۆسنخەتلەرنى كۆرسە، خەت يازغۇلىرى كېلىشى مۇمكىن؛ ئەگەر توپ ئېلىپ بەرسىڭىز، توپ تېپىشكە قىزىقىشى مۇمكىن (قايسىبىر گېزىتتە ئېيتىلىشىچە، پۇتبول چولپىنى مارادونا بۆشۈكتىكى چېغىدىلا توپ تېپىشكە قىزىقارمىش. يىغلاپ كەتكەن بولسا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ تۆپە تەرىپىگە توپتىن بىرنى قويۇپ قويسا، تېپىچەكلەپ يىغىدىن توختاپ قالىدىكەن). بالىلار گېزى كەلگەندە سۈيدۈكىدە لاي ئېتىپ ئويناشقىمۇ قىزىقىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى «قىزىقىشى» بىردىنبىر قىزىقىش ئەمەس. ئەگەر «قىزىقىشى» دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانىلار ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، يەنى ئۇلارغا نېمىنىڭ ھەقىقىي ئەسقاتىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە قايىل قىلىش يولى ئارقىلىق بالىلارغا بىلدۈرۈشى كېرەك. ئاتا-ئانىلار ئىشلاردا مۇستەبىت بولۇۋالماسلىقى كېرەك. پەرزەنت تەربىيىسىدە مۇستەبىتلىك ھامان ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ (باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق). بالىلارغا قايسى خىل ئىلىمنى ئۆگەتمەكچى بولساق، ئۇلارنى شۇ خىل ئىلىم مۇھىتىغا ماھىرلىق بىلەن قىزىقىشىنى قوزغاپ ئەكىرىشىمىز كېرەك.

ئىلگىرىكى زامانلاردا شاھلار پەرزەنتلىرىنى ئىقتىدارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى رەسىم سىزالايدىغان، خۇشخەت يازالايدىغان (ھەيي، كومپيۇتېر ئارقىلىق يېزىقچىلىق تېخىمۇ گۈزەللەشكەن دەۋردە، كىشىلىرىمىزنىڭ خېتى تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتمەكتە)، نەزمە توقۇيالايدىغان، چەۋەندازلىق قىلالايدىغان... دېگەندەك كۆپ تەرەپلىمە تەربىيىلەيدىكەن. ھازىر بولسا بالىلار كۆزلىرىمگە ئىلگىرىكىلەرگە قارىغاندا يارىماستەك كۆرۈنىدۇ. ئىبراھىم ئەمەت ئەپەندىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا: «ئۇيغۇر بالىلىرى بىر ئەۋلادتىن يەنە بىر ئەۋلاد يارامسىز بولۇپ چىقىۋاتاتتى. 1950-، 1960-يىللاردا تۇغۇلغانلار قىلالىغان ئىشنى 1970-يىللاردا تۇغۇلغانلارنىڭ ئويلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. 1980-يىللاردىكىلەرنىڭ بولسا كاللىسى قۇيقۇرۇق ئىدى» (ئىبراھىم ئەمەت: «<شاھىرۇخان ئۆلمىسۇن> دىن تۇغۇلغان ئويلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 6-سان 80-بەت).

بىزنىڭ قارىشىمىزدا، بالىلار پەنلەرنى پەقەت كىتابتىنلا ئوقۇشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇل بالىلارنى «كىتاب مولللىسى» قىلىدۇ، خالاس. بالىلار ئەمەلىي ئىشلاردا تېڭىرقاپ قالىدۇ. مەيلى ھەرقانداق ئىشتا بولسۇن ئەمەل - ئەمەلىيەت جانلىق بولىدۇ، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. كارل ۋېتېرنىڭ قارىشىچە بولغاندا: «مىڭلاپ كىتاب ئوقۇغاندىن، مىڭ چاقىرىملاپ يول ماڭغان ئەلا» (مەزكۇر كىتاب، 169-بەت). بەلكىم دېھقانلىرىمىزنىڭ ئېتىز

بېشىدىكى، خامانلاردىكى، ئەمگەك ئارىسىدىكى، ئايدىڭ كېچىلەردىكى، چارۋىچىلارنىڭ جاڭگاللىقلاردىكى، تەبىئەت قوينىدىكى تەربىيىلىرى، بەزى تالاي كىتاب ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان بىلىملىك ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيىسىنى بېسىپ چۈشۈشى مۇمكىن. مەن تېخى بىرەر ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى مەقسىتىدە يۇرت ئاتلاپ ساياھەت قىلىپ باققىنىنى، ھېچ بولمىغاندا، بالىلىرىنى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئايلاندۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ تاغ-دەريالىرىنى، يول قىرلىرىنى، ئوي-دۆڭلىرىنى كۆرسىتىپ باققىنىنى تۈزۈك كۆرۈپ باقمىدىم. (ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ جاھان كۆرگەنلىكىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىپ قالىمەن). بىزدە پەرزەنت تەربىيىسى ھامان قوشۇمچە بوپقاپتۇ. بۇ خىل خاھىش بىزنى قايەرگە ئاپىراركىن؟!...

ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلەش نۇۋەتتە تەكىتلىنىۋاتقان ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭ رولى باشقا ئۇسۇللارنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ. مۇشۇ يەردە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دىكى بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ قويۇش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. بىر پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ. تېۋىپلار ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىپتۇ. ئەمما بۇ پادىشاھ دورا يېيىشكە بەك ئۆچ ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئويۇن-تاماشىغا بەك ئامراق ئىكەن. بىر تېۋىپ توپ شەكىللىك بىر دورىنى ياساپ چىقىپتۇ. بۇ توپ كالتەك بىلەن ئۇرۇلۇپ ئوينىلىدىكەن. ئويۇن ئويناش جەريانىدا پادىشاھ ھېرىپ، تەرلەپ، بۇ دورىنىڭ تەسىر كۈچى تەر تۆشۈكچىلىرى ئارقىلىق بەدەنگە سىڭىپ كىرىپتۇ. ئاخىر پادىشاھ كېسەلدىن ساقىيىپتۇ...

دېمەك ئويۇن ئارقىلىق تەربىيىلەشنىڭ بىۋاسىتىلىقى كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدۇ. بۈگۈنكى تەپەككۇرلىرىمىز بىلەن بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا ئوينايدىغان ئويۇنلىرىمىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئاشۇ ئويۇنلار ئاجايىپ ئەقىل-تەپەككۇر، تىل ۋە ئەدەب دەرسى بولۇپلا قالماي، بەدەن مەشقى- تەنتەربىيە دەرسىمۇ بولالايدۇ. يېزا بالىلىرىدا ھېلىھەم ساقلىنىۋاتقان بۇ ئويۇنلار كىشىگە ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ. قاراڭ، يېزا بالىلىرى ئۆز ئويۇنلىرىنىڭ قوراللىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنى ئىختىرا قىلىدۇ. ۋاللەي، سابۇر، ئارقان، لەگلەك، تەپكۈچ... ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەقىل مېۋىلىرىدۇر. ئۇلار «ھەربىي-دۈشمەن ئويۇنى» ئويناش ئارقىلىق ئىرادىسىنى چىڭىتىسىمۇ، ئويۇن ئاخىرىدا بىر-بىرىنى ھەرگىزمۇ «ھەربىي-دۈشمەن» دەپ قارىمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى بىرلىكتە ئۆگىنىش، بىرلىكتە تىجارەت قىلىش... دېگەندەك ئىشلىرىغا ئاجايىپ ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. باشقىلار ياساپ بەرگەن ھەرقانداق ئىقتىدارلىق نەرسىدىن ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئىختىراسىمۇ سۆيۈملۈك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قان-تەرى، تەپەككۇرى سىڭىدۇ. بالىلار لەگلەك ئۇچۇرۇش ئارقىلىق خىيالىي تەسەۋۋۇرىنى كېڭەيتەلەيدۇ. ئاشۇ لەگلەك بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئالىقاياقلارغا كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار لەگلىكىنىڭ يىپى - تىزگىنىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. ئۇلار قوي بېقىش ئارقىلىق ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇئامىلە سەنئىتىنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئادەم بىلەن ئالەم (تەبىئەت) ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق باغلىنىشنى چۈشىنىپ قېلىشىدۇ. ئوماق قوزىلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن پىچىرلىشىدۇ.

مۇشۇ يەردە سەھرا بالىلىرى ئويۇنلىرى بىلەن شەھەر بالىلىرى ئويۇنلىرىنى سېلىشتۇرغىمىز كەپقالىدۇ. قارايدىغان بولساق، شەھەرلىك بالىلارنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرى «رەڭدار، مەزمۇندار»دەك تۇيۇلسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ بالىلارنىڭ ئىختىرالىرى ئەمەس (كۆپىنچىسى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق)، بەلكى بۇلار پروگراممىلايىھىلىگۈچىلەرنىڭ ئەقلىي تەسەۋۋۇرى. ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار ساپلا ئۇرۇش، جېدەل، تېررورلۇق... ھەقىقىي تەربىيىۋى ئەھمىيەت تۇسىنى ئالغانلىرى كەم. ئۇلار خۇددى بۈگۈنكى سىياسىيئونلاردەك دۆلەتلەرگە بۆلۈنىدۇ-دە، شەھەرلەرنى قۇرىدۇ، ئارقىدىنلا ۋەيران قىلىدۇ. قورال كەملىسە پۇل بولايدۇ (ئويۇندا). تەبىئەتنى ۋەيران قىلىدۇ. مۇشۇ خىل بالىلار چوڭ بولسا ئادەم ۋە ئالەمگە قانچىلىك پايدىسى تېگەر؟! مۇشۇ يەردە قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈركى، توغرا دېيىلگەن تەقدىردىمۇ (بۇنداق دېگىلى ھەرگىز بولمايدۇ) چوڭلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى پەردىشەپلىك نەرسىلەر جەمئىيىتىمىزدە ئاشكارا بوپكەتتى. كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، تېلېۋىزور بۇنىڭ ئىپادىلىرى بوپقالدى. تورخانىلارغا قارايدىغان بولساق، كىرىش ئىشىكلىرىنىڭ بېشىغا «قورامىغا يەتمىگەنلەر كىرىشكە بولمايدۇ!» دېگەن خەت ئالاھىدە يېزىلغان بىلەن، بۇلارغا ئاساسلىق «كىرىم» ئەكېلىدىغانلار بالىلار بولغانلىقى ئۈچۈن مرگۆزلىنىۋېرىدۇ. بۇلارنىڭ مەكتەپكە بېرىش - بارماسلىقى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. خەقنىڭ بالىسى بىلەن كىمنىڭ كارى؟! ھازىر ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپتىن ئەمەس «تورخانا»ۋە ئاللىقانداق «... خانا»لاردىن ئىزدەشكە قاپتۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئائىلە تەربىيىسىگە قارىغاندا جەمئىيەت تەربىيىسى بالىلارغا بەكرەك تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىۋېرسال تەربىيىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بالىلارنى مۇكەممەل ئادەم قىلىپ چىقىشتا. ياشاشتىن مەقسەتمۇ «ئىنسانىي كامىل بولماق» (شەمسۇددىن تەبرىزىي) تۇر. ئۇنىۋېرسال تەربىيە بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەم ھامان مۇستەقىل ياشاشقا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا-ئانىلار بۇ مەسىلىگە بالدۇرلا ئەھمىيەت بېرىشى، بالىلىرىنى «مائاشلىق كادىر» قىلىش ئويلىرىغا قايتا قاراپ چىقىشى كېرەك. بالىلارغا ئالدى بىلەن روھىيەت ئېلېمېنتلىرىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇ دۇنيا ھەققىدىمۇ بەلگىلىك ئۇچۇرلارنى بېرىشى زۆرۈر. بىر ئادەم 50 – 70 يىللار ياشاپ، مەلۇم تەجرىبىلەرگە ئېرىشىدۇ. شۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە گۆرگە ئەكىرىپ كەتسۇنمۇ؟! ئاتا-ئانىلار بالىلارغا بىزچە مۇئامىلە سەنئىتى، كىيىنىش، پۇل باشقۇرۇش... قاتارلىق ماددىي مەئىشەت ۋاستىلىرىدىمۇ مەلۇم ساۋاتلارنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنى قورقماس، قەيسەر، باتۇر قىلىپ تەربىيىلەشمۇ مۇھىم بولۇپ، بۇ خىل تەربىيە بالىلارنى مەسىلىلەردىن قاچۇرماي، مەسىلىلەرگە يۈزلەندۈرىدۇ. بالىلارنىڭ پسىخىك كەيپىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر. «خاراكتېر ئىقتىدار دېمەكتۇر» (كارل ۋىتېر: «پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى»، 180-بەت).

ۋىتېر ئەپەندى: «ئائىلە بالىلارنىڭ جەننىتى بولۇشى كېرەك» («يۇقىرىقى كىتاب»، 228-بەت) دەپ يازىدۇ. ئۇنداقتا بىزدىكى ئائىلىلەر بالىلارنىڭ جەننىتى بولالارمۇ؟ مېنىڭچە، ناتايىن. كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئۇ - بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى «ئائىلە تىنچلىقى» بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەر بىلەن ئايال، قېيىنانا بىلەن كېلىن، قۇدا بىلەن قۇدا، ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي بالا... ئارىسىدىكى ماجىرالار ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ خىلدىكى «توقۇنۇش»لارمۇ بالىلارنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. ھازىر ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە بىرلىك - ئائىلە بىرلىكى يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ. چوڭلار بىلەن ياشلار ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىق شەكىللىنىپ قاپتۇ. ھازىرقى ئائىلىلەردىكى ئەھۋاللارنى «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەن تەمسىلگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. جەمئىيەتتە ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى قىيامەتتىن بىشارەت بولسا، ئائىلىدە ئىشەنچنىڭ بولماسلىقى قىيامەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بۇ خىلدىكى ئائىلىلەرنى قانداقمۇ بالىلارنىڭ جەننىتى دېگىلى بولسۇن؟! يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەرشارى مىقياسلىق ئاجرىشىش نىسبىتى يىلسىرى كۆپەيمەكتە. ئاھ، پەرۋەردىگار! بالىلار ئاتا-ئانىلىرى تۇرۇپ سەرگەردان يېتىم بولماقتا. ئۇلارنى «دارىلئېيتام» دېگەندەك بېقىۋېلىش ئورۇنلىرى «تەربىيىلىمەكتە»... ئېيتىلىشىچە، ئىبلىس ئۆز شايكىلىرىنى ئادەملەرنى ئازدۇرۇشقا ئەۋەتىدىكەن. بىرى: «مەن ئادەم دېگەننى پالانى دېگەن گۇناھنى قىلدۇرۇۋەتتىم» دېسە، «ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن!» دەيدىكەن. يەنە بىرى: «مەن دېگەن پوكۇنى چوڭ گۇناھنى قىلغۇزدۇم» دېسە، «سەنمۇ ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن!» دەيدىكەن. ئۈچىنچى بىرى كېلىپ: «شۇنداق ئامراق ئەر-خوتۇنلار بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە سېلىپ ئاجراشتۇرۇۋەتتىم» دېسە، ئىبلىس: «ھە، سەن خېلى تىلغا ئالغۇدەك ئىش قىپسەن» دەيدىكەن... ئۇنداقتا ھازىر شەيتانلار قىن-قىنىغا پاتمايۋاتسا كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە ئائىلە كرىزىسى گەۋدىلىك كۆرۈنمەكتە. بەزى نائەھلىلەر ئائىلىنى «يۈك» دەپ قارىماقتا. بۇ بىزنىڭ ئەخلاق ئېڭىمىزدىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

يەرشارى ئىنسانلارنىڭ، دۆلەت پۇقرالارنىڭ، ئائىلە جەمەتنىڭ ۋەتىنىدۇر. ئائىلە ئەجداد ۋە ئەۋلاد بىرلىكى بىلەن چەكسىزدۇر. بۇ چەكسىزلىكى بىلەن مۇقەددەستۇر.

پەرزەنت تەربىيىسىدە ئانا تەربىيىسى ئەڭ مۇھىمدۇر. بۇنى ئانا تەربىيىسى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئاتا تەربىيىسى بىر ئۈلۈشنى ئىگىلىسە، ئانا تەربىيىسى توققۇز بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۈلۈشنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، «ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرىسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەيدۇ» دەيدۇ بوۋىلار. ئانىنىڭ تەربىيىسى بالىلارغا بىۋاستە ھەم ئۈنۈملۈكتۇر. مانا مەن ھاياتىم ئارقىلىق پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ، جۈملىدىن ئانا تەربىيىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىسپاتلىغانمەن. ئانىنىڭ كىشى ھاياتىدا نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنمەن. ئانام مەن ئالتە ياش ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتكەن. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مېنى بەش ياشقىچىلىك ئېمىتكەنىكەن. بەلكىم ئۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئاشۇ بىغۇبار ئاپئاق سۈتلىرىگە

سىڭدۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن . باشقىلار ئۇنىڭ ئىنتايىن پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى دېيىشىپ ، مېنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىمنى تىلەپ دۇئا قىلىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ .ھاياتىمدا ئانىنىڭ قەدرى بەك ئۆتۈلگەچكىمىكىن ،تاس قالىمەن بەزىدە بىر قورام تاشنى «ئانا ! ! ! »دەپ قۇچاقلاپ سالغىلى :

نەمەنگاندىن كېتەر بولسام مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىق شەھرىدە ئۆلسام مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتىن ئىچتىم ،قازاندەك قاينابان تاشتىم ،
بۇ فانىي دۇنيادىن كەچتىم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇشۇپتۇر باشىمە سەۋدا ،رەمۇزى ئىشقىدىن غەۋغا ،
ئۆزىگە ئەيلىدى شەيدا مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
بۇ مىسكىن زارى مەشرەپنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇر ،
بۇيەردىن باش ئالىپ كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

( «نەۋا» مۇقامىدىن )

شۇڭلاشقىمۇ ئانىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن .ئانا ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇيمەن . شائىر ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھماننىڭ «ئانا » ( «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى 1998-يىل 1-سان ) ، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر (خۇدا ئۇنىڭغا رەھمەتلەر قىلغاي ) ئەپەندىنىڭ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك » (ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر : «ئۆمۈر مەنزىللىرى » ،شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى )قاتارلىق داستانلار مەن ئەڭ كۆپ ئوقۇغان شېئىرىي ئەسەرلەردۇر .بولۇپمۇ «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك »نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ .قاراڭ ، مەلىكە يۈرەكنى سورىغاندا ،ئۆز ئوغلى ئۇچۇن يۈرىكىنى ھېچ ئىككىلەنمەي سوغۇرۇپ ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ئانا ئوغلىنىڭ ۋەتەنگەخائىنلىق قىلىش غەرىزىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ . سىز 100نومۇر ئېلىپ كەلگەن بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ، بەختىگە دۇئا قىلغان ئانىنىڭ مېھرىگە سەل قارىماڭ ! ئانا تەربىيىسىگە سەل قاراپ بولماسكى ، گېزى كەلگەندە ئۇ بارچە نەرسىنى بېسىپ چۈشىدۇ . بەزىلەر ۋەتەننى ئانىغا ئوخشىتىدۇ .

شۇڭلاشقا بىز ئالدى بىلەن ئانا تەربىيىلەشكە كۆچ چىقىرىشىمىز كېرەك .بىزنىڭ بەزى ئاتا-ئانىلىرىمىز نەزىرىدە قىز بالا «بەربىر تالانىڭ ئادىمى » .ئۇلار قىز بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئوغۇللارغا كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆچ سەرپ قىلمايدۇ .شۇڭلاشقا ، بەزى قىزلىرىمىزمۇ چوڭ بولۇپ ئۆزلىرىنى ئانا دەپ ئەمەس ،ئايال دەپ تونۇشقان . ئاتا-ئانىلار ئۆيلىرىگە يارامسىز كېلىننىڭ كىرىپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ .ئۇنداقتا نىمە ئۇچۇن قىز بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆچ چىقارمايدۇ ؟ ! (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام : «كىمنىڭ بىر قىز بالىسى بولۇپ ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلىسە دوزاقتىن پەردە بولىدۇ »دېگەن ) .پەرزەنت تەربىيە-سىدە ئانا ئەڭ مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ، جورا تاللىغاندىمۇ ئۆزىنىلا نەزەرگە ئالماي ،كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختىگىمۇ قاراش كېرەك .

يەرشارىنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ئاشۇ نارەسىدە باللارغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە .ئۇرۇش ، زوراۋانلىق لەكمىلىك-لەكمىلىك باللارنى ئۆلۈم-يارىلىنىش ،ئاچارچىلىق ، كېسەل ، سەرگەردانلىق گىردابىغا ئېلىپ بارماقتا .چوڭلار باللارغا ئاپەت ئەكەلمەكتە .بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال مەلۇم بىر ئۇيغۇرچە تور بېتىدىكى «ئۇرۇشنىڭ باللارغا ئەكەلگەن سوۋغىسى »سەرلەۋھىلىك بىر پارچە سۈرەتنى كۆردۈم : ئاۋاق ، يالىڭاچ بىر بالا ئەخلەتلەر ئارىسىدىن يېمەكلىك تېپىپ يەۋېتىپتۇ !

ئاشۇ باللارغا قارايدىغان بولساق ، زېمىنغا چېچىۋېتىلگەن مەرۋايىتلارمىكىن دەپ قالىمىز . ئەپسۇس ، بۇ مەرۋايىتلارنىڭ بەزىلىرى تار ئۆيلەرگە سولانغان بولسا ،گاھىلىرىنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە توپا قونۇپ قالغان . نەزىرە مۇھەممەد سالىھ ئۆزىنىڭ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ » (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان )ناملىق كىتابىنىڭ «كىرىش سۆز »ىگە :«مەن ئاخىر . . . چۆمۈچىنىڭ ئورنىغا قەلەم ئالدىم . . . ئوغلۇمنىڭ مەڭزىگە سۆيگەندە ، توپىدا ئويناۋاتقان مىڭلاپ باللارنىمۇ سۆيەي دېدىم . . . »دەپ يازىدۇ . توغرا ، دىيارىمىزدا تالاي باللار سۆيۈلۈشكە موھتاج .چۈنكى ، «نەسرۇددىن ئەپەندى كالىچىنى مۇزېيغا ئەمەس ،باللارغا قالدۇرغان » ( «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،374-بەت ) .

پەرزەنت تەربىيىسىدە مەكتەپ ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ . شۇڭلاشقامەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىزدىن باللاردىن ئىبارەت كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىشىنى ئۈمىد قىلىمىز !

لۇشۇن ئەپەندى :«باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار ! » دەپ ندا قىلسا ،مەن :«بالىلىرىڭلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار ! »دەپ خىتاب قىلىمەن .

قاچانمۇ بەئەينى «جەننەتۇل مەئۋا » ، «جەننەتۇن نەئىم » ، «جەننەتۇل فىردەۋس »كە ئوخشاش گۈزەل ئائىلىلەر مۇھىتى بارلىققا كېلەر-ھە ؟ ! . . .

2004-يىل 27-ئاپرېل ،شەھىرى ئاتۇش

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ،ھازىر ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنت ئۇلۇغ ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان(M2)



# مەدەنىيەت ۋە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» غا دەسلەپكى ئانالىز

تۇرسۇن قادىر

مەدەنىيەت ـ بىر مىللەت ياكى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ماددىي، مەنىۋى شەكىلدىكى بارلىق نەرسىلىرى، ھەتتا شۇ توپ ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ياسالغان غايەت زور بىر قۇرۇلما، ئىسكىلىت ياكى بىر پۈتۈنلۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ مەلۇم مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى، ئىدېئولوگىيىسى، تەپەككۇر ـ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، دىنى، ئىلىم-پەنى، تىلى، سەنئىتى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى، مائارىپى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ مىللەتكە تەئەللۇق بولغان بارلىق ماددىي نەرسىلەرنى، ھەرخىل ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغۇچى ئادەملەر ـ مەزكۇر مىللەت ئەزالىرىنىڭ بىلىم-ئىقتىدارى، ھۈنەر-ماھارىتى، سۈپەت-ساپاسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت شەكىلدىكى مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ ھەرخىل ئېتىقادىي پائالىيەتلىرى، ئىشلىتىۋاتقان ياكى ياساۋاتقان ماددىي بۇيۇملىرى، نەشر قىلىنغان كىتاب-ژۇرنال، ئورۇنداۋاتقان ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرى، ئۆي-پىكىرلىرى، ئولتۇراق ئۆي-جاي ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇش شارائىتلىرى، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم پائالىيەتلىرى، قىسقىسى شۇ مىللەت ئادەملىرىنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ تىنىمسىز پائالىيىتى شەكلىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئىنسانشۇناس، مەدەنىيەتشۇناس ئالىم تايلور (E. B. Tylor) ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق دۇنياۋى شۆھرەتلىك كىتابىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «مەدەنىيەت ـ ئىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت، قانۇن، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت شۇنداقلا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قابىلىيەت ۋە ئادەتلىرىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ھالەتتىكى بىر پۈتۈن گەۋدە»[1]. دۇنيا مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان بۇ تەبىر بويىچە ئېيتقاندىمۇ مەدەنىيەت بىر توپ ياكى خەلقنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى، ھەتتاكى تېخنىكا ۋە بىلىمنىڭ ئىگىسى، توشۇغۇچىسى، سۇبيېكتى ھالىتىدىكى ھەربىر ئەزاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇ ئۇقۇمنىڭ مۇشۇنداق ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالاھىدىلىكىگە قارىماي ئۇنى ئىشلىتىشتە دۇنيادا ھەرقاچان بىر تەرەپلىمىلىكلەر ۋە بىر تەرەپكە ئارتۇقچە ئېغىشلار مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، بەزى جۇڭگو ئالىملىرى مەدەنىيەت پەقەت ئەخلاق، دىن، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەر

ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس دەپ قاراپ ئۇنى ئەنئەنىۋى ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاشتۇرۇپ قويۇشىدۇ. غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزىلىرى غەرب مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغاندا ئۇنىڭ مەنىۋى تەرىپىدىن كۆرە ماددىي تەرىپىنى ـ ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئۇتۇقلىرىنى بەكرەك تەكىتلەپ، نەتىجىدە مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى ماددىي تەرەققىيات ۋە باياشاتلىققا يىغىنچاقلاشتۇرۇپ قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇقۇمنىڭ كەڭ ئاما ئارىسىدىكى قوللىنىلىشىدىمۇ ياكى ساپلا مەنىۋى تەرىپىنى كۆزدە تۇتۇش ياكى شەخسنىڭ تەرەققىيات ـ ساپاسىنى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇش تارىخىنى كۆزدە تۇتۇشتەك بىر تەرەپلىمە ئەھۋاللار ئومۇملاشقان. لېكىن، مېنىڭچە، بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن قاراش توغرا بولۇپلا قالماي ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش ئۇنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگىسى.

مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنەلەيمىز. جەمئىيەتشۇناس سۇگوشۇن ئەپەندى مەدەنىيەتنى قاتلام بويىچە تۆرگە ئايرىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «مەدەنىيەت ئەمەلىيەتتە بىر چوڭ قىممەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بۇ غايەت زور سىستېما ئۈچ قاتلامدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى ياكى يۇقىرى قاتلام ئېتىقادىي قىممەت قاتلىمى (理念价值)، ئىككىنچى ياكى ئوتتۇرا قاتلام بىر قەدەر قېلىپلاشقان قىممەت قاتلىمى (规范价值)، ئۈچىنچى قاتلام بولغان تۆۋەن قاتلام بولساپايدىۋىي (پراگماتىزملىق) قىممەت قاتلىمى (实用价值)دىن ئىبارەت. ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات ھالىتى بويىچە قارىغاندا، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى قاتلام ئەڭ مۇكەممەل ۋە تۇرغۇن ھالەتتە، ئوتتۇرا قاتلام بىر قەدەر تۇراقلىق بولسىمۇ لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا ئۆزگىرىش ھالىتىدە، 3-قاتلام ئەمەلىي پايدا ئاساسىدا دائىم ئۆزگىرىپ، تەرەققىي قىلىپ تۇرۇدىغان ئەڭ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدۇ. بىرىنچى ياكى يۇقىرى قاتلام بىر ئېتىقادىي قاتلام بولۇش سۈپىتىدە بىر مىللەتنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ مەزكۇر مىللەت خەلقىنىڭ نېمىگە چوقۇنۇپ، نېمىگە قارشى تۇرۇشىدىكى تۈپ بەلگىدۇر.»②

بۇيەردە دەۋاتقان ئېتىقادىي قاتلام (理念价值层次) ئەلۋەتتە مەلۇم مىللەتنىڭ بىلىمگە بولغان بىلىم ئېتىقادى، دىنىي ئېتىقادى (ئەگەر دىنى بار بولسا) ياكى ئەخلاقىي (ئەگەر دىندىن مۇستەسنا بولغان بولسا)، ئىدېئولوگىيىسى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، شەك-شۈبھىسىزكى بىر مىللىي جەمئىيەتنىڭ تىنىمسىز ھاياتىي كۈرەشنىڭ نىشانى. مائارىپ، ئۆرپ-ئادەت، سەنئەت قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، نىسپىي تۇراقلىق تۈسىنى ئالغان ئوتتۇرا قاتلام مەدەنىيەت شەكىللىرىمۇ تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىش ھالىتىدە داۋام ئېتىدۇ. قېپقالغان پايدىۋىي قاتلام ئەلۋەتتەبىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بىۋاستە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان ئاشۇ پەن-تېخنىكا بىلىملىرى، ماددىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ئادەتتە كېيىنكى ئىككى ئۆزگىرىشچان قاتلامنىڭ زامانىۋىلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ تۇرۇپلا بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە ھۆكۈم قىلىۋېرىمىز.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس، مەدەنىيەتشۇناس ۋە سىياسىيون خانتىڭتون ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابى ۋە باشقا بىر قاتار ماقالىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيىسىدە «مەدەنىيەت توقۇنۇشىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى دىن توقۇنۇشى. چۈنكى دىنىي ئېتىقاد بىر مەدەنىيەت ئىچىدىكى بەلگىلىگۈچى ئامىل بولۇپ، ئۇ نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى ھەققىدىكى، تېخىمۇ مۇھىمى نېمىنىڭ 〈مۇتلەق ھەقىقەت〉 ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قەتئىي قاراش بولغاچقا، مۇنداق جاھىلانە قاراشتىن كېلىپ چىققان ھازىرقى دۇنيادىكى تىپىك توقۇنۇش ـ ئىسلام ۋە خرىستىئان دىنى ئارىسىدىكى سۈركىلىش ۋە قارشىلىشىش دۇنيانىڭ كەلگۈسى توقۇنۇشلىرىنىڭ تۈپ مەنبەسى بولىدۇ»③ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەلۋەتتە دىننى بىر ھادىسە دەپ تونۇش بىلەن ئۇنى بىر ئېتىقاد، دۇنيا قاراش دەپ ئويلاشنىڭ پەرقى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ تۈپ پەرقلەردىن بىرى بوپقېلىشى مۇمكىن. دىنغا ئىشەنگۈچىلەر ياكى دىننى ئەسلى مەنىسى بويىچە چۈشەنگۈچىلەر مەيلى خانتىڭتوندەك (خانتىڭتون دىنغا ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ياخشى چۈشىنىدۇ) غەرب تەھلىلچىلىرى بولسۇن ياكى ئەرەب-ئىسلام تەھلىلچى مۇتەپەككۇرلىرى بولسۇن، دىنىي ئېتىقادنىڭ تۇرغۇنلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن دىنىي قارىمۇ قارشىلىقلارنىڭ مۇرەسسەسىز، ئۈزۈل-كېسىل داۋام ئېتىۋېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشسا، دىندىن خالىي جەمئىيەت تەھلىلچىلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق كۆرەلمەي باشقىچىرەك كۆز قاراشتا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناس يۇۋېيدۇڭ ئەپەندى: «مەدەنىيەت مەيلى قانداق شەكىلدە (ياكى قاتلامدا) بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن شەيئىي ۋە ھادىسىلەرگە ئوخشاش 〈ھەرىكەت〉 ھالىتىدە، ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ھالىتىدە»④ دەپ، دۇنيانىڭ دىئالېكتىكىلىق باغلىنىش ۋە تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى بۇ ساھە ـ مەدەنىيەت دۇنياسىغا تەتبىقلايدۇ. ئەمما «دىنىي ئېتىقاد» دېگەن بۇ ئالاھىدە «شەيئىي ياكى ھادىسە»نىڭ زادى تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىدىغان ياكى مۇقىم تۇرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىنسانىيەتنىڭ 2000يىللىق دىن تارىخى جاۋاب بېرىپ بولدى: 2000يىل جەريانىدا يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ؟ بىر خۇدالىق دىن بولۇشتەك بۈيۈك ئورتاقلىققا ئىگە بولغان خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى 1500يىللىق ئۇزاق بىللە تۇرۇش ۋە چۈشىنىش تارىخى جەريانىدىمۇ تەلىمات ۋە ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى بىر-بىرىگە قىلچە يېقىنلاشتۇرالمىدىغۇ؟ ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى پەرق ۋە قارىمۇ قارشىلىق ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇرمامدۇ؟ دەرۋەقە، دىنىي ئېتىقاد مەۋجۇد بولمىغان جەمئىيەتتىمۇ كىشىلەر چوقۇنىدىغان مەلۇم ئېتىقاد بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بىلىم ئېتىقادى، ئەخلاق ئېتىقادى قاتارلىقلاردۇر. مۇشۇنداق ئېتىقادلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدېئولوگىيە مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنى ھاسىل قىلغاندا، پۈتكۈل مەدەنىيەت ئاشۇ جەمئىيەت ئىلىم-پېنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئېڭى ۋە

ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭىلىنىشى، ئىلغارلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇدىغانلىقىمۇ ھەقىقەت. لېكىن قىسمەنلىكلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ھازىرقى دۇنيانىڭ ئومۇمىيلىقىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، مەدەنىيەتنى تۇرغۇن ھالەتتىكى نەرسە - ئېتىقاد (بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد) ۋە ھەرىكەت ھالىتىدىكى نەرسە، بولۇپمۇ ئىلىم-پەن، تېخنىكا تەرەققىياتى قاتارلىق دائىملىق ئۆزگىرىش ياساپ تۇرۇدىغان نەرسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تەركىبتىن تەشكىل تاپقان «ئالاھىدە شەيئىي ياكى ھادىسە» دەپ قاراش ئورۇنلۇق. شۇنداقلا بۇنى مەدەنىيەتنىڭ تۈپ خاراكتېرى دەپ قاراش كېرەك.

ئەمدى مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ۋە تۈرلىنىشىگە كەلسەك، بۇ سۆزنى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىدىن تەكشۈرۈپ چىقىش كۇپايە قىلار. «مەدەنىيەت» سۆزى تايلور ۋە باشقا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ چۈشەنچە ۋە تەبىر بەرگىنى (مۇتلەق كۆپ قىسىم دۇنيا خەلقىنىڭ قوبۇل قىلغىنى) دەك ئىنسانىيەتنىڭ ۋارۋارلىق، ياۋايىلىق دەۋرىدىن يېزىقنى بەلگە قىلغان ھالدا سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياسىغان تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن ھەرگىزمۇ يېزىق-تىل دېگەنلەرنى ياكى باشقا بىرەر خاس مەنىۋى تەرەپلەرنى كۆرسەتمەستىن بەلكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەر بىرگەۋدىلەشكەن يۇقىرىقىدەك بىر چوڭ ئورۇنلىمىنى كۆرسىتىپ كەلدى. ياۋروپادا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە پەن-تېخنىكا، سانائەت ئىنقىلابلىرى ئېلىپ بېرىلىش نەتىجىسىدە ياۋروپا جەمئىيىتى ھەرجەھەتتىن غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئىلگىرىكى «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىدىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر «مەدەنىيەت» سۆزى «مەدەنىيلىك» (ئىنگلىزچە Civilization، خەنزۇچە 文明) بارلىققا كەلدى. «مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ بۇ ۋارىيانتى زامانىۋىلىشىشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاچقا بىر قىسىم كىشىلەر «مەدەنىيەتلىك دۇنيا»، «مەدەنىيەتسىز دۇنيا» دېگەنلەرنى تىلغا ئالغاندا بۇ سۆز بىر تەرەپتىن «غەرب مەدەنىيىتى تىپىدىكى غەرب ئىدېئولوگىيىسىدىن ئوزۇقلىنىپ راۋاجلانغان دۇنيا» دېگەن مەنىنى بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «پەن-تېخنىكا ۋە ئىلىم-پەنى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەر» دېگەن مەنىنى كۆرسەتتى. ھازىرمۇ نورغۇنلىغان غەربپەرەس زىيالىيلار تەرىپىدىن بۇ سۆز يەنىلا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ياۋروپا نۇسخىسىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بىر باسقۇچىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ئىشلىتىلىش دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرىكى «مەدەنىيەت» (文化) دىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ پەقەت «خانتىڭتون ئېيتقاندەك، ئىلگىرىكى بىز دەۋاتقان 〈文化〉 نىڭ تېخىمۇ كېڭەيتىلگەن، چوڭايتىلغان، ئەمما يەنىلا ئەمەلىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان قىسمى»⑤ دۇر. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇنداق «مەدەنىيلىك ياكى مەدەنىيەت» (文明) بىلەن ئامىمىۋى ئۇقۇمدىكى «مەدەنىيەت» (文化) نىڭ مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش، يەنىلا مىللىي تامغا ئاستىدىكى بىر پۈتۈن قورۇلما. شۇڭا ماتېرىيال مەنبەلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ ئىككى خىل سۆزنىڭ كونتېكىستىكى ئالاھىدە دىققەت قىلىپ مەنىسىنى توغرا پەرقلەندۈرۈشكە، بۇ سۆزنى ئىشلەتكۈچىنىڭ قايسى مەنىنى ئىپادە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا قارىتا سەزگۈر بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» نامىدىكى غەرب ۋە شەرقتە زور بەھس - مۇنازىرە قوزغىغان بۇ كىتابنىڭ يېقىندا ئۇيغۇرچىدا چىققان تەرجىمىسىدە يۇقىرىقى ئىككى ئاتالغۇنى مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى مۇنداق پەرقلەندۈردى: ئەزەلدىن بىز بىلىپ-ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «مەدەنىيەت» (文化) سۆزى - ھەزارەت؛ كېيىنكى غەربنىڭ مەدەنىيلىشىشى بىلەن باغلىق بولغان ھالدا بارلىققا كەلگەن «مەدەنىيلىك» (文明) سۆزى - مەدەنىيەت (ئابدۇقادىر جالالىددىن: «توقۇنۇشمۇ ياكى توقۇنۇشتۇرۇشمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 5-سان). مەن بۇيەردە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ گاڭگىراپ قالماي قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئىككى سۆزنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك ئازغىنە پەرققە ئىگە، ئاساسىي مەنىسى بىر بولغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمدى ھازىر دۇنيادا بىز يۇقىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەندەك «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئىبارە قىزىق نۇقتا بولماقتا. ئۇنداق بولسا «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن زادى نېمە؟ مەدەنىيەتلەر قانداق تىپ-تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ؟ مەدەنىيەتلەر راستتىنلا توقۇنۇشامدۇ؟ توقۇنۇشسا قايسىلىرى، قانداق توقۇنۇشىدۇ؟ ئۇشبۇ نەزەرىيىنىڭ ئىجادچىسى ۋە ئاساسىي ۋەكىلى خانتىڭتون بولغاچقا گەپنى شۇنىڭدىن باشلايلى. خانتىڭتون مۇنداق شەرھىيلەيدۇ: «قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار مىسالەن ھەربىي قوشۇندىكى بىر پەي بولسا، مىللەت بىر تۈەندۈر. بىڭتۈەن بولۇدىغىنى شۇ مىللەت ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. ئەجدادى، دىنىي ئېتىقادى، تىلى، قىممەت قاراشلىرى ئوخشاش كىشىلەر ئاسانلا بىردەكلىكنى ھاسىل قىلالىغىنىدەك، يۇقىرىقى تەرەپلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىللەتلەر مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىنى، مۇشۇنداق كىچىكرەك مەدەنىيەت تىپلىرى يەنە كېلىپ چوڭراق بولغان مەدەنىيەت گورۇھىنى ھاسىل قىلىدۇ.»، «ئادەملەر مەدەنىيەت سالاھىيىتى ئېنىق بولغاندىلا ئاندىن بىز كىم؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ.»⑥ مانا مۇشۇنداق تەپەككۇر يولى بىلەن ئۇ پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتىنى كىچىكرەك جەھەتتىن 45 تىپقا، چوڭ گورۇھ ياكى ئىتتىپاق شەكلىدە سەككىز مەدەنىيەت گورۇھىغا ئايرىغان بولۇپ، بۇ سەككىز تىپ: جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ياپونىيە مەدەنىيىتى، لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى، سلاۋيان

مىللەتلىرىنىڭ (رۇس، سېرب قاتارلىقلارنىڭ) پراۋوسلاۋىيە مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم رايونلارنى ئاساس قىلغان ئىسلام مەدەنىيىتى ھەمدە شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئوكيانىيىنى ئاساس قىلغان غەرب خرىستىئان مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە «مەدەنىيەت بىردەكلىكىنىڭ ئۆزى ئىتتىپاقلىق، مەدەنىيەت پەرقى دېمەكلىك توقۇنۇش دېمەكتۇر»⑦ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش قارىشى مەلۇم جەھەتتىن چەكتىن ئاشقانلىق بولۇپ، جوڭگو ۋە بەزى غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ، جامائەت ئەربابلىرىنىڭ قەتئىي تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «دۇنيادىكى ئاساسىي توقۇنۇشنى غەربلىكلەرنىڭ مەنمەنچىلىكى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇرەسسەسىز قاتتىقلىقى پەيدا قىلىدۇ»⑧ دېگەن قارىشىنى تەھلىل قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، خرىستىئان دۇنياسى 17-ئەسىردىكى قايتا ئويغىنىش، دىنىي ئىسلاھات، پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى قاتارلىق بىر تۈركۈم زور ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بۈيۈك تەرەققىيات غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئادەم ئەقلىنىڭ ئىلىم-پەن، جۈملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى بىر قەدەر تولۇق جارى قىلدۇرالىغانلىقى، ئەركىن، ئىجادىي پىكىر قىلىش، يەككىلىكنىڭ ئىقتىدارى ۋە كۆزقارىشىغا ھۆرمەت قىلىش، ئىشىنىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك مېخانىزملارنى ئورنىتىپ ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېچىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم تاشلىيالىغانلىقىدىن، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرى دەۋالىغىنىدەك «دىن بىلەن ئەقىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرەلىگەنلىك»ىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، مۇشۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن خرىستىئان دۇنياسى دىنىنىڭ تەسىرىنى ھاكىمىيەت ساھەسىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقارغان بولسىمۇ لېكىن باشقا ھەممە ساھەدە — تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، قىممەت قاراش، ئەخلاق-ئېتىكا قاتارلىقلاردا يەنىلا خرىستىئان دىنىنىڭ كۈچلۈك، مۇستەھكەم تەسىرىدە بوپكەلدى. ئەكسىچە ئىسلام دۇنياسى ئىسلام ئەقىدە-تەلىماتلىرىدا دائىم قەيت قىلىنىپ تۇرىدىغان يۇقىرىقىدەك مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشنى (ئەقىل بىلەن دىنىنى) 10-، 11-ئەسىردىكى چوڭ گۈللىنىشتە ئىپادىلەنگەندىن باشقا قالغان 800 نەچچە يىللىق ئۇزاق تارىخ داۋامىدا ئىزچىل ئەمەلدە كۆرسىتەلمەي كەلدى. ئىسلامنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھاياتلىققا يېتەكچى ھەم تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا قادىر بولالمىدى. شۇڭا خرىستىئان غەرب دۇنياسى ئۆز يولىنىڭ «توغرا-ھەق»لىكىنى ئىسپاتلىغان غالىبىيەتچى سۈپىتىدە مەغرۇرلىنىپ يۈردى. بۇ مەغرۇرلۇق شەرقىي ياۋروپادىكى كوممۇنىزم گۇمران بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇلار قانداقتۇ بىرەر كىچىك جەڭ مەيدانىدا ئەمەس بەلكى ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى ئىدېئولوگىيە، تۈزۈلمە جېڭىدە خېلى چوڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭداشسىز ھېسابلاشقا مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن دەل مۇشۇنداق پەيتتە غەرب مەدەنىيىتى تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي بىتچىت بولۇشى، ئائىلە تەشكىللىنىشىنىڭ قۇتقۇزۇۋالغۇسىز كرىزىسقا پېتىشى، ئادەملەر ئارىسىدىكى كۆرۈنمەس مەنىۋى ئايرىلىقنىڭ ئادەم چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە يىراقلىشىپ «ئىنسان»لىق خاراكتېرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، جەمئىيەتنى قورقۇنچلۇق جىنايەت شەكىللىرىنىڭ قاپلاپ كېتىشى، كىشىلەرنىڭ قانداقتۇر بىر روھىي تەڭپۇڭلۇق ئاتا قىلىدىغان مەلھەم دورىغا تەشنا بولۇشى، لېكىن ئۇنى تاپالماسلىقى ۋە شۇ سەۋەبتىن «ئۆزلىرىنى ھەرتەرەپكە قالايمىقان ئۇرۇشلىرى»، قورقۇشلىرى قاتارلىقلار چوڭ بىر مەنىۋى بوھراننىڭ قارا سايىسىنى تاشلىدى.

مۇنداق يۈزلىنىشنى جەمئىيەتشۇناس يۈۋېيدۇڭ ئەپەندى يەنىلا دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈپ: «غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى مۇقەررەر — ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە. چۈنكى دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئىينىڭ باشلىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئاخىرلىشىشتەك قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت جەريانى بولىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس»⑨ دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمما كۆپلىگەن غەرب ئەھلى ۋە ئۆزلىرىنى تامامەن خرىستىئان دىنى تەسىرى ئاستىدىكى شۇنداق بىر مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە دەپ قارايدىغان غەرب جەمئىيەتشۇناس، مەدەنىيەتشۇناس ئالىملىرى بولسا غەرب دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلغاندا ئۇلارنىڭ تەپەككۇر يولى ۋە ئۇسۇلى خۇددى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ قالماقتا. يەنى ئۇلارمۇ خرىستىئانلارنىڭ خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ھەددىدىن زىيادە يىراقلاپ كېتىشى، ئۇنى ھەدىسلا رېئال تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرىمىز دەپ تولا ئۆزگەرتكەنلىكتىن بۈگۈنكىدەك كرىزىسقا پېتىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن دەپ قاراشماقتا. ئەقىل بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەلۇم نىسبەت تەڭپۇڭلۇقى بولۇشى كېرەكمۇ-يوق؟ بولسا قانچىلىك، قايسى دەرىجىدە بولۇشى كېرەك؟ خرىستىئان دىنى ماھىيەتتىن يىراقلىغان بولسا زادى قانچىلىك يىراقلاپ كەتتى؟ ... بۇ مەسىلىلەردە ھازىر غەربتە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى، ئەمما مەزمۇنى ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. مەسىلەن، ھازىر غەرب بولۇپمۇ ئامېرىكىدا خرىستىئان ئەسلىيەتچىلىرى بىر ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا كەلمەكتە. «ئامېرىكا ئاھالىسىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى خرىستىئان دىنىنىڭ بىر رادىكال تارمىقى بولغان يېڭى پروتستانت دىنىغا (ئىنگلىزچە Baptism، خەنزۇچە 洗礼派) ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، بۇلار ئىچىدە ھەرخىل شەكىل ۋە نامدىكى خرىستىئان ئەسلىيەتچىلىرى گۇرۇھى ۋە باشقا خىل خرىستىئان

گۈزەللىرىدىن 100خىلىدىن ئارتۇقراقى ھازىر مەۋجۇت. شۇنىڭغا قارىماي يەنە يېڭىدىن يېڭى دىنىي ئەۋلىيا، يولباشچىلار ھەمدە تەشەببۇسى بىر-بىرىدىن قەتئىي ۋە رادىكال بولغان ھەرخىل تەلىمات ۋە پائالىيەتلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك پەيدا بولۇپ تۇرماقتا»⑩. مانا بۇ ئەھۋال مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا غەرب ئەھلىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن پۈتكۈل مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ جان تومۇرى دەپ قارالغان دىنىي ئېتىقادىنى تۈزىتىش، ساپلاشتۇرۇش، تاشلىۋېتىلگەن، سەل قارالغان تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىپ تولۇقلاش ئارقىلىق ئۆز كرىزىسلىرىنى ئوڭشاشقا ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىنكى، ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئېيتقاندەك دىندىن ئاللىقاچان مۇستەسنا بوپكەتكەنلىكىنىڭ، دىنىي يالغان نەرسە، تەرەققىيات دۈشمىنى، «مەست قىلغۇچى زەھەرلىك دورا» دەپ قارىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ ھەقتە كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى داۋىد. ر. گرىفىن (David. R. Griffin) «كېيىنكى مودېرنىزملىق دىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىلچىلىك، ئىدراكىزمنى كۆپ تەكىتلەيدىغان مودېرنىزم خۇداغا بولغان ئېتىقادتىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيادا قىممەت قاراش ۋە ئۆلچەملەرنىڭ نىسپىيلىشىپ خىلمۇ خىل بوپكېتىشى بىلەن ھەركىم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان، توغرا-خاتانى ئۆلچەمگە سالغىلى بولمايدىغان، چېچىلاڭغۇ سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، كىشىلەرنىڭ ساختىلىشىپ مەنپەئەتپەرەس بوپكېتىشى ،باشقىلارنى ئىدارە قىلىش ۋە ماددىي بايلىق ئىگىلەشنىلا ئارزۇ قىلىدىغان ماددىغا چوقۇنۇش – ماتېرىيالىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشى، يادرو تەھدىتىگە ئوخشاش كۈچلۈكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇق ماددىي زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ شەپقەتسىز ھالدا باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان يېڭى مىلىتارىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشى، يېڭى شەكىلدىكى قەبىلىۋازلىق، ئايرىمچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى قاتارلىق دۇنياۋى سەلبىي ئاقىۋەتلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭغا قارشى ھالدا كېيىنكى مودېرنىزم بۇرۇنقى مودېرنىزم (بىز ئادەتتە دەۋاتقان مودېرنىزم)نىڭ كەمچىلىكىنى تۈزىتىپ، خۇدانىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدلۇق قارىشىنى قايتىدىن تىكلەپ، خۇداغا بولغان ئېتىقادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈدىغان، دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئىلىم-پەننىڭ ماسلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىدىغان بولغاچقا يۇقىرىقى ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە. شۇڭا ئۇ غەرب ئۈچۈن يېپيېڭى چىقىش يولى بولغۇسى»⑪.

ئەمما ئىسلامغا كەلسەك، ئۇ يېقىنقى زاماندىن بېرى كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن باشتىن-ئاخىر نوقۇل تەرەققىيات ئۈچۈنلا ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى قەتئىي خالىمايدىغان بىر مۇقىم ئېتىقاد سىستېمىسى بوپكەلدى. يەنە كېلىپ ئۇ مۇكەممەل، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەم ئۈلگىلىك ئەخلاق سىستېمىسى ۋە ياشاش پرىنسىپلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ «مۇقەددەسلىك» بىلەن باغلانغان گۇناھ – ساۋاب تۇيغۇسىدىكى كەسكىن ئەخلاقى ھەر زاماندا دۇنيا كىشىلىرىگە ئۈلگىلىك قىلىپ بولۇشتەك جەلپكارلىق رولىغا ئىگە بوپكەلدى. ئىسلام دىنىنىڭ مانا مۇشۇنداق دۇنيادا ئەخلاقنىڭ مۇقەددەس ئورنى ۋە نوپۇزىنى تىكلەپ بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئەخلاق گەرچە دىندەك نازارەتسىز، ئىنسان تەسىرىسىز ئاپتوماتىك چەكلەش رولىغا ئىگە بولالمىسىمۇ، دىندىن خالىي جەمئىيەتلەردە ئۇنىڭ رولى باشقا چەكلەش ئەسلىھەلىرىگە قارىغاندا ياخشى جارى بولۇپ، جەمئىيەتنى كونترول قىلىدىغان ئالىي ئۆلچەم، ئالىي ئېتىقاد سىستېمىسى سۈپىتىدە ئەڭ يۇقىرى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بوپكەلمەكتە. مەسىلەن، دۆلىتىمىز تەشۋىق قىلىۋاتقان «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشى، ئالىجانابلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىپ شان-شەرەپ قازىنىش غايىسى، خەلقنىڭ تىنچ-خاتىرجەم بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرۇش» قاتارلىق ئەخلاقىي قاراشلار مانا مۇشۇنداق رولغا ئىگە.

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەر راستتىنلا توقۇنۇشامدۇ؟ نېمىشقا، قانداق توقۇنۇشىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق-توقۇنۇش دېمەكتۇر. دۇنيا توقۇنۇشلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ شۇ» دېگەن قارىشى مېنىڭچە بولغاندىمۇ يۈزۈيېدۈك، شىياۋجۇنمىڭلار ئېيتقاندەك بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان قاراش. چۈنكى تارىختا ھەم ھازىرمۇ ئوخشاش مەدەنىيەت تۈركۈملىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇش ناھايىتى كۆپ بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ. مۇندىن كېيىنمۇ ساقلانغىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ئەڭ مۇھىم يەنەبىر تەرىپى شۇكى، ئەگەر پەرقلىق مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشسا پۈتۈن گەۋدە بويىچە توقۇنۇشامدۇ ياكى مەلۇم قىسمى توقۇنۇشامدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىدا (باشتا) بېرىلگەن تەبىرى، مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا بىز بۇ مەسىلىگە مەدەنىيەتلەر ھەم توقۇنۇشىدۇ ھەم توقۇنۇشمايدۇ دەپ جاۋاپ بېرەلەيمىز. توقۇنۇشىدىغىنى ئېتىقاد، ئىدېئولوگىيە، قىممەت قاراش، باشقىچە ئېيتقاندا نېمىنىڭ ھەق، ھەقىقىي قىممىتى بار، نېمىنىڭ ھەقىقىي، چوڭقۇر، مەڭگۈلۈك قىممىتى يوق دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى ئوخشىمايدىغان ئىدىيە، ئېتىقاد ئارىسىدىكى توقۇنۇش. توقۇنۇشمايدىغىنى ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە باشقا ماددىي تەرەققىياتلار بىلەن مائارىپ، سەنئەت شەكلىدىكى مەنىۋى تەرەققىيات نەتىجىلىرى ھالىتىدىكى مەدەنىيەت، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام مەدەنىيەت شەكىللىرىدىن ئىبارەت. دۇنيادىكى ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ مەقسىتى ئۆز قىممەت قارىشىنى ساقلاش ئاساسىدا تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش. ئىسلام مەدەنىيىتىمۇ شۇنداق. ئۆز ئېتىقاد سىستېمىسىنى مۇستەھكەم ساقلاش ۋە قوغداش

www.uyghurkitap.com

ئاساسىدا تەرەققىيات جەھەتتە زامانىۋىلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنىڭ كۆرەش نىشانى. غەرب دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا تېزدىن ئومۇملىشىشى، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن باشلاپلا يولغا قويۇلۇشى، يادرو ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىشتەك يۇقىرى تېخنىكىنىڭ ئىسلام ئەللىرىدە (مەسىلەن ئىراندا) خېلى كەڭ قوللىنىلىشى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. شۇڭا ئىسلامغا قارشى مەلۇم بىر غەرب سىياسىيئونى بۇ تەرەپنى ئېتىراپ قىلىپ: «ھازىرغىچە ئىسلام دۇنياسىدا ھەتتا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ئىچىدىنمۇ زامانىۋىلىشىشنى ياقتۇرماسلىقنىڭ بىرەر ئىسپاتى تېپىلغىنى يوق» دېگەن. جۇڭگو ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرمۇ شۇنداق.

ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ھەرقايسى مەدەنىيەت تىپلىرى دائىم ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى توقۇنۇش بولماستىن بەلكى ئۆزئارا ئۆگىنىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش بولغان. ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن: ئەجدادلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن گۈللەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىمۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا ۋە تۈرك، ھىندى مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە يارىتىلغان. ئەمما مەدەنىيەتنىڭ يادرولۇق، ئالىي قاتلىمى بولغان ئېتىقادىي قىممەت قاتلىمى بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد شەكلىدىكى ئېتىقادىي قىممەتلەر ئۇچراشقاندا شەك-شۈبھىسىز توقۇنۇش بولىدۇ. ھەرقانداق توقۇنۇشنى كېلىشتۈرگىلى بولسىمۇ لېكىن بۇ توقۇنۇشنى كېلىشتۈرگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭ مىسالىمۇ ناھايىتى ئېنىق: دىنلارنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئالدىنقا 2500 يىل، كەينىگە 1500 يىل بولدى، ھازىرغىچە قايسى دىن بىلەن قايسى دىن توقۇنۇشماي، مۇرەسسەلىشىپ ئىتتىپاق تۈزەلىدى ياكى بىرلىشەلىدى؟ شۇڭا خانتىڭتون دۇنيادا توقۇنۇشۇش ئېھتىمالى بولغان سەككىز چوڭ مەدەنىيەت تىپىنى كىتابىغا بىر-بىرلەپ تىزغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە تەھلىل جەريانىدا پەقەت ئىككى چوڭ لاگېرنى - ئىسلام ۋە خىرىستىئان دۇنياسىدىن ئىبارەت ئىككى مۇكەممەل دىن بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئىككى چوڭ مەدەنىيەت تىپىنىلا ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭنىڭ قاتناشقۇچىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ ئارقىلىق مەدەنىيەتتە توقۇنۇشىدىغان نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە دىن ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن.

دېمىسىمۇ ئۇ ئېيتقاندەك، غالىبانە تۈيغۇدىكى غەرب بىلەن قەتئىي «پوزىتسىيىسى قاتتىق» (خانتىڭتوننىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا) شەرق يەنى ئىسلام توقۇنۇشىنىڭ ئاخىرقى مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەر ئىككى دىن بىر خۇدالىق دىن بولۇش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىم كۈچلۈك بۇرچ تۈيغۇسىغا ئىگە دىنلار بولۇپ، ئۆزلىرىنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قاراپلا قالماي يەنە باشقىلارغا، غەيرىيلەرگە ئۆزىنىڭ ھەق - توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇتقۇزۇشنى پەرز دەپ ھېسابلايدۇ. ئەلۋەتتە مۇنداق قەتئىيلىكتە ئىسلام تېخىمۇ قاتتىق. شۇڭا غالىب خىرىستىئان دۇنياسى نۆۋەتتىكى يولباشچىسىز، چېچىلاڭغۇ، پاسسىپ ھالەتتىكى ئىسلامنىڭ ئاجىزلىقىدىن خۇشھال بولۇشتىن كۆرە ئۇنىڭدىكى بۇ قەتئىيلىكنىڭ - غەربلىكلەر دەۋالىدىغان «كەڭ قورساق بولماسلىق» تەك ئەۋزەللىكنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدىن دەزكەتكەن گەۋدىسىدە يوقلىقىنى سەزگەندە ساراسىمىگە چۈشۈپ دەرھال قوغدىنىشقا، ئىسلامنى چەكلەشكە تەييارلىنىپ مەزكۇر ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئېھتىماللىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا. ئامېرىكىنىڭ ئىراقنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىپ ئۇنى ئوتتۇرا شەرق ئىسلام دۇنياسىغا قارشى تۇرۇشتىكى بازا قىلماقچى بولۇشى سىياسىي مەنپەئەتنى قوغداۋاتقان ساپ مەنپەئەتپەرەسلىكتىن باشقا يەنە مەدەنىيەت توقۇنۇشى جەھەتتىكى ئالدىن قول سېلىش قىلمىشىنىڭ بىر بەلگىسى بولسا كېرەك.

ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، خانتىڭتوننىڭ ئىدىيىسىنى غەرب سىياسىيئونلىرىنىڭ مەنپەئەتچىلىك كۆزقارىشى قاپلاپ تۇرغاچقا، ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆزىنىڭ دىنسىز ئەسلى ماھىيىتىنى دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى «مۇتلەق ھەقىقەت» - خۇدا ھەققىدىكى دىنىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئەمەس بەلكى ئەمەلىي نەپ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلىشىدىغان ھوقۇق، مەنپەئەت ھۆكۈمرانلىق قارىشىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنىمۇ يوشۇرالمىغان. ئۇ بىر تەرەپتىن خىرىستىئان دىنى تەسىرى ئاستىدىكى غەرب دۇنياسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدىسىلا ھەربىي كۈچ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى غەرب ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق ساقلاشنى، غەيرى غەرب ئەللىرىنى ئامال قىلىپ ئاجىز ھالەتتە تۇتۇش ۋە چەكلەشنى بار كۈچى بىلەن مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ «سىياسىي دانالىقى» ھازىرقى ئامېرىكىنىڭ سىياسەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئىراق ئۇرۇشىدا بۇ سىياسىي قارانىيەت ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي نىيىتى تېخىمۇ ئاشكارا بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ئىككى چوڭ دىنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاسلا كىشلەرنى ياخشىلىققا باشلايدىغان نوقۇل تەرغىبات، تەلىمات سىستېمىسىلا بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئۆز سىياسىي ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە، ئىرادىسىگە ئىگە مۇكەممەل سىياسىي سىستېمىلار (خىرىستىئان دىنى گەرچە ھاكىمىيەت سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ) بولغاچقا خانتىڭتوننىڭ بىز دەۋاتقان ساپ مەنپەئەتپەرەسلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىي قارانىيىتى تارىختىكى نۇرغۇن قېتىملىق مۇشۇ تەرزدىكى ھادىسىلەرگە ئوخشاش ۋاقىتىنچە ئانچە بىلىنمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھازىر دۇنيادا يېقىندىن يەنە

غەرب ،شەرق دېگەن ئىككى سىياسىي ئاتالغۇ مەيدانغا كەلدى . ئىلگىرى ئۇلار كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنى كۆرسەتسە ، ئەمدىلىكتە ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىر مىليارد 200مىليون ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خرىستىئان غەرب دۇنياسى بىلەن ئوتتۇرا شەرق ،شىمالىي ئافرىقا ، جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 45دۆلەتكە تارالغان ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان شەرق ئىسلام دۇنياسىنى كۆرسىتىدىغان بولدى . شۇڭا غەربنىڭ بەزى ئاۋانگارتلىرى ئەمدى «ئىلگىرى كوممۇنىزمنىڭ قارا تۇمانلىرى ئىچىدە قورقۇپ ياشىغاندۇق . ئەمدىلىكتە ئىسلامنىڭ دېڭگە ئوخشايدىغان ياۋۇز ،ھەيۋەت گەۋدىسى بىزگە تەھدىت سالماقتا »⑫ دەپ جار سېلىشقا باشلىدى . بۇ ئىككى لاگېر ئارىسىدىكى رەسمىي ئۇرۇش سېپىنىڭ تېخى تولۇق شەكىللىنىپ بولالمىغانلىقىغا قارىماي غەرب سىياسىيئونلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك جۆيلۈشلىرى ، خانتىڭتۇنغا ئوخشاشلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرق ئىسلام دۇنياسىنى ھەربىي ،ئىقتىسادىي ، سىياسىي جەھەتتىن بېسىش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەدەنىيەت توقۇنۇشىدا شەرق ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا مۇراجىئەت قىلىشلىرى بىزگە بۇ توقۇنۇشنىڭ قايسى تەرزدە بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ . ئەمدى 12-ئەسىردىكى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ، 14-ئەسىردىكى ئوسمان تۈرك ئىستېلاسىدەك ئەھۋاللار يۈز بەرمەسلىكى ،ھېچ بولمىغاندا خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە پەيدا بولماسلىقى مۇمكىن . غەرب بۇ توقۇنۇشتا يەنىلا ياۋروپا كوممۇنىزمنى مەغلۇپ قىلىشتا ئىشلەتكەن «خاسىيەتلىك دورا»- ئىدىيە جەھەتتە سىڭىپ كىرىش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىدۇ .يەنى بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ،مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشسا ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنى ھۆكۈمەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ ، خەلقئارادا مۇسۇلمان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنى سىياسىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالاپ ، ھەربىي جەھەتتىن تەھدىت سېلىپ ،زۆرۈر تېپىلغاندا ئىراقنى بېسىۋالغاندەك ئەسكەر ئەۋەتىپ بېسىۋېلىش دېگەندەك چارىلەر بىلەن تەسلىم قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ .ئەلۋەتتە بۇجەرياندا يەنە ئىلگىرىكى دىنىي مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىدا سادىر بولغاندەك ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئوينايدىغان خىلمۇخىل رەزىل ئويۇنلىرىمۇ ئوينىلىشى ، ئۇلارنى ئالدىراپ پەرق ئەتكىلى بولماسلىقى مۇمكىن . لېكىن قانداقلا بولمىسۇن شۇ نەرسە بىزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇۋېتىكى ، بۇ قېتىمقى كۆرەش -توقۇنۇش ئالدىنقى ئەسىرىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكىدەك ئىككى خىل تۈزۈم قارىشى ئارىسىدىكى توقۇنۇش بولماستىن بەلكى زامانىۋى دۇنيارىمىزدىكى دىنىي ئاساس ۋە مەركەز قىلىغان توقۇنۇش بولغاچقا شەكلى ، ۋاقتى ،مەزمۇنى قاتارلىقلار بۇرۇنقى ھەرقانداق توقۇنۇشقا ئوخشىماسلىقى مۇمكىن . شۇنداقلا بۇ توقۇنۇش مۇسۇلمان ئاۋام خەلقىغىلا ئەمەس ، بەلكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۇرگۇزگۇچىلىرىگىمۇ ،ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقىنى يېتەكلەش ،باشقۇرۇش ،ئۆز خەلقىنىڭ ئېتىقادى ، تۇرمۇش شەكلى قىسقىسى پۈتكۈل مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كۆرسىتىدىغان رەھبەرلىك ، داھىيلىق ئىقتىدارىغىمۇ كۈچلۈك جەڭ ئېلان قىلغۇسى .

مەن ئاخىرىدا كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ خانتىڭتوننىڭ مول تارىخىي پاكىت ۋە مەلۇماتلار ، سىياسىي تەھلىللەر بىلەن تولغان بۇ كىتابىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ چىقىشىنى ۋە باشقا مەدەنىيەت ھەم مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىغا ئائىت ئۇچۇر مەنبەلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ،ئۆزئالدىغا پىكىر يۇرگۈزۈپ بېقىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن .

## ستاتا مەنبەلىرى

① ② «دۆلەتىمىز سىرتىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلى ( 国外社会科学 )نىڭ 2003-يىل 3-، 4-سانلىرىغا بېسىلغان سۇگوشۈن ( 苏国勋 )يازغان «يەرشارىلىشىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدىكى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە بىللە ياشاش» ( 全球化背景下的文化冲突与共生 )ناملىق ماقالە (خەنزۇچە نەشرى ) .

④ ، ⑨ «ئەرەب دۇنياسى» ( 阿拉伯世界 )ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 6-سانىغا بېسىلغان يۈۋېيدۇڭ ( 虞卫东 )قەلەمىدىكى «ئىراق ئۇرۇشىدىن〈مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيىسىنىڭ ماھىيىتى〉گە يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزە» ( 由伊拉克战争论《文明冲突论》本质 )ناملىق ماقالە (خەنزۇچە نەشرى ) .

③ ، ⑥ ، ⑦ ، ⑧ سەيمىل خانتىڭتون : «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» (ئۇيغۇرچە نەشرى )شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نويابىر نەشرى .

⑤ «دۆلىتىمىز سىرتىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر» ( 国外社会科学 ) ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 2-سانىغا بېسىلغان شياۋجۈنمىڭ ( 萧俊明 ) قەلىمىدىكى «مەدەنىيەتنىڭ قايمۇقتۇرۇشى» ( 文明的困惑 )ناملىق ماقالە (خەنزۇچە نەشرى ) .

⑩ 2003-يىل ئاۋغۇستتا تۈزۈلگەن «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى 6-دەرىجە ئىمتىھانى ئۈچۈن ئوقۇش سوئاللىرىدىن 180پارچە »دېگەن كىتاب (ئىنگلىزچە توپلام ) .

⑪ داۋىد .ر .گرىفىن يازغان «كېيىنكى مودېرنىزملىق دىن »دېگەن كىتابنىڭ 4-بابى (خەنزۇچە نەشرى ) .

⑫ ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان «ئىسلام تەتقىقات ژۇرنىلى» (journal of islamic studies )نىڭ 1999يىل 10-سانىغا بېسىلغان ئىمەنيول ۋۆلېرستېين (Immanuel Wallerstein )يازغان «ئىسلام ، غەرب ۋە بۇدۇنيا» (Islam, The West and The World )ناملىق ماقالە (ئىنگلىزچە نەشرى ) .

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى(M1)



# سېكرېتارلىقتىن تېۋىپلىققىچە

(ئوچېرك)

نۇرمۇھەممەت توختى

## مۇقەددىمە

بۇ بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى ھېكايە، ئەمما توقۇلما ئەمەس. بىز بۇيەردە زامانىمىزدىكى كوممۇنا ـ ئەترەتتىكى بالا دېھقانلار، ئاچ قېلىنشلار، بىناكارلىق ئەترىتىدىكى شاگىرت تامچى ـ سۇۋاقچىلار، چوڭ ئەترەت كاسسىرى، چوڭ ئەترەت سېكرېتارى، بىناكارلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، ھەرخىل شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورى، قولى شىپا تېۋىپ ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. يەنە تېخى داڭلىق شائىرلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىشىگە مۇشەررەپ بولۇشلار، بېشى قانىقانغا مەسلىھەت بېرىشلەر، بېشىغا كۈن چۈشكەنگە ياردەم بېرىشلەرھەققىدە ھېكايە قىلىشىمىز مۇمكىن. ھەممىسى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار. ئەمما ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئەمەس. مەغلۇبىيەت، پۇشايمان، بوزۇلۇش، كېسەللىك، ئەسلىگە قايتىش، يەنە مۇۋەپپەقىيەت بىرگە بولىدۇ. كىمنىڭ ھايات يولىغا زەپەر مارشى ـ شادىيانىلا ھەمراھ بولۇپ باققان؟ ئاددىي بىر ئادەمنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بولغانىكەن، ئۇ كومېدىيىلىك ياكى تراگېدىيىلىك تەركىبى كەم، تۈزسىزراق، ئاددىي، ئەمما تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ھېكايە بولىدۇ. باش پېرسوناژ كىم؟ ئىسمى-شەرىپى نېمە؟

2002-يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئەپەندى قەلەم تەۋرەتكۈچىگە تېلېفون بېرىپ: «سىلەر تەرەپتە ھۆكۈمەت ياكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار نامىدىن ئەمەس بەلكى شەخسىي نامىدىن ئەل خىزمىتى قىلىپ، جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن كىملەر بار؟ ھەرقايسى ناھىيە-يېزىلاردىمۇ بارمۇ؟ ئاشۇنداقلارنىمۇ قەلەمگە ئېلىپ ئىززىتىنى قىلىش زۆرۈر ئىدى...» دەپ سورۇشتۇردى. قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ ئەل-جامائەتنى بىلىشى خېلىلا كەم بولغانلىقتىن مۇئاۋىن مۇدىرغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدى. پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئات-ئۇچۇرىنى تىلغا ئالالىدى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئابابەكرى راخمان. كېيىنكى چاغلاردا «خوتەن شەھەر داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»نى ئاچقان تېۋىپ ئابابەكرى راخمان شۇ. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئېلان پروگراممىسىدا ئىسمى دائىم تىلغا ئېلىنىپ تونۇلغان ئابابەكرى راخمان شۇ. بىزنىڭ بۇ يازمىمىزدىكى باش پېرسوناژمۇ شۇ.

www.uyghurkitap.com

## 1.ئابابەكرى راخمان شائىرلارنىڭ دوستى

ئابابەكرى راخمان خەلق شائىرى ،مەرھۇم روزى سايىتتىن يەتتە-سەككىز ياش كىچىك . ئىككىسى بويىلىرى ئاساسەن تەڭ . ئەمما شائىردىن سەل بەستلىكرەك . شائىر شائىرانە شوخ مىجەزلىك . ئابابەكرى راخمان بولسا سېكرېتارلاردەك سۇر ۋە تېۋىپلاردەك سالاپەتتە خېلىلا ئېغىر-بېسىق . كەلگۈسىنىڭ شائىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كوممۇنىدا 14ياشلىق بالا دېھقان بولغان 1958-يىلدا ئابابەكرى راخمان تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى . ياش-قورام ،تەققى-تۇرق ۋە مىجەز - خاراكتېردىكى پەرق ئۇلارنىڭ بىر مەھەللىدە ياششىغا ،بىر ئەترەتتە ئىشلىشىگە ،43يىل دوست-ئاغىنە بولۇپ ئۆتۈشىگە توسقۇن بولالمىدى . ئابابەكرى راخمان شائىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى .

خوتەن شەھىرى - ئىلچىگە 1890-يىللىرى سېلىنغان ئەسكىري سېپىلنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى «تۆمۈر دەرۋازا»دېيىلىدۇ .ئورنى بۈگۈنكى ۋىلايەتلىك كىنو-تىياتىرخانىنىڭ قىيپاشراق شەرقىي شىمالىدا ئىدى . 1958-يىلى ئىلچى بازىرى «گۈزەل ئىستىقبال خەلق كوممۇنىسى»دەپ ئاتالغان چاغدا «تۆمۈر دەرۋازا»نىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردىن «1-چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى»تەشكىللەندى . 1966-يىلى «تۆمۈر دەرۋازا»ۋە سېپىلنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى چىقىۋېتىلىپ «تۆمۈر دەرۋازا»دېگەن ئىسىممۇ ئۇنتۇلدى ۋە بۇيەر يېرىم ئۇيغۇرچە ،يېرىم خەنزۇچە «1-دادۇي»دەپ ئاتىلىدىغان بولدى . كىچىك ئابابەكرىنىڭ ئاتىسى راخمانئاخۇن ئاكا بىلەن كىچىك روزى دېھقانىنىڭ بەش سۇلالىگە ئەسكەر بولغان ئاتىسى سايىتئاخۇن كانايچى ئاشۇ «1-دادۇي»نىڭ ئەزالىرى ئىدى . روزى دېھقان بىلەن كىچىك ئابابەكرىمۇ تەبىئىي ھالدا ئاشۇ «1-دادۇي»نىڭ ئەزالىرى بوپقالدى .

**ھېكايەت :**

كوممۇنىنىڭ داشقازىنىدىن يۇندىدەك سۇيۇق ئۇماچ ئىچىلىدىغان ئاچارچىلىق يىللىرىدا ئاچ قورساق ھالدا ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان ، قۇرايدەك ئورۇقلاپ كەتكەن كەلگۈسىنىڭ شائىرى كىچىك ئابابەكرىنى گوللىماقچى بولدى .كىچىك بولغاچقا گوللاشقا بولاتتى .روزى دېھقان تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئىشلەتكەن دەپتەر-كىتابلىرىنى ئابابەكرىگە كۆرسەتتى . ئۇنىڭدىكى شېئىر - قوشاقلارنى ئوقۇپ بەردى ۋە ھەممىسىنى تۆت زاغرىغا تېگىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى . كىچىك ئابابەكرى

«گۈزەل گۈزەل گۈلىستان ،
بۇلبۇلى بىز چىمەننىڭ .
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز
ماۋجۇشىغا تۇمەنىڭ » .

دەپ قوشاق يېزىلغان ئاشۇ كونا دەپتەرلەرگە قىزىقىپ قالدى . بەلكىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا ئۆگىنىشىمگە ياردىمى بولار دەپ ئويلىغاندۇ . بەلكىم باللارچە ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ قالغاندۇ . ئارىدا سودىلىشىش بولدى . دەپتەرلەرنى ئىككى زاغرىغا تېگىشىدىغانغا كېلىشتى . كىچىك ئابابەكرىنىڭ ئانىسى ئوغۇلخان ئايلا كوممۇنىنىڭ ئاشخانىسىدا زاغرا ياقاتتى . ئابابەكرى تونۇر بېشىدىكى كۆزلەرنى غەلەت قىلىپ ئىككى زاغرا جايلاپ كەلدى . زاغرا كەلگۈسىنىڭ داڭلىق شائىرىنىڭ قاپارتقۇ بىلەن تولغان قوللىرىغا ،دەپتەرلەر بولسا كىچىك ئابابەكرىنىڭ قوللىرىغا ئۆتتى . ئاچ روزى دېھقان ئىككى زاغرىنى تۆت يالماپلا يەپ بولدى . ئەمما ئابابەكرى ئاشۇ دەپتەرلەرنى 45يىل - تاھازىرغىچە ساقلىدى .

ئىككى ئاغىنىنىڭ يادىدا قالغان ئەڭ دەسلەپكى ئەسلىمە شۇ . بۇ قىممەتلىك باللار سودىسىدا كىم كىمنى گوللاپ ،كىم پايدا تېپىپ ،كىم زىيان تارتتى دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق . شۇنداق قىلىپ ئىككى ئاغىنىنىڭ بىر مەھەللىدە بىللە ياششى ،بىر ئەترەتتە بىللە ئىشلىشى ، شائىرنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىگىچە ئىزدىشىپ ئۆتۈشلىرى باشلىنىپ كەتتى . بىللە ياشىغانىكەن ، بىر-بىرىنىڭ كەچمىشلىرىگە شاھىد بولىدىغان گەپ . ئابابەكرى شائىر روزى سايىتنىڭ 45يىللىق كەچمىشلىرىگە شاھىد بولغاندەك ، شائىر روزى سايىتمۇ ئابابەكرىنىڭ باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپلا كىچىك دېھقان بولۇشىغا ،ئۇماچ ئىچىپ يۈرۈپمۇ ئېگىز بويلۇق ،غول-بەستلىك ئادەم بولۇپ ئۆسۈشىگە ،بىر ئاغىلىغانى ئەستە تۇتۇۋالىدىغان قولاق مولللىسى بولۇپ يېتىشكەنلىكىگە ،ئەترەتتىكى ھېيتئاخۇن ئىسىملىك مۇنەججىم ئادەمنىڭ ھاجەتمەن بىمارلارغا دورا بۇيرۇشلىرىغا قاراپ تېۋىپلىققا ئىشتىياق باغلىغانلىقىغا ،چوڭ ئەترەتتە كاسسىر ،سېكرېتار بولۇپ مەنسەپ تۇتقانلىقىغا شاھىد بولدى .

ماقال-تەمسىللەردە «قازانغا يېقىن تۇرساڭ قارىسى يۇقار»دېيىلىدۇ . بۇ مەنتىقە بويىچە ھالۋىچىغا يېقىن تۇرساھالۋا يۇقۇپ تۇرۇشى ،شائىرغا يېقىن تۇرسا شېئىر يۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار شائىر روزى سايىتنىڭ ئاغىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كىتاب-شېئىرلارنى ئوقۇيدىغان ، ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان سېكرېتار بولۇپ چىقتى . شۇ يىللاردا شائىر روزى سايىتنىڭ توزغاق بازىرىدىكى كىچىك كۆلبىسىگە شائىرلار كېلىپ تۇراتتى . ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار سېكرېتارلىق ھۆرمىتى بىلەن ئەمەس بەلكى شائىر روزى سايىتنىڭ ئاغىنىسى سالاھىيىتى بىلەن بۇنداق ئەنجۇمەنلەرگە تەكلىپ قىلىناتتى .ئۇ ئاشۇ يىللاردا يازغۇچى (مەرھۇم )قاھار جېلىل ، شائىر (مەرھۇم )ئىمىن راشىددىن ، مۇھەممەتئىيسا قۇربان ، (مەرھۇم )مۇھەممەت ھوشۇر ئارسلانلار بىلەن تونۇشتى ھەتتا ئاغىنە بوپكەتتى . سېكرېتار بىلەن شائىرلارنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى بىر غەلىتە ئىش .بۇ خۇددى غۇژغىنەك كۆكتالغۇ بىلەن

دوست بوپتۇ دېگەندەكلا گەپ . ئەمما ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار بىلەن شائىرلارنىڭ دوستلۇقى خېلىلا ئەبىشىي تۇس ئالغان ،خۇددى بۇلبۇل بىلەن سۇمبۇلنىڭ دوستلۇقىدەكلا تەبىئىي ئىدى . شائىر ئۇچۇن شېئىر ئوقۇيدىغان ،شېئىر چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىسا بولامدۇ ؟

ھېكايەت :

تۇمانلىق 1973-يىل 6-يانۋاردا يازغۇچى قاھار جېلىل قەشقەردىن تويلاشقان رەپىقىسى ، داڭلىق ئۇيغۇر شائىرەسى تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن خانىمنى باشلاپ دېھقان روزى سايىتنىڭ كىچىك كۆلبىسىگە كەپقالدى . روزى سايىت ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ، مەتتىمىن قۇربان قاتارلىق دېھقان دوستلىرىنى ھەمسۆھبەت بولۇشقا چىللىدى . باشقا شائىرلارمۇ كەلدى . شۇ كۈنى ئۇلار تۇرسۇنئاي خانىمنىڭ سۆھبەتلىرىدىن «سۇ دېسەم شاراب بەرگەن قەشقەرنىڭ جۇۋانلىرى »دېگەن مەشھۇر قوشاقنى ھەقىقىي چۈشەنگەندەك بولدى . شائىرە شېرىن سۆخەن سۆزلىرى بىلەن ياشلارنىڭ يۈرىكىگە شېئىرىي ئوتلارنى يېقىۋەتكەنىدى . ئىچىشمەكمۇ قىزىدى . قىزىل ئۈزۈم شىرنىسىدىن چىقىرىلغان ياقۇت رەڭلىك خوتەن مۇسەللىسى سۇس ئەمما سۆزۈك كەيپ قىلاتتى ،سۆھبەت - مۇتالىئەلەرنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى . ئولتۇرۇش شۇنداق قىزىپ كەتتىكى ، گويا ئادەمگە 14-ئەسىرگە - ھىراتتىكى نەۋائىي قەسرىگە قايتىپ بارغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى .خوش كەيپ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ياقۇت رەڭلىك مۇسەللەس كۆۋەجەپ تۇرغان غېدىر قاچىنى قولىغا ئېلىپ ئوقىدى :

«ھەرنېچە دېدىمكى كۈن-كۈندىن ئۆزەي سەندىن كۆڭۈل ،
ۋەھكى كۈن-كۈندىن بەتەرراق مۇپتىلا بولدۇم ساڭا .»

ئارقىدىنلا شارابنى گۈپپىدە كۆتۈرىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مېھمان قايتقۇچە غېدىر جامغا ئەڭ گۈزەل بېيىتلار ھەمراھ بولۇپ ماڭدى . خوشلىشىنى ئاخىرىدا يەنىلا قەشقەرلىك جۇۋان چىقاردى . نەقمەيداندا قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يازدى :

«زەپ ئاجايىپ جاي ئىكەن بۇشائىرلىرى جەم بولۇپ ،
لالە رەڭلىك مەي بىلەنمۇ قىزىتاركەن بەزمىلەر .
شېئىرىيەتكە ،شائىرلارغا باي نەۋائىي يۇرتىدەك ،
دېھقىنىمۇ ، ئىچىسىمۇ ئوقۇيدىكەن نەزمىلەر .»

ھېكايەت :

1981-يىل فېۋرال .

ئاتاقلىق شائىر (مەرھۇم )تېيىپجان ئېلىيېۋ خوتەنگە كەپقالدى .روزى دېھقان قوشاقچىلىقتىن شائىرلىققا ،دېھقانلىقتىن كادىرلىققا كۆتۈرۈلگەن يىللار ئىدى . تېيىپجانغا باشتىن-ئاخىر ھەمراھ بولدى . ئۇنى ئۆيىگە چىللاپ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار قاتارلىق دېھقان دوستلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى . شۇ كۈنى خوتەننىڭ قاتتىق كەيپ قىلىدىغان قاڭسىق جىگدە ھارىقى قۇيۇلغان رومكا توختىماي ئايلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ تېيىپجان ئىچەلمىدى . ئىچمىسە ئىچەلمىدۇ ؟ ئۇنىڭغا ئىچىش نۆۋىتى كەلسە ، «تېيىپجان ئاكىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ، ئىچسە بولمايدۇ »دەپ چاپان ياپىدىغانلار چىقىپ تۇردى . تېخى نۆۋىتىدە كەلگەن ھاراقنى بىردە ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان شائىر مامۇت زايىت ،بىردە سول تەرىپىدە ئولتۇرغان شائىر ئابدۇللا سۇلايمان پىدائىيلەرچە ۋەكالىتەن ئىچىپ بېرىپ تۇردى . باش مېھمان ئىچەلمىسا ، ھال تارتىپ ئولتۇرۇۋالسا ئولتۇرۇش قىزىمدۇ ؟ئىش قاملاشمايۋاتاتتى .بۇنىڭدىن زېرىككەن ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ئۆزىگە نۆۋەت كەلگەندە «خوشە ! »دەپ شۇنداق قاتتىق ۋە شۇنداق سوزۇپ ۋارقىرىدىكى ، ئولتۇرۇش ئەھلى دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى .بۇ ھەقىقەتەن سېكرېتارلارچە ۋارقىراش ئىدى . ئولتۇرۇشنى قىزىتىش ئۈچۈن شۇنداق ۋارقىرىمايمۇ بولمايتتى . تېيىپجان ئابابەكرىئاخۇنغا قاراپ خىتاب قىلدى :

- ھە ، سېكرېتار ، ئاۋاز بەك كۈچلۈكقۇ ؟ تەقسىماتتىمۇ شۇنداق ۋارقىرىيالامدۇق ؟

- ئەلۋەتتە . تەقسىمات ۋاقتىدا ئاۋازى چىقمىغان ئادەمنىڭ باشقا ۋاقىتتىمۇ ئاۋازى پەس بولىدۇ .

- تەقسىمات نەچچە ؟ بىر گۈڭ نەچچە پۇلغا تەڭ ؟

- ئۆتكەن يىلقى تەقسىماتنى تېخى يېقىندىلا ئاخىرلاشتۇردۇق . ھەربىر ئەزانىڭ بىر كۈنلۈكى بىر كوي يەتتە مودىن توختىدى . . .

- ئوھوي . . . راستمۇ ؟

ئاشۇ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى ئۈچۈن 7 .1يۈەن تەقسىمات ئاجايىپ يۇقىرى كىرىم ھېسابلىناتتى . ئولتۇرۇشتىكى پاراڭ تېمىسى تەقسىمات مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى .تېيىپجان ئىشىنەلمەي قالدى . ئابابەكرىئاخۇن ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى . ئىسپاتلاشقا بولاتتى .چۈنكى ئۇلارنىڭ چوڭ ئەترىتى ئاللىقاچان بىناكارلىق ،كۆكتاتچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنىدى .

ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئىشەنگەن تېيىپجان بىردىن ساقىيغا خىتاب قىلدى :

-ھاراق قۇيۇڭلا ، مۇشۇ سېكرېتار بىلەن بىر ئىچىشەي . . .

ئەمدى ھېچكىم «تېيىپجان ئاكام ئىچمىسە بولاتتى »دېيەلمىدى .رومكا سوقۇشتۇرۇلغان چاغدا ، ئابابەكرىئاخۇن يەنە ئېغىز ئاچتى :

- ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرى بىلەن ئىچكەندىكىن شېئىر ئوقۇشۇپ ئىچەرمىز ؟

- ئوھوي ،شۇنداق قىلامدۇق ؟ . . . قېنى ، سېكرېتاردىن كەلسۇن .

- شائىردىن كەلسۇن !

بىر پەس خوش ئېيتىشلاردىن كېيىن يەنىلا سېكرېتار باشلىدى . رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «چاھار دىۋان »دىكى بىرىنچى غەزەلنى ئوقۇپ كەتتى :

«ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسل كەئسى ئەنۋەرۇلھۇدا
يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ جامدىن چىقتى سەدا» .

- ئوھوي ، سېكرېتارمۇ ئوقۇيدىكەن نەۋائىينى ،

- دېدى قولىدا رومكا تۇتۇپ ئىككى شائىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان تېيىپجان ۋە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدى، - بۇمۇ بىر مىسرا شېئىرغا ئوخشىدى. داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ...

تېيىپجانمۇ رۇبائىيلىرىدىن بىر كۇپلېت ئوقۇدى.رومكىلار كۆتۈرۈلدى.شۇندىن كېيىن ئولتۇرۇش شۇنداق قىزىپ كەتتىكى،قاڭسىق جىگدە هارىقى ۋودوپرووۋود سۈيىدەك قۇيۇلۇپ تۇردى. پاراڭ - هەزىللەر مۇتالىئە-مۇنازىرىلەرگە ئالمىشىپ تۇردى. شائىر سورۇندىكىلەر بىلەن دەممۇ دەم رومكا سوقۇشتۇراتتى. دېهقانلارنىڭ ئەهۋالىنى، ئارزۇ-تەلەپلىرىنى،غەم-ئەندىشىلىرىنى ئۇقۇشاتتى. دېهقانلار بولسا كۆپرەك ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قىزىقاتتى. ئەتىسى پاراڭ روزى سايىتنىڭ تورغاق كوچىسىدىكى كىچىك كۆلبىسىدىن ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يېڭى سېلىنغان ئۆيىگە كۆچتى. بۇيەرنى روزى سايىت «بەگ مەهەللە»دەپ ئاتايتتى. دېمىسىمۇ شەهەرنىڭ دېهقان بەگلىرى - ئەخمەتتوختىئاخۇن سېكرېتار، مەمتىمىن روزى سېكرېتار،ئىمىن توختىئاخۇن سېكرېتار، ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار،مەمتىمىن قوربان هاجىم، يەنە تېخى سەيدى ماخمۇت،ئابدۇقادىر دوختۇر قاتارلىق بىر سورۇننىڭ هەقەمسايىلىرى بىر يەرگە ئۆي سېلىپ،ئەينى چاغدىكى ساتىراش ئۇستام توختىئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى - «سېدە توۋى»نى كۆجۇم مەهەللىگە ئايلاندۇرغانىدى. شائىر تېيىپجان بىلەن دېهقان بەگلەرنىڭ سۆهبىتى ئەمدى مانا شۇ يېڭىلا پۈتكەن خام كېسەكلىك ئۆيلەردە داۋاملاشتى. شائىر بارلىق دېهقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ سېكرېتارلارنىڭ تۇرمۇشىدەك بولۇشىنى،يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىشىنى تىلەيتتى. دېهقان بەگلەر بولسا شېئىرنىڭ قىسقا بولۇشىنى،ئاهاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتقىلى ماس كېلىشىنى،ئېغىر ئەمگەك ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا كۆڭۈللەرگە ئارام بېرەلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.تىلەكلەر تىلەندى، تەلەپلەر ئېيتىلدى...

شائىر شۇ قېتىم خوتەن دېهقانلىرىنىڭ ئەهۋالىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ ئەهۋالىنى خېلىلا چوڭقۇر چۈشەنگەن، هەتتا ئۇلار دوستلىشىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. خوتەندىن قايتقاندىن كېيىن ئۇ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارغا بېغىشلىغان شېئىرىنى «قەشقەر ئەدەبىياتى»ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. كېيىن توپلىمىغىمۇ كىرگۈزۈلدى. شېئىر راستىنلا ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارغا بېغىشلانغان، تېخى روزى سايىتنىڭ كۆلبىسىدە ئېيتقان هېلىقى «سېكرېتارمۇ ئوقۇيدىكەن نەۋائىينى»دېگەن جۈملە بىلەن تاماملانغانىدى:

«ئەشۇ رايوننىڭ ئادەملىرىگە
كىم بەرگەندۇ بۇنچە بەدىئىي دىتنى؟
ئېيى بار ئادەمنىڭ بەرى توقۇيدۇ
ئاز دېگەندە بىرەر بېيىتنى.
بەزىلەر دەيدۇ: ئۇدۇمى شۇنداق،
بەزىلەر دەيدۇ: هاۋاسى ياخشى.
ئۇدۇمغا ئەركىن نەپەس بولمىسا،
بولمايتتى مۇنچە باهاسى ياخشى.
باشقا سەۋەبى بارمۇ دەپ سوراپ،
تاپتىم يەنە بىر جاۋابىنىمۇ.
چۈنكى سېكرېتار - بىرىنچى باشلىق
ئوقۇيدىكەن نەۋائىينىمۇ.»

تېيىپجاننىڭ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارغا بېغىشلىغان شېئىرى ئەنە شۇ.1981-يىلىدىن كېيىن تېيىپجان خوتەن تەرەپكە ئۆتەلمىدى. هەتتا 1985-يىلى خوتەندە ئۇيغۇر يازغۇچى-شائىرلىرىنىڭ 20كۈنلۈك كاتتا ئەنجۈمەنى ئۆتكۈزۈلگەندىمۇ كېلەلمىدى. ئەمما ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار بىلەن ئۇنىڭ دوستلۇقى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. سېكرېتار شائىرنىڭ ئېلان قىلىنغان هەربىر شېئىرىنى ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن سوغات قاتارىدا سۆيۈپ ئوقۇيتتى. شائىرنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان 1987-يىلى يانۋاردا سېكرېتار خوتەندىن ئالايىتەن ياڭاق ۋە دورا-دەرمەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنى يوقلاپ بارغانىدى. شۇ قېتىم سېكرېتار يەنە شۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان يەنە بىر داڭلىق شائىر - ئۆزى تېخى يۈز كۆرۈشمىگەن (مەرهۇم)ئابدۇكېرىم خوجىنىمۇ يوقلاپ ئۆتكەنىدى.

سېكرېتارنىڭ شائىرنىڭ نەزىرىگە مۇشەررەپ بولۇشىنى مۇشۇنچىلىك بايان قىلساق بولار. بۇيەردە يەنە شائىر (مەرهۇم) ئىمىن راشىدىدىن، شائىر مۇهەممەتئىيسا قوربانلارنىڭ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار توغرىسىدا يازغان «سېكرېتار» رادىفلىق غەزەللىرىنى نەقىل ئېلىپ يۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق. ۋەهالەنكى، شائىر روزى سايىتنىڭ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارغا بېغىشلاپ شېئىر يازغىنى مەلۇم ئەمەس.بۇنىڭ سەۋەبىنى كۆپ خىل ئىزاهلىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم «ئۆيدىكى توپاق ئۆي بولماس»دېگەنلىرىدەك ئىش بولغان بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى شائىر ئۆز ئاغىنىسىنى مەدهىيىلەشنى كېيىنگە قالدۇرغاندۇ. لېكىن شۇنۇقتا ئېنىقكى،روزى سايىت شېئىرىي خورۇچلارنىڭ كۆپلىرىنى ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارقاتارلىق دوستلىرىنىڭ سۆهبەتلىرىدىن ئالاتتى. كېيىنكى داڭلىق شېئىرلىرىمۇ مۇشۇ دېهقان ئاغىنىلىرىنىڭ تەسىرىدە يېزىلغانىدى. بۇيەردە يەنە بىرەرسىگە بېغىشلاپ شېئىر يېزىش - يازماسلىقنىڭ دوستلۇق بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىگىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك. شېئىر - كۆپ هاللاردا تۇنجى تەسىرات - ئىلهام ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىي خۇلاسىنىڭ ئەمەس بەلكى هېس - تۇيغۇنىڭ مەهسۇلى ئىكەنلىكىمۇ شۇنىڭدىن.شائىر روزى سايىتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا رەتلەنگەن ئىككى شېئىرلار توپلىمى تارقىتىلىپ،روزى سايىت بىزدىن ئايرىلىپ ئىككى يىل ئۆتكەن چاغدا،بىر بالا :مەن

روزى سايىت بىلەن دوست ئىدىمەي ،مېنى ئۇستازى ئورنىدا ھۆرمەتلەيتتىيەي ، ماڭا بېغىشلاپ شېئىر يازغانتىيەي ، توپلامنى نەشر قىلغۇچىلار ئۇنى چىقىرىۋېتىپتۇيەي ، دەپ سورۇنىمۇ سورۇن سۆزلەپ يۈردى .بۇنچىۋالا بېيدا-بېيدا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق . شائىر روزى سايىت 43يىللىق قەدىناس ئاغىنىسى ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتار توغرىسىدا شېئىر يازمىغانىكەن ،بۇ بېغىشلاپ شېئىر يېزىشنىڭ دوستلۇق بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ . گەرچە شائىر روزى سايىت ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتار توغرىسىدا بېغىشلىما شېئىر يازمىغىنى بىلەن ئۇلار ھەقىقىي دوستلاردىن ،سىرداشلاردىن ،پىكىرداشلاردىن ئىدى . شائىر بىلەن سېكرېتار سىرداش ، پىكىرداش بولالىسا ،بۇ قانداق ياخشى ئىش-ھە ؟ ھەممە ئەترەت سېكرېتارلىرى ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتاردەك ، ھەممە شائىرلار روزى سايىتتەك بولالىسا ، ئاندىن بۇنداق سىرداشلىق -پىكىرداشلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ .

## 2.خەلقنىڭ سېكرېتارى

خوتەننىڭ ئادەت تىلىدا «سېكرېتار »دېگىنىمىز پەقەت كوممۇنا ۋاقتىدىكى چوڭ ئەترەت (ھازىرقى كەنت )سېكرېتارىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەمۇرىي بىرلىكلەردىكى سېكرېتارلار خەنزۇ تىلى بويىچە «شۇجى »دېيىلىدۇ . بىزمۇ بۇ يازمىمىزدا «سېكرېتار »دېگىنىمىزدە پەقەت چوڭ ئەترەت (داۋۇي )سېكرېتارىنىلا نەزەردە تۇتىمىز .

ئەگەر بۇ بابتىكى مەزمۇنلارنى يۇقىرىقى بابتىكى بايانلارغا ئۇلاپ مۇھاكىمە قىلماقچى بولساق ،قەغەز يۈزىگە شۇلار چۈشىدۇكى ، شائىرلار گېزىت مۇخبىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى تارتىۋېلىپ ، سېكرېتارلارنى ماختاپ بىر نەرسىلەر يېزىشقا كىرىشكەن بولسا ،ئېنىقكى ، ياكى شائىرلار ئالجىغان بولىدۇ ۋە ياكى ئۇلار ماختىغان سېكرېتار چوقۇم باشقىچە سېكرېتار . ئۇنىڭدا «سېكرېتار »لارچە خاسلىق كەم .داڭلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ، ئۇيغۇر شائىرەلىرىنىڭ سەردارى تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن ، خوتەننىڭ شۇ يىللاردىكى بىردىنبىر شائىرلىرى ئىمىن راشىددىن ، مۇھەممەتئەيسا قۇربانلار ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتار توغرىسىدا ھەيران بولۇپ ، ئەجەبلىنىپ ،ماختاپ شېئىرلار يېزىشقان ، داڭلىق خەلق شائىرى روزى سايىت ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتار بىلەن بىر ئۆمۈر سىرداش ، پىكىرداش ، دوست بولۇپ ئۆتەلىگەنىكەن ، ھۆكۈم قىلالايمىزكى ، ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتاردا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ،خۇلقى - مىجەزى ،تەربىيىلىنىشى ،ئەخلاقى ۋە ساپاسىدا چوقۇم باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە بار . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىكى سېكرېتارلارغا - «تۆت كىشىلىك گورۇھ »نىڭ سول سىياسەتلىرى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردىكى سېكرېتارلارغا قاراپ باقايلى :

سېكرېتار دېگەن كىچىك قارا كۆرپە تېرىسىدىن تەلپەك ، قارا چېپەرقۇتتىن ئىشتان-چاپان كىيىدۇ .چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپماي - يېپىنچاقلاپ ، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ، سۈرلۈك قىياپەتتە مېڭىپ يۈرۈيدۇ .

سېكرېتار دېگەن يېزىلىق ھۆكۈمەت (ئەينى چاغدا كوممۇنا )نىڭ ئوقتۇرۇشىنى ساۋاتلىق بىر بالىغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايدۇ ، ئۆزى ئوقۇيالمايدۇ . قانداقتۇر كىتاب ئوقۇش ، شېئىر-ھېكايە ئوقۇش دېگەنلەردىن ئەسلىرلەپ يىراقتا .

سېكرېتار دېگەن ھۆلۈقما كېلىدۇ . يۇقىرىدىكىلەرنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىسىلا ھودۇقۇپ كېتىدۇ . «خۇسۇسىيلىققا قارشى كۈرەش قىلىش» دېسە ، ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى تارتىۋالىدۇ . «رېۋىزىئونىزم (شيۇجېڭجۇيى )نى تەنقىد قىلىش »دېسە ،ئەترەت ئەزالىرىنى «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر » ، «پومېشچىكقا باغلانغان ئۇنسۇر » ، «دۇتارغا باغلانغان ئۇنسۇر » ، «ھاراققا باغلانغان ئۇنسۇر » ، «جالاپقا باغلانغان ئۇنسۇر »دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ ، يۈزىگە قارا سۈۋاپ ،كۈرەش قىلىدۇ . «كاپىتالىزمنىڭ مايسىسى ئۆسمىسۇن »دېسە ، ئەترەت ئەزالىرىنىڭ كىچىككىنە قالدۇرۇق يېرىدىكى كۆكتاتلارنى يۇلۇپ-چەيلەپ نابۇت قىلىدۇ . تەلپىكىنى ئەگەل دېسە ،بېشىنى قوشۇپ ئاپىرىپ بېرىدۇ . ياغلىقىنى ئال دېسە ،چېچىنى قوشۇپ يۇلىدۇ . چاپىقىنى ئال دېسە كۆزىنى قوشۇپ قارىغۇ قىلىدۇ . تىرنىقىنى ئال دېسە ، قولىنىڭ بېغىشىدىن كېسىدۇ . . .

سېكرېتار دېگەن كەتمەن تۇتمايدۇ ، ئەمگەك قىلمايدۇ . ئەمما ئەڭ تېز سۈرئەتتە باي بولالايدۇ . سېكرېتار بولۇپ ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتمەيلا تىقىلىپ كېتىدۇ ،قازىنىمۇ ،چۆمۈچىمۇ ياغ بولىدۇ . كاۋاپ چايناپ تۈلۈم چاشقاندەك سەمرىپ كېتىدۇ . ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئاچ-توقلۇقى بىلەن كارى بولمايدۇ . «غوجامنىڭ قارنى توق ، قۇلى بىلەن كارى يوق »قا ئايلىنىدۇ . چىبەرقۇت چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ، قىش بېشىدا گېدىيىپ تۇرسا ،ئۇنى ھەرگىز ئەمگەك قىلىۋاتقانلارنى نازارەت قىلىۋاتىدۇ دېمەڭ . ئۇنىڭ ئەس-يادى قانداق قىلىپ كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنى ئۆز قازىنىغا ئەكىرىۋېلىشتا .

سېكرېتار دېگەن ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى كادىرنىڭ ھۆرمىتىنى راسا ۋايىغا يەتكۈزىدۇ . پوردىقىنى ئالقىنىغا ،كۆتىنى گەدىنىگە ئېلىشتىنمۇ يانمايدۇ .

سېكرېتار دېگەن سىرتقا - ھاشارغا كەتكەن ئەزالارنىڭ ياش ۋە چىرايلىق خوتۇنلىرىنى يېرىم كېچىدە يوقلاپ تۇرىدۇ . . .

سېكرېتار دېگەن . . .

مانا بۇ «تۆت كىشىلىك گورۇھ »زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان يىللاردىكى سېكرېتارلارنىڭ ئومۇمىي سۈرىتى . ۋەھالەنكى ھەممىسىنىڭ ئەمەس .

www.uyghurkitap.com

ھەممىسىنىڭ دېسەك ئايرىملىرىغا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇۋال بولۇدىغانلارنىڭ بىرىنچىسى ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار. ئۇ ئاشۇ سۈرەتتە يوق. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئۆزى ئوقۇيالايدۇ. كىتابمۇ ئوقۇيدۇ. شېئىر ـ ھېكايىلارنىمۇ ئوقۇيدۇ. قانداق قىلىپ ئەترەت ئەزالىرىنى تويۇندۇرۇشنى، كېيىندۇرۇشنى ئويلايدۇ. بىرەرسى تەلپىكىنى ئەكەل، ياغلىقىنى ئال دېسە «نەرىگە تاقاشتى» دېيەلەيدۇ. بېسىم بەك كۈچىيىپ كەتكەندە يېڭى تەلپەك ئورنىغا كونا تەلپەك ئاپىرىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ئورنىغا بىرنى ئۆتكۈزۈشنى، كۆزدىن چاپاق، تىرناقتىن كىر ئىزدەيدىغانلارنى گوللاشنى بىلىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە سايىۋەن بولالايدۇ. مانا بۇلار ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ شائىرلار قەلىمىگە مۇشەررەپ بولالىشىنىڭ سەۋەبى. سېكرېتار دېگەن شۇنداق بولسا، شائىرلار نېمە ئۈچۈن كۈيلىمىسۇن؟ ئۆلپەت، دوست ۋە سىرداش بولۇپ ئۆتمىسۇن؟

بىز ئۇنىڭ ئۆز ئەترىتىدىكى ئەزالارنى قانداق تويۇندۇرغانلىقىغا قاراپ باقايلى. ئىش ئۇ سېكرېتار بولۇشتىن ئىلگىرىلا ـ تېخى چوڭ ئەترەتتە كاسسىر بولۇپ يۈرگەندىلا باشلانغان. شەھىرى ئىلچىدىكى «گۈزەل ئىستىقبال خەلق كوممۇنىسى»دا يەر ئاز، ئاز يەرگىمۇ كۆپرەك كۆكتات تېرىيدىغان بولغاچقا، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدۇ. ئاشلىقنى ـ گەرچە قارا ئاش بولسىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق دۇكىنىدىن ئېلىپ يەيدۇ. ئېيىغا ئاران 24 جىڭ. ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمگە ئۇنچىلىك ئاشلىق بىر ئاي يېتەمدۇ؟ ئاشلىقتىن ئۆزگە ھېچقانداق قوشۇمچە يېمەكلىك بولمىغان 1970 ـ يىللاردا بۇنچىلىك ئاشلىق بىر ئەمگەكچىنى تويدۇرالامدۇ؟ ئابابەكرىئاخۇن كاسسىر، ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار تويدۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق پونكىتىدىن كۆپرەك ئاشلىق ئېلىۋېلىشنىڭ ئامالىنى تاپتى. بۇ، گوگولنىڭ مەشھۇر «ئۆلۈك جانلار» رومانىدىكى ئىشلارغا ئازراق ئوخشايدۇ. ئۇ ئوخشاشلا ئۆلۈك جانلاردىن پايدىلاندى. ئۆلگەنلەرنى مەلۇم قىلمىدى. تۇغۇلغانلارنى ئارتۇق مەلۇم قىلدى ۋە نوپۇسقا ئالدۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۆزى يوق، ئەمما دەپتەردە ئىسمى بار بىر تالاي نوپۇس پەيدا بولدى. دەپتەردە ئىسمى بولغاچقا ئۇلار ئۈچۈنمۇ ئاشلىق ئېلىشقا بولاتتى. نورمىسى يېتىشمىگەن ئەزالارنىڭ قورسىقى مانا شۇ ئاشلىق بىلەن تويدۇرۇلدى. يالغان نوپۇسلارغا يەنە رەخ بېلىتى، شېكەر بېلىتى، سوپۇن بېلىتى قاتارلىق نورمىلىق تەمىنلەش بېلەتلىرىنىمۇ ئېلىشقا بولاتتى. ئاشۇ بېلەتلەرنى مەخپىي بازارلاردا سېتىپ ئاشلىق ئالىدىغان پۇلنىمۇ جايلاشقا بولاتتى. ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ئەترەت ئەزالىرىنى مانا شۇنداق يول بىلەن تويۇندۇردى. شۇ يىللاردا «1 ـ دادۇي»دە يالغان نوپۇسنىڭ 170 كە يەتكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە بار ئادەمنىڭ سانىغا تەڭلىشىپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە. بۇ گەرچە ھۆكۈمەتنى ئالداش بولسىمۇ، ئەمما ئەترەت ئەزالىرىدىن ھېچكىم ئاشۇ غورىگىل يىللاردا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىدى.

ئاشۇ يىللاردا «يېڭىئېرىق»نىڭ ئايىغىدا، «ئۇزۇن شور»نىڭ بېشىدا، ئالدىنقى يىللاردا خوتۇن ناھىيىسى بىلەن يەر ھۆددىگە ئالغۇچى ئۆمەرجان ئارىسىدا يەر ماجىراسى چىققان جايدا 1 ـ دادۇيگە قاراشلىق بىر كىچىك ئەترەت ئادەم بوز يەرگە ماكانلاشقانىدى. ئۇلارنىمۇ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار باشقۇراتتى. قانداق باشقۇردى؟ بەش يىل ئىچىدە ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقنى بىر قېتىممۇ يۇقىرىغا مەلۇم قىلمىدى، ئەترەتتە تەقسىم ئىشلەتتى. گەرچە كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشقا، ھەتتا سولىنىپ كېتىشكە تاس قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل يوشۇرمىچىلىقمۇ شۇ يىللاردا ئەترەت ئەزالىرىنى تويۇندۇرۇشتا خېلى ئەسقاتتى.

يۇقىرىقى ئىككى ئىشتىن ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ يۇقىرىنى ـ ھۆكۈمەتنى ئالداش گۇناھى شەكىللىنىدۇ. ۋەھالەنكى بىز بۇنى تۆۋەننى ئاياش دەپ چۈشەنسەك نېمىسى بولمىغۇدەك؟ ئەترەت ئەزالىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن سېكرېتار ياخشى سېكرېتارمۇ ياكى يۇقىرىغا سادىق بولغان سېكرېتار ياخشى سېكرېتارمۇ؟ ـ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئەڭ ھوقۇقلۇقى يەنىلا يۇقىرى بىلەن ئەترەت ئەزالىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەترەت ئەزالىرىنىڭ جاۋابى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم.

ئەمدى ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە سايىۋەن بولغان ئىشلىرىغا نەزەر ئاغدۇرايلى.

**1. ھېكايە: قاچقۇننىڭ ھېكايىسى**

1962 ـ يىلىدىكى 1 ـ دادۇينىڭ ئاچارچىلىقىدىن قېچىپ «بوزاق»قا كەتكەن روزى سايىت 1966 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بىر قاراڭغۇ كېچىسى بوزاقتىن قاچتى. «رىجىمغا ئېلىنىدىغان ئۇنسۇر» قالپىقى بىلەن «بەشخىل ئۇنسۇر»لارغا قېتىۋېتىلگەن كەلگۈسىنىڭ شائىرى كېچە ـ كۈندۈز كۈرەشكە ئېلىنىشلارغا چىدىماي قاچتى.

قاچىدىغان ئىشلار تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمىگەن. قېچىش دېگەن نېمە؟ بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار بۇرۇن سومىرلار تارىم ۋادىسىدىن قېچىپ بابىلۇنغا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتىكى نىل دەريا بويلىرىغا يېتىپ بارغان. 3400 يىل بۇرۇن يەھۇدىيلار مىسىردىن قېچىپ پەلەستىنگە كەتكەن ۋە كېيىن ئۇيەردىنمۇ قېچىپ دۇنياغا تارىلىپ كەتكەن. 1200 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەريا بويلىرىدىن قاچقان. 1000 يىللار ئىلگىرى نوقتىرەش، چوقتىرەشلىر خوتەن دىيارىدىن تىبەت ۋە ھىندىستانغا قاچقان. 800 يىل ئىلگىرى سالجۇقخان ئۆز قەۋمىنى باشلاپ ئاناتولىيىگە قېچىپ بارغان. چىڭگىزخان يېتىپ كەلگەندە قىپچاقلار توختىماي قاچتى. جەسۇر جالالىددىنمۇ ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ، سىندەرياسىدىن كېچىپ ھىندىستانغا قاچتى. ئەنجانغا، ئوشقا، قوقانغاقاچقانلارنى تالاي سانىغىلى

بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىراق ئافاق خوجىنىڭ لىخاساغا قېچىپ بارغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش لازىم. 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئۆزبېك كولاك ۋە باسمىچى دېگەندەكلەر دىيارىمىزغا قانداق قېچىپ كەلگەن بولسا، 1962-يىلى ئىلى-چۆچەكلىكلەر يەتتە سۇغا شۇنداق قېچىپ چىقتى. بىزنىڭ روزاخۇن بولسا بوزاقتىن قاچتى. «ئۇنسۇر»لۇقتىن قاچتى. يۇرت كۆرمىگەن ياش بالا، بىر پۇل، بىر تىيىنسىز قارا نامرات قېچىپ نەگە بارالايتتى؟ چۇقتىرىش-نۇقتىدۇرىشلاردەك ھىندىستانغا ۋەياكى «يەتتە خوجا» ۋاقتىدىكىدەك قوقانغا قېچىپ كېتەلەيتتىمۇ؟ ئۇ قاچتى، ئون كىلومېتىرچە قاچتى. قېچىپ خوتەن شەھىرىگە كەلگەندە توختاپ قالدى. بالىلىقتىكى ئاغىنىلىرى ئابابەكرى راخمان، مەمتىمىن روزى، مەمتىمىن قۇربان، ھېكىم رەجەپلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ قالدى. ئاشۇلارنى پانا تارتىپ يېنىغا باردى. مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. روزى دېھقانىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئابابەكرى راخمان ئىچ ئاغرىتتى. ئابابەكرى راخمان چوڭ ئەترەتتە كاسسىر ئىدى. پۇل باشقۇرۇدىغان بولغاچقا گېپى خېلى ئۆتەتتى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ سېكرېتار، دادۈيجاڭلارغا خىزمەت ئىشلەپ روزى سايىتنى 1-دادۈيدە ئەپقالدى. ياتىدىغان يەر، يەيدىغان تاماق تېپىپ بەردى. يالغان نوپۇسلارنىڭ بىرىگە كەلگۈسىنىڭ شائىرىنى ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ چوڭ بولغان يېرىدىن ئايرىلغىلى بەش يىلغا يېقىن بولغان روزى دېھقان يەنە «تۆمۈر دەرۋازا» مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. ئابابەكرى راخماننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلار ئايرىلىشمىدى...

مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى: سىياسەت تولىمۇ نازۇك شۇ يىللاردا كىممۇ بىر «ئۇنسۇر»نى، بىر «قاچقۇن»نى ئۆز ئەترىتىدە پاناھلىنىشقا ئەپقالالىسۇن؟ ئابابەكرى راخمان، مەمتىمىن قۇربانلار خىزمەت ئىشلىمىگەن، قاچقۇننىڭ تەرىپىنى ئالمىغان بولسا، مەمتىمىن روزى سېكرېتار ئۇنى 1-دادۈيدە ئەپقېلىشقا جۈرئەت قىلالايتتىمۇ؟

## 2. ھېكايە: ئېغىر كۈنلەردە

1970-يىللىرى. ئابابەكرىئاخۇن ئەمدىلا 1-دادۈيگە سېكرېتار بولغان چاغ ئىدى. بىر كۈنى ئۇنى 1940-يىللارنىڭ ئىنقىلابچىسى، 1950-يىلدىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك بانكىغا باشلىق بولغان تارىخچى مەمتىمىن توختى ئىزدەپ كەلدى. چىرايىدىن دەرد-ئەلەم، كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك يېغىپ تۇراتتى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنى بانكىدىكى خىزمىتىدىن ھەيدىشىپتۇ. نوپۇسىنى يۆتكەپ كېتىشكە، ئائىلىسىنى ئېلىپ كېتىشكە قىستاپتۇ. بىچارىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. تاغ ئۆرۈلۈپتۇ. يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بوپتۇ. تېخىمۇ ھار كەلگىنى شۇ بوپتۇكى، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ئادەمنى ھېچبىر كوممۇنا قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنى ئىزدەپ كېلىشى شۇ ۋەجىدىن ئىكەن. ئەگەر 1-دادۈي ئۇنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىشنى خالىسا، بۇيەردە ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەشنى خالايدىكەن. ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ئەھۋالنى چۈشەندى. شېڭ شىسەينىڭ زامانىدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆلكە بويىچە 1-قېتىملىق تەنھەرىكەت يىغىنىدا ماھارەت كۆرسەتكەن، 1940-يىللارنىڭ ئاخىرىدا گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى دېموكراتىك كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ تۈرمىدە ياتقان، ئازادلىقنى ئاجايىپ تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋالغان، قوش تىللىق، پالۋانلارچە بەستلىك مۇشۇ ئەزىمەتنىڭ دەرد-ئەلىمىنى چۈشەندى. بۇ، تۆگىنىڭ يانتاققا بويۇن ئەگكىنىدەك ئىش ئىدى. تونۇگۈنكى كاتتا بانكا باشلىقى «پەلەكنىڭ چەرخى دەۋران» شاماللىرىدا بىچارە بوپقالغان، بىر كىچىك بالا سېكرېتار ئالدىغا بويۇن ئېگىپ كەپقالغانىدى. ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار بۇنىمۇ چۈشەندى. ئۇ، جاھان رەپتارىنىڭ قاملاشمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. پەلەك چەرخىنىڭ دائىم تەتۈر ئايلىنىۋەرمەيدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلاتتى. ئۇ ئالدىدا مەيۈسلىنىپ تۇرغان مەمتىمىن توختىغا شۇنداق دېدى: «مەمتىمىنئاخۇن ئاكا، ئۆزلىرى تۇغۇلغان، ئۆسۈپ چوڭ بولغان شەھەربۇ، ماكانلىشاتتىم دەپ نەگىمۇ بارالا، بىزنىڭ دادۈيگە كەلسىلە. شۇنچە ئادەمنىڭ تاپىنى سىغقان يەرگە سىلىمۇ سىغارلا. كەلسىلە...» ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ئارقىدىنلا بانكىغا قارىتىپ ئالاقە يېزىپ، دادۈينىڭ يوغان تامغىسىنى بېسىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ۋىلايەتلىك بانكىنىڭ بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تازا غالجىرلاشقان يىللىرى خىزمەتتىن ھەيدەلگەن، تۇرغىلى ماكان تاپالمىغان باشلىقى مەمتىمىن توختى 1-دادۈينىڭ ئەزاسى بوپقالدى ۋە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنگە قەدەر شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى...

## 3. ھېكايە: تەقسىمات

ئىككى تونىلىق گاز ماشىنا ئوڭغۇل-دوڭغۇل چۆل يولىدا قاڭقىپ-سىلكىنىپ توختىماي چاپاتتى. ماشىنا ئارقىسىدىن قويۇق چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. كابىنكا دېرىزىسىدىن قويۇق ئىپتىدائىي توغراقلىقلار، ياۋا قومۇشلۇق ۋە يانتاقلىق دالا غىل-پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. كابىنكىدا ئىككى ئادەم: بىرى شوپۇر، يەنە بىرى يۇمىلاق يۈزلۈك ياش بالا. ئۇلار گەپلەشمەيتتى. خىيال-ئەسلىمىلەرگە غەرق بولغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ چېھرىدە ئەنسىزلىك: شوپۇر مۇشۇ ئادەمسىز چۆل-جاڭگالدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالمىسا بولاتتى، دەپ ئەنسىرەيتتى. ياش بالىنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىك بولسا، ماشىنابېسىپ ئۆتكەن يول ئۇزارغانسېرى شۇنچە كۆچىيىپ باراتتى. تاڭدا قوزغالغان ماشىنا دەسلەپ قۇياشقا قاراپ چاپتى. ئۇ گويا قۇياش تامان كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما قۇياش ئاستا-ئاستا ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتتى. كېيىن ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئەمدى ماشىنا قۇياشتىن

www.uyghurkitap.com

قېچىۋاتقاندەك ،قوياشتىن يىراقلىشىشقا تىرىشىۋاتقاندەك چاپتى .ئۇ توختىماي چاپاتتى ۋە جالاقلايتتى .قوياش ئارقىدىكى ئۇپۇققا پاتاي دەپ قالغان چاغدا ،ماشىنا ئۈچ ئات قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق هارۋىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتتى ۋە مەنزىلگە يەتكەندەك چىپپىدە توختىدى . شوپۇر ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ هارۋىكەش بىلەن سالاملاشتى ۋە نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى .ئۇلار تونۇشتەك قىلاتتى . قىسقا پاراڭدىن كېيىن شوپۇر كوزۇپقا يامىشىپ چىقىپ بىر تېگىق يوتقان -كۆرپە ۋە بىر ياغاچ ساندۇقنى هارۋىكەشكە سۇنۇپ بەردى . هارۋىكەش ئۇنەرسىلەرنى هارۋىغا باستى .شوپۇر كابىنكىغا قاراپ خىتاب قىلدى .

- داشۆسىڭ غوجام ،ماشىنىدىن چۈشسىلە . ئەمدى ئۇياققا ئۆزلىرىنى ماۋۇ ئۈچ تۇلپار ئاپىرىدۇ .

. .

قانداقتۇر بىر قورقۇنچ - ئەنسىزلىكتىن كۆزلىرى تۇندىكى مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك يوغىناپ كەتكەن يۇمىلاق يۈزلۈك ياش بالىنىڭ چىرايى ۋىلىلدە قىزاردى .ئۇنىڭغا شوپۇرنىڭ چاقچىقى هار كەلگەنىدى .

- يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ؟

- يەنە 60-70كىلومېتىرچە قالدى . . .

- ئەندىرگە بارمايمەن ،يېنىپ كېتىمەن ! - تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى يۇمىلاق يۈزلۈك ياش بالا .

- بارامسەن-بارمامسەن ، كارىم يوق ،ئاداش . سېنى هارۋىغا يەتكۈزۈپ قويدۇم ،ئىشىم تۈگىدى . ئەمدى قايتمىسام بولمايدۇ . ئۇ تەرىپكە ماشىنا ماڭالمايدۇ . . .

- قەتئىي بارمايمەن ! ئۇ «ئەندىرە» دېگەن ئالەمنىڭ چېچار يېرىگە !

- ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق .ماشىنىدىن چۈش .

- چۈشسەم چۈشتۇم .سەن مېنى پىيادە مېڭىپ قايتىپ كېتەلمەيدۇ ، دەپ ئويلىدىڭمۇ ؟

يۇمىلاق يۈزلۈك ياش بالىنىڭ جەهلى قاتقانىدى . ئۇ كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، هېلى بېسىپ ئۆتكەن يولنى بويلاپ چوڭ-چوڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى . ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى . ئۇ راستىنلا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك كۆرۈنەتتى .پېتىش ئالدىدىكى قىپقىزىل قوياش ۋە ئالتۇن رەڭ ئۇپۇق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ تۇراتتى . . .

ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدىن گۈرۈلدەپ چېپىپ ئۆتتى . يىراقتا هارۋا ئاتلىرىنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراق جىرىڭلىدى . هارۋا قوزغالدىمۇ ياكى ئاتلار كۆكۈيۈن قورۇپ بويۇن سىلكىدىمۇ ،بىلگىلى بولمايتتى . ياش بالا توختىماي ماڭاتتى . تاپىنىدا شېغىل شىرىقلاپ ،توپا ئۇچاتتى .ئۇ قانچىلىك ماڭدى ؟ بەلكىم 300مېتىر ،400مېتىر ،500مېتىر ماڭغاندۇ . ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە چىپپىدە توختىدى .شوپۇر كابىنكىدىن باش چىقىرىپ ۋارقىرىدى :

- هوي جاهىل خوتەنلىك ،مۇشۇ چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىسەن . ماشىنىغا چىق !

ياش بالا جاۋاب بەرمىدى . قەدەملىرىنىمۇ توختاتمىدى . شوپۇر كابىنكىدىن چۈشۈپ يۈگرەپ كەلدى ۋە پېشىدىن تارتىپ توختاتتى :

- سەن راستىنلا قايتىپ كەتمەكچىمۇ ؟

- چاقچاققا رايىم يوق .

- سەن بۇ چۆلدە ئۆلۈپ قالساڭ ،ئۆلۈكمۇڭ ئالتۇن بولار هەقىچان . مەن بۇ جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن . بوپتۇ ، سېنى نىيەڭگە ياندۇرۇپ كېتەي ،ماشىنىغا چىق . يوتقان - كۆرپىلىرىڭنى ئېلىپ كېتەيلى . . .

- هارۋىغا سەن باستىڭ ، ئۆزۈڭ ئەكەل .يوقاپ كەتسە سەندىن بىرمۇ بىر تۆلىتىمەن . . .

ياش بالا يەنە مېڭىشقا باشلىدى . شوپۇر بېشىنى قاشلىدى :«هۇ كاج ،جاهىل خوتەنلىك . . .»

ياش بالا يەنە 200مېتىردەك ماڭغاندۇ ، بەلكىم 300مېتىر ماڭغاندۇ .ماشىنا ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى .

- هوي تەقسىماتقا بويسۇنمىغان ئۇنسۇر ، ئەمدىغۇ بولغاندۇ .شىڭلىلىرىڭنى ئەكەلدىم .ماشىنىغا چىق . . .

يۇمىلاق يۈزلۈك بالا ماشىنىغا چىقتى . ماشىنا ئېگىز-پەس يولدا جالاقلاپ ،چاڭ-توزان توزىتىپ مېڭىپ كەتتى . ئۇ شۇ تاپتا تەقسىم قىلغان خىزمەت ئورنىغا بارماسلىقنىڭ ،تەقسىماتقا بويسۇنماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى كۆزىگە كۆرۈنەتتىمۇ ؟ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان هايات دوقاللىرىنىڭ ئۆزىنى نېمە كويلار ،نېمە بالالارغا دۇچار قىلىشىنىچۇ ؟ شۇتاپتا ئۇ بۇلارنى ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ كۆرۈپ تۇرغىنى پەقەت تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدىن تولىمۇ يىراققا كېتىۋاتقانلىقى ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، هايات ۋە تۇرمۇش تۇنجى قېتىم ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇۋاتاتتى . ئۆزىنىڭ خىيال ۋە ئارزۇلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇۋاتاتتى . يۇرتىدىن 300كىلومېتىر يىراققا ئىرغىتىپ تاشلىدى ،ماقۇل دېدى .يەنە 160كىلو مېتىر يىراققا ئىرغىتىپ تاشلىسا ماقۇل دەمتى ئەمەسە؟ بالا راستىنلا چاپاننى تەتۈر كىيگەن ،توقۇمنى قارنىغا ئالغانىدى . ئۇ ، نىمىدىمۇ توختىماي ئۇدۇل خوتەنگە قايتىپ كەلدى . قايتا تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇناشمىدى . تېخى « ئەگەر ئۇن كۈن ئىچىدە تەقسىم قىلغان يەرگە بارمايدىغان بولساڭ ،تەقسىم قىلىنىش سالاهىيىتىڭنى بىكار قىلىمىز »دېيىشتى . بالا بۇنداق دوق قىلىشلارغا پىسەنت قىلمىدى . لېكىن قورساق ئېچىۋاتاتتى . قورساقنىڭ غەلۋىسىنى پەسەيتىش ئۈچۈن پۇل ياكى نان كېرەك ئىدى . پۇل ۋە نانغا ئېرىشىش ئۈچۈن هۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر دەپتىرى»گە كىرىۋالمىسا ياكى بىرەر ئەترەتكە كىرىپ ئەمگەك قىلمىسا ،جان ساقلاشنىڭ يەنە قايسى يولى بار ئىدى ئۇ زاماندا ؟

ئۇ ، «تۆمۈر دەپتەر»دىكى 50 .54يۇەندىن ۋاز

كەچتى. ئەمدى ئەترەتتە نومۇر-گۇڭگا ئىشلەيدىغان ئىشلا قالدى. باشقا يول يوق. «تەقسىماتقا بويسۇنمىغان ئۇنسۇر» بىرەر كوممۇنا - ئەترەتكە كىرىپ ئىشلىشى كېرەك. ئەمما «تەقسىماتقا بويسۇنمىغان ئۇنسۇر» توغرىسىدا غەلىتە مىش-مىشلار جەمئىيەتكە تاراپ كەتكەنىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر مەخپىي گۇناھلىرى بىلەن پىچىرلىشىپ تىلغا ئېلىشاتتى. تەقسىماتقا بويسۇنمىغان ئەمەس بەلكى تەقسىم قىلىنمىغان، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن قىلىپ تەسۋىرلىشەتتى. ھۆكۈمەت ئالدىدا گۇناھلىق بولغان بۇنداق ئادەمنى شۇ يىللاردا قايسى كوممۇنا - ئەترەت ئۆز قوينىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭغا ئىش بېرىشكە، ئاش-نان تېپىپ يەيدىغان ئىش بېرىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟ يۇمىلاق كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ قالغان يۇمىلاق يۈزلۈك بالا ئاخىرى «تۆمۈر دەرۋازا»غا - ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتارنى ئىزدەپ باردى. ئۇزۇن ھېكايىنى ئاڭلىغان ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندى. ئۇ چۈشىنەتتى. چۈشىنىدىغانلاردىن ئىدى. ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار ئېيتتى: «بوپتۇ، بىزنىڭ ئەترەتكە كېلىڭ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا دادىڭىزنىڭ مۇشۇ كوچىدا ئۆي ۋە دەڭلىرى بولىدىغان. بىر ھېساپتا سىلەرنىڭ ئائىلىمۇ بىزنىڭ ئەترەتكە پاي قوشقۇچى. كېلىڭ. شۇنچە ئادەمنىڭ تاپىنى سىغقان يەرگە سىزمۇ سىغىپ قالارسىز...»

شۇنداق قىلىپ ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار «تەقسىماتقا بويسۇنمىغان ئۇنسۇر»نى 1-دادۈيدە ئەپقالدى. ئۇنىمۇ يالغان نوپۇسلارنىڭ بىرىگە ئىگە قىلدى. يۇمىلاق يۈزلۈك بالا ئۇيەردە ئىككى يىل تۇرۇپ قالدى. تاكى كىملەرنىڭدۇر رەھمى كېلىپ ئۇنى خوتەن ناھىيىسىگە قايتا خىزمەتكە تەقسىم قىلغۇچە، قايتىدىن 50 .54يۈەن مائاشقا ئېرىشكىچە 1-دادۈينىڭ نېنىنى يەپ يۈردى. كېيىن ئۇ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىكى ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرىگە، دەسلەپتە دوتسېنت ئۇنۋانى ئالغانلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئويلاپ كۆرەيلى: ئەگەر ئاشۇ چاغدا ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار ئۇنى 1-دادۈينىڭ نېنى بىلەن ئىككى يىل باقمىغان بولسا، بېشىغا نېمە دىشۋارچىلىقلار چۈشەرئىدى؟ ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى بولامتى؟ ئىش بۇلا ئەمەس. ئاشۇ ئىككى يىلدا ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار بىلەن ھېلىقى يۇمىلاق يۈزلۈك ستۇدېنت ياخشى دوستلاردىن، ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بوپقالدى. ئۇلار تاھازىرغىچە بىللە يۈرمەكتە. ئاشۇ يۇمىلاق يۈزلۈك ستۇدېنتنىڭ كىملىكىنى سورارسىز؟ ئۇ نۇرى كېرىم.

بۇيەردە بىز يەنە باشقا ھېكايىلەرنىمۇ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ ھاجىتى يوق. ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار دەۋران شامالىرىنىڭ دەم كۈچىيىپ - دەم پەسىيىپ تۇرىدىغانلىقىنى، دەۋران شامالىرىنىڭ سوقۇشىغا ئۇچرىغانلار تەقدىرىنىڭ شامال پەسەيگەن كۈنلەردە ئوڭشىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان سىكرېتار ئىدى. شامال ئالدىدا ھودۇقۇپ كەتمەيتتى. شامالغا ئەگىشىپ ئۇچۇپمۇ كەتمەيتتى. بۆكىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىشتىن خالىي ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دەۋران شامالىرىدا ئىزتىراپ چەككەنلەرنى قوينىغا ئالغانلىقى ھەققىدە ھېكايىلەر خېلى كۆپ. ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتاردەك ئوڭ-سولنى پەرق قىلالايدىغان سىكرېتار شائىرلارغا دوست بولۇشقا، سىرداش بولۇشقا نېمىشقا ئەرزىمىسۇن؟ شائىرلارنىڭ سىكرېتار ھەققىدە شېئىر يېزىپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇ. بۇ ھەرگىزمۇ شائىرلارنىڭ ئالجىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى سىكرېتارنىڭ شائىرلارغا يارىغانلىقىدىن.

## 3.ئۆزىدىن ياتلىشىش

بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ،شۇ ئادەم بىلىپ-بىلمەي ،ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئەمەل قىلىدىغان تۇرمۇش پرىنسىپى بولىدۇ. كۆپچىلىك ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇش پرىنسىپى مۇنداق: ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولماسلىق، تارىخنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولماسلىق، دەۋراننىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولماسلىق. بىرىنچىسىدە گۇناھكار بولسا ئىككى ئالەملىك قارا يۈز بولىدۇ. ئىككىنچىسىدە ئەۋلادلارنىڭ نەپرىتىگە قالىدۇ. ئۈچىنچىسىدە ھەپسە-زىندانغا چۈشۈپ ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. بۇلارنى ئۇششاقلىساق، يەنە ئائىلە، بالا-چاقىلار ئالدىدا گۇناھكار بولماسلىق، دوستلار ئالدىدا گۇناھكار بولماسلىق، جامائەت ئالدىدا گۇناھكار بولماسلىق دېگەندەكلەرگە پارچىلاش مۇمكىن. ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تۈركۈمىگە تەۋە بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقى «گۇناھكار بولماسلىق»لارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ،يەنە سىكرېتار بولۇش سالاھىيىتى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىمۇ ،قول ئاستىدىكى ئەزالارنىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھكار بولماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ياكى ۋەزىپىسىدىن - سىكرېتارلىقىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ ياكى ئەزالارنىڭ - قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ئارقىدىن تىللىشىغا دۇچار بولىدۇ. قارىغاندا ئابابەكرىئاخۇن سىكرېتار مۇشۇ كېيىنكى ئىككى گۇناھكار بولماسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر ياخشى بىر تەرەپ قىلغاندەك قىلىدۇ. يۇقىرىنى ئالداپ تۆۋەنگە ياخشىچاق بولۇش بىلەن تۆۋەننى بېسىپ يۇقىرىغا ياخشى كۆرۈنۈشنى خېلىلا قاملاشتۇرغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - ئالەم تەرەققىي قىلىپ باشقۇرغۇچى ۋە باشقۇرۇلغۇچى شەكىللەنگەندىن بېرىكى تۈپ ۋە ئۆزگەرمەس زىددىيەت بوپكەلدى. سىكرېتار بولسا تۆۋەنگە نىسبەتەن باشقۇرغۇچى بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىغا نىسبەتەن باشقۇرۇلغۇچىدۇر. ئىككى تاش ئارىسىدىدۇر. ئەگەر ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىسا ،ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەقدىرى ئىككى تاش ئارىسىدا ئېزىلىپ تالقان بولۇشتۇر. يۇقىرىقى گېپىمىزگە قايتساق، ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتار ئىككى تاشنىڭ سۈركىلىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغاندەك، ئىككى تاشنىڭ ھېچقايسىسىغا يامان بولمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ 1-دادۇيدە ئون يىلچە سېكرېتارلىق قىلدى. كېيىن سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىگە يۆتكىلىپ «11-دادۇي»دە سېكرېتار بولدى. 1984-يىلى «توپچا»غا جايلاشقان كۆكتاتچىلىق باشقۇرۇش رايوندا مۇدىر بولدى. 1987-يىلى مارتتا «ئىلچى» يېزىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن مائاش ئالىدىغان كادىرغا ئايلاندى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە يۈزبەرگەن بىر كاتتا ۋەقەنى تارىخ بەتلىرىگە خاتىرىلەپ قويۇش تولىمۇ زۆرۈر.

1986-يىلى كۈزدە خوتەن رايوندا «غەيرىيA، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى»دەپ ئات قويۇلغان بىر قورقۇنچلۇق يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. يۇقۇملانغان ئادەم يۈز مىڭدىن ئاشتى. نەچچە يۈز ئادەم ئۆلدى. جەمئىيەتنى ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ قاپلىدى. لېكىن مەشھۇر خوتەن گىلىمى، خوتەن يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلالماي تېلىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ زور ۋەقە دۇنيادىن مەخپىي تۇتۇلدى. دۆلەت دەرىجىلىك ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدا خەۋەر قىلىنمىدى. ھۆكۈمەت قانچە تىرىشقان، سىرتتىن نۇرغۇن دوختۇر ۋە دورا-دەرمەك يۆتكەپ كەلگەن بولسىمۇ، كېسەللىك سەۋەبى ۋە يۇقۇملىنىش يوللىرى ئېنىق بولمىغانلىقتىن دەسلەپتىلا يۇقۇملىنىشنى كونترول قىلىشقا بولماي قالدى. كېسەل 1987-يىلىغا سوزۇلۇپ كىردى. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئابابەكرى ئاخۇنغا يېڭى ۋەزىپە چۈشتى. پۈتكۈل ئىلچى يېزىسىدا غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنى توپچا دادۇينىڭ كەڭ ھويلا - قورۇلىرى ۋە ئازادە باغلىرىدا ئايرىپ داۋالاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەممە كېسەللەر يۆتكەپ كېلىندى. ئەڭ كۆپ بولغاندا 420ئادەمگە يەتتى. كېسەللەر خام قالغان زاغرا ناندەك سارغىيىپ يېتىشاتتى. داۋالاشقا، قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا تەشنا ئىدى. ئابابەكرى ئاخۇن ئاشۇ كېسەللەرنى باشقۇرۇشى، باشقىلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىقى، باشقىلارنىڭ يۇقۇملىنىشىدىن مۇداپىئە قىلىشى، يۇقۇملىنىپ توپچادا ئايرىپ قويغانلارنى داۋالىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى داغدۇغىلىق كۈرەش كەلگۈسى تېۋىپ ئۈچۈن 1-قېتىملىق رەسمىي پراكتىكا بولدى. ئۇنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ تېبابەتچىلىككە ھەۋەس قىلىپ، ھېيتئاخۇن ئاكىدىن ۋە كۆن مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابلاردىن ئۆگەنگەنلىرى راسا ئەسقاتتى. ئۇسما يىلتىزى قاتارلىق ئۆسۈملۈك دورىلارنى داشقازاندا قاينىتىپ يۇقۇملانغانلارغىمۇ ۋە تېخى يۇقۇملانمىغانلارغىمۇ ئىچكۈزۈلدى. كىتابلاردا شۇنداق كۆرسىتىلگەنىدى. ئۈنۈمى كۆرۈلدى. كېسەل يۇقۇملىنىش ئاستا-ئاستا كونترول قىلىندى. كۆپ ئادەملەر ساقايدى. ئەمما ئابابەكرى ئاخۇن شياڭجاڭ ئۆزى يۇقۇملىنىپ قالدى. «غەيرىي A، غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى» كۈچلۈك، بەردەم بۇ ئەزىمەتنى بىراقلا يىقىتالمىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ چېھرىگىمۇ ئۆرلەپ چىقتى. بۇغداي ئۆڭ چىرايى سارغىيىشقا باشلىدى. كۆزىنىڭ ئىچى بولسا زەپەرەڭگىگە كىردى. نېمىشقا يۇقۇملانمىسۇن؟ ئۇ ئون ئاي ۋاقىت يۇقۇملانغان كېسەللەرنى كۆتۈرۈپ، يۆتكەپ، داۋالاپ، ئوزۇقلاندۇرۇپ يۈرسە يۇقۇملانماي قالالاتتىمۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆتۈشكە چولىسى تەگمەيتتى. خىزمەت - ئاشۇ ناتىۋان بىچارىلەر ئۈچۈن ئىشلەش مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ قېتىم جىگەر كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان مەزگىلىنى - يەنى داۋالىنىش جەريانىنى ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك بويىچە 2-قېتىملىق پراكتىكىسى دېسەك بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ بۇ 2-پراكتىكىسىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى يەنە بەزى مەسىلىلەرگە ئازراق سەھىپە ئاجرىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئابابەكرى ئاخۇن سېكرېتار گەرچە ھەرقايسى كەنت - دادۇيلەردە سېكرېتارلىق قىلىپ يۈرسىمۇ، لېكىن بوش ۋاقىتلىرىدا تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابلارنى يىغاتتى ۋە ئوقۇيتتى. كۆرسىتىلگەن رېتسېپلار بويىچە دورىلارنى ياساپ كۆرەتتى. بىرەر سورۇندا بىرەركىم قانداقتۇر بىرەر ئاغرىق ياكى بىئاراملىق ھەققىدە سۆز ئاچسا، مۇنەججىملىك بىلەن دورا بۇيرۇپ تۇراتتى. بەزىلەرگە ئۆزى دورا ياساپ بېرەتتى. بۇ پۈتۈنلەي ئىچكى قىزىقىش، ئوتلۇق ھەۋەس بىلەن قىلىنىۋاتقان ئىشلار بولۇپ، ۋەزىپىدىن، سودا-تىجارەتتىن ياكى بىرەر تەمەدىن خالىي ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق مۇنەججىملىك قىلىپ دورا بۇيرۇشلىرى ۋە دورا ياساپ بېرىشلىرى 15-20يىل داۋام قىلدى. خام ئەشيا ئۇنىڭ بېغىدىن چىقمايتتى. بازاردىن - «سەكسەن خالتا» ئاچىدىغانلاردىن سېتىۋالاتتى. ئۆز پۇلىغا خام ئەشيا سېتىۋېلىپ باشقىلارغا دورا ياساپ بېرەتتى. بۇ خۇددى پۇل بۇزۇشقا، پايدىسىز ئىشلارغا پۇل خەجلەشكە ئوخشايتتى. ئاغىنىسى روزى سايىتنىڭ «بۇزۇپ چاچىدىغان ئۇنداق جىق پۇل بولسا، بىزنىمۇ بەھرىمەن قىلسۇن»دەپ يەنە بىر ئاغىنىسى نۇرى كېرىمگە ئاغرىنىپ بېرىشى شۇ ۋەجىدىن ئىدى. ۋەھالەنكى، شائىر ئاشۇ گەپنى دېگەندە كەلگۈسى تېۋىپنىڭ قەلبىدە يالقۇنجاپ تۇرغان ھەۋەس - قىزىقىشنى نەزەرگە ئالمىغانىدى. كىشىلەر ھەۋەس-قىزىقىشلىرى ئۈچۈن تالاي پۇل خەجلىشىدۇ. ھەۋەس-قىزىقىشتىن ساياھەتلەرگە چىقىپ پۇل خەجلەيدۇ. ھەۋەس-قىزىقىشتىن بېلىقتا قارماق تاشلاپ كۆل بويىدا كۈنلەپ-كۈنلەپ ئولتۇرىدۇ. ھەۋەس-قىزىقىشتىن ئات چاپتۇرۇپ ئۇغلاق تارتىشىدۇ. ھەۋەس-قىزىقىشتىن نەچچە مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ تالاشقاق ئىتلارنى سېتىۋېلىپ باقىدۇ. يەنە تالاي-تالاي قىزىقىشلىرى ئۈچۈن پۇل خەجلىشىدۇ...

ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ دورا ياساشلىرى، باشقىلارغا دورا ياساپ بېرىشلىرى ئەنە شۇلارغا ئوخشاشلا ھەۋەس-قىزىقىش ئىدى. قەلبىگە بالىلىقىدىن باشلاپ ئورناشقان، ئاستا-ئاستا ئارزۇ-ئەرمەككە ئايلانغان ھەۋەس-قىزىقىش ئىدى. باشقىلار ھەۋەس-قىزىقىشلىرى ئۈچۈن پۇل خەجلىسە، ۋاقىت ئىسراپ قىلسا، ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشلەتسە بولىدىكەنۇ، ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ھەۋەس-قىزىقىشلىرى ئۈچۈن پۇل خەجلىسە نېمىسى بولمىغۇدەك؟

كىشىلەر سېكرېتارلارنى دېھقانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئوڭئاي باي بولىدىغان كىشى دەپ قارايدۇ. كۆپىنچىسى شۇنداق. سېكرېتار بولۇپ ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتمەيلا تۇرمۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. تېخى بايلىقتىن تىقىلىپ كېتىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. سېكرېتار دېگەنمۇ دېھقان، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالمىسا ياكى سودا-تىجارەت قىلمىسا ۋەياكى خۇسۇسىي ئىگىلىكى بولمىسا قانداق باي بولالايدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئۇمۇمنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ باي بولىدۇ. ئۇمۇمنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتا مىڭبىر چارە-ئاماللىرى بولىدۇ. شەيتانىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدۇ. ھەتتا قول ئاستىدىكى ئەترەت ئەزالىرىغا تېگىشلىكلىرىنىمۇ ئېلىۋالالايدۇ. شۇنداق تۇرسا ئۇلار باي بولماي كىم باي بولسۇن؟ ۋەھالەنكى، بىزنىڭ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار، سېكرېتار بولۇپ ئون نەچچە يىل دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ راسا باي بولۇپ كېتەلمىدى. راسا تىقىلىپ كېتەلمىدى. بۇ گېپىمىز نىسپىي مەنىگە ئىگە. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ يېمەكتىن-كىيمەكتىن سارغىيىپ قالغىنى يوق. ئەترەت ئەزالىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندىكى پەرق تاغ ۋە جىلغا. نېمە يەي، نېمە ئىچەي دېسە تېپىلىدۇ. كىيىمى پۈتۈن، چىبەرقۇتتىن ۋە تۇمۇر رەڭ سوكنىدىن ئۇستىۋاش كىيەلەيدۇ. تېخى «سېدە تۇۋى مەھەللىسى» (شائىر روزى سايىت بۇ يېڭى مەھەللىنى «بەگ مەھەللىسى» دەپ ئاتايتتى) دە يېڭى ئۆيمۇ سالدى، خام كېسەكتىن. ئەل-ئاغىنىلىرى كەلسە كەڭرى داستىخانمۇ سالالايدۇ. ھەر يىلى 16- دېكابىر كەلسە، مېھمان چاقىرىپ ئىككى ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. ئەمما . . .

ئەمما ھازىر ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئاشۇ يىللار ئۈچۈنمۇ بۇنچىلىك تۇرمۇشنى باياشات تۇرمۇش دەپ كەتكىلى بولمايتتى. تۇرمۇشىدىن ئېشىنىپ ئۆزىنى تەربىيىلەشكە، ساياھەت-كۆڭۈل ئېچىشقا، داۋالىنىشقا، ئىشلەپچىقىرىش- ئىگىلىكىنى كېڭەيتىشكە مەبلەغ سالغىلى بولمايتتى. قىسقىسى، قورساق توق بولسىمۇ يانچۇق ئۈنچىۋالا تومپىيىغلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار قاچان باي بولدى؟ سۇدەك خەجلەۋاتقان پۇللارنى نەدىن تاپتى؟ بىز يەنە ئۇ مۇدىر بولۇۋاتقان «كۆكتاتچىلىق باشقۇرۇش رايونى»غا قايتىپ بېرىشىمىز كېرەك. سېكرېتار ۋە مۇدىر بولغانىكەن، نۇرغۇن قولايلىقلاردىن ئالدىن بەھرىمەن بولىدۇ. باشقىلار ئېرىشىسىمۇ بولىدىغان قولايلىقتا ئالدىن ئېرىشىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار «كۆكتاتچىلىق باشقۇرۇش رايونى»غا مۇدىر بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى 1985-يىلى «توپچا باشقۇرۇش رايونى»تەۋەلىكىدىكى بىناكارلىق ئەترىتىنى ھۆددىگە ئېلىۋالدى. ھۆددىگە ئېلىشتا يول قويۇش سىياسىتى چىققان مەزگىل ئىدى. ھۆددىگە ئالسا، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولسا بولاتتى. ئۇنىڭ ھۆددىگەرلىكىنى قانۇنسىز ياكى سىياسەتكە خىلاپ دېگىلى بولمايتتى. ئەمما بىناكارلىقنى بىلمەيدىغان بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھۆددىگە ئالماي مەمۇرىي باشقۇرغۇچىنىڭ ھۆددىگە ئېلىشى سەل غەلىتە تۇيۇلاتتى. بۇ بەلكىم شۇ چاغلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىتىش»سىياسىتىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكتىن، ئالدىن بېيىغان كىشىنى بېكىتىشتە خاتاغا يول قويۇلمىغانلىقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتار ھەم باشقۇرۇش رايونىنىڭ مۇدىرى ھەم بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ خوجايىنى بوپقالدى. بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغان خوجايىنلارنىڭ باي بولۇشى مۇقەررەر ئىش. سودا بىلەن شۇغۇللانغانلار ئامىتى كەلسە باي بولىدۇ، ئامىتى قاچسا خاراب بولىدۇ. ئەمما بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغانلاردا ئۇنداق ئىش يوق. ئۇلار چوقۇم باي بولىدۇ ۋە باي بولۇش ئېھتىماللىقىغا ئىگە. بولۇپمۇ قايتا قۇرۇلۇۋاتقان ياكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق. ياپونىيە قايتا قۇرۇلۇۋاتقاندا تيەنجوڭ جاۋرۇڭ (ياپونىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى) قانداق باي بولغان بولسا، ئەرەبىستان يېڭى ئىقتىسادىي گۈللىنىش مەزگىلىگە كىرگەندە لادىن جەمەتى شۇنداق باي بولغان. بىناكارلىقتا تايىنىپلا دۇنيادىكى ساناقلىق بايلار قاتارىغا ئۆتكەن. بىناكارلىق بىلەن باي بولۇشنىڭ ئىچكى سىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. قايتا قۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە ئەمگەك كۈچى ئەرزان بولىدۇ. سەن پەقەت ھۆددىگە بەرگۈچى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىنىڭ ئاغزىنى مايلىيالىساڭلا ئالتۇن تەڭگە يانچۇقلىرىڭغا جىرىڭلاپ چۈشۈۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئابابەكرىئاخۇن مۇدىرمۇ قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېزلا بېيىپ كەتتى. قىسقىغىنە ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدىلا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇل تاپتى. قۇرۇلۇش ھۆددىگە بەرگۈچىلەرگىمۇ ئاز پارا بەرمىدى. لېكىن يەنە ئۆزىگىمۇ ئېشىپ قالدى. «قولۇڭ ماي بولسا قونجۇڭغا سۈۋا، قازىنىڭ ماي بولسا قوشناڭغا» دېيىشىدۇ. ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ باي بولۇشىدىن ئەل-ئاغىنىلىرىمۇ نەپ ئالدى. روزى سايىت بىلەن نۇرى كېرىمنىڭ ئۆيلىرىمۇ يېڭىلاندى ياكى پۈتتى. ھاراقكەش ئاغىنىلىرى بولسا ئۇنىڭ داستىخىنىدىن كەتمەيدىغان بولدى. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ». تېخى ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولدى. ھۆكۈمەت

خەزىنىسىدىن مائاش ئالىدىغان كادىرغا ئايلاندى . پۇل دېگەن ئىشىكتىنمۇ ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرىپ تۇرۇدىغان بولدى . . .

كىشلەر «پۇل ئادەمنى بۇزىدۇ . باي ئادەم ئوغاي بۇزۇلىدۇ» دېيىشىدۇ .پۇل تاپقان ،باي بولغان ئابابەكرىئاخۇن شياڭجاڭ بۇزۇلدىمۇ-يوق ؟ بۇنى ئەلۋەتتە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك .ئىچكى گەپلەرنى بەك چوڭقۇرلاپ كوچىلاپ كەتسەك ، ئائىلە كۆڭۈلسىزلىكى بولىدۇ .ئەمما شائىر روزى سايىتنىڭ چاقچاق ئارىلاش قوترىتىشلىرىغا قارىماي ئابابەكرىئاخۇنباي نامرات چېغىدا ئالغان خوتۇنى سالامەتخان ھاجىمدىن (ئۇ چاغدا تېخى ھەج قىلمىغان ، ھاجىم دەپمۇ ئاتالمايتتى ) ئاجرىشىشنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالمىدى . كادىرلار ساھەسىدىكى ياشلاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ ھۆددىگەر-خوجايىنلار ئائىلىلىرىدە خوتۇننى ياشلاشتۇرۇش شامىلى چىققان بولسىمۇ ، ئەمما ئابابەكرىئاخۇنباي شامالغا ئۇچۇپ كەتمىدى . بۇ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق ئوغلان ئىكەنلىكىنى ، شىر چورۇقنى قورۇتىدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ئابابەكرىئاخۇن سېكرېتارنىڭ مەنسىپى ئۆسۈپ ،مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى قانداق ؟ شۇنداقلار بولىدۇكى ، كىچىككىنە مەنسەپكە ئېرىشسەئۆزىدىن ياتلىشىپ ، ئەل-ئاغىنىلىرىنى تاشلاپ ئەمەسلا بىرنېمىگە ئايلىنىدۇ .پادا باققاندىكى دوستلىرىنى ياڭاق چاققاندا تونۇمايدىغان ھالەتكە كېلىدۇ . ئەمما ئابابەكرىئاخۇن شياڭجاڭ دېھقان دوستلىرىغا بىرەر قېتىممۇ يانتۇ قارىغىنى يوق . بۇ ئۇنىڭ ساداقەتمەن ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .ۋەھالەنكى ، بىز ئابابەكرىئاخۇن شياڭجاڭنىڭ بۇزۇلۇشىنى باشقا بىر جەھەتتە ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن . ئۇ باي بولغان ،كادىر بولغان ، مائاۋىن بولسىمۇ يېزا باشلىقى بولغان مەزگىلدە ، ئۇ بىئىختىيارى ھاراقكەشكە ئايلاندى .ھەر كۈنى ھاراق ئىچىدىغان بولدى . بۇنى ئەتراپتىكى مۇھىت پەيدا قىلدى دېسەك ،ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز . قورۇلۇش ھۆددىگە بېرىدىغانلارنىڭ ئاغزىنى مايلاش ئۈچۈن زىياپەت تەشكىل قىلمىسا بولمايتتى . زىياپەت دېگەندە ئىچمەي بولاتتىمۇ ؟ قورۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۈچۈن زىياپەت بەرمىسە بولمايتتى .بۇيەردە ئىچمىسە قانداق بولىدۇ ؟ مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى زىياپەتكە چاقىرىدىغان خۇشامەتچىلەر تېپىلىپ تۇراتتى . ئۇيەردە ئىچمىسە قانداق بولىدۇ ؟ باشلىقلار تەكشۈرۈش ۋە نەقمەيداندا ئىش بېجىرىشكە كېلىپ تۇراتتى .ئۇلارنى كۈتمىسە بولمايتتى . باشلىقلارنىڭ ئالدىدا ئىچمەسلىككە ھەددىمۇ ؟ ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىچىدىغان سورۇن تېپىلىپ تۇراتتى .ھەر كۈنى ئىچەتتى . ئەتىگەندە ، چۈشتە ،كەچتە ئىچەتتى . ئاستا-ئاستا ئىچمىسە تۇرالمايدىغان پېيەنچۈككە ئايلاندى . ئىچمىسە قوللىرى ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ تۇرۇدىغان ھالەتكىغۇ يېتىپ قالمىدى .ئەمما نېمىشقىدۇر ئىچكۈسى كېلىپ تۇراتتى . شائىر روزى سايىت ھېكايە قىلىدۇ : نېمە ئۈچۈن بىرنىشقان ، ئىككىسى ئۇرۇمچىدە ئۇچرىشىپ قاپتۇ . بىر كۈنى كوچا ئايلانغىلى ئەتىگەندىلا كوچىغا چىقىشىپتۇ . ئابابەكرىئاخۇن شياڭجاڭ «ھاراق ئىچەيلى» دەپتۇ. «ئەتىگەندىلا ؟ » دەپتۇ شائىر . «ئەتىگەندە ئىچسە نېمىسى بولمىغۇدەك ؟ » دەپتۇ شياڭجاڭ . شائىر ئۇزۇن يىللىق ئاغىنىسىنىڭ ھاراقكەش-پىيەنچۈككە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىپتۇ . ئۇنىڭغا ئىچمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ .جىق سۆزلەپتۇ .كار قىلدىمۇ ، بىر چاغدا شياڭجاڭ بىر دۇكانغا كىرىپ كېتىپتۇ . شائىر ئارقىسىدىن كىرسە ،شياڭجاڭ پوكەينىڭ ئالدىدا بوتۇلكا بىلەن كۆتۈرۈپ ئىچىۋاتقۇدەك . . . ئابابەكرىئاخۇن شياڭجاڭنىڭ ھاراقكەشلىكى مانا شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدى . بىزنىڭ ئۇنى بۇزۇلدى دېگىنىمىز مانا شۇ . تۇرمۇش ئىستىلى - خوتۇن مەسىلىسىدە بۇزۇلمىغان ئادەم ھاراقتا بۇزۇلغانىدى . بۇنى پۇل كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى ناتايىن . ئەمما مەنسەپتىن گۇمان قىلىشقا بولىدۇ . ئاشۇ چاغلاردا «ئەمەلدار بولاي دېسەڭ ھاراق ئىچىشنى ئۆگەن» دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرگەن . يېزا باشلىقىنىڭ مۇئاۋىنى بولۇش ئۈچۈن ۋەياكى شۇ تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىچكەن بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ئاشۇ مەنسەپدارلىق مۇھىتى ئۇنى ئىچەرمەنگە ئايلاندۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق .

باشقا يەنە نېمە سەۋەب بار ؟ نەتىجە نېمە بولدى ؟ نەتىجە بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولدى . ئازابلىق ۋە پۇشايمان قىلارلىق بولدى . 1986-يىلى كۈزدىن 1987-يىلى يازغىچە داۋاملاشقان «غەيرىي A ،غەيرىي B تىپلىق جىگەر كېسىلى»نى داۋالاش ۋاقتىدا يۇققان جىگەر كېسىلى مىكروبى ئاچچىق ھاراقنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن تىرىلدىمۇ ياكى يېڭى جىگەر كېسىلى پەيدا بولدىمۇ ،ئابابەكرىئاخۇن شياڭجاڭنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى ساماندەك سارغىيىشقا باشلىدى . كۆزلىرىنىڭ ئىچى سېرىق ياقۇتقا ئوخشاپ قالدى . ۋۇجۇدىدىن ماغدۇر قاچتى .ئاغرىققا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى . . . ئۇنىڭ ھايات يولىدا بۇرۇلۇش ياسىغان مۇشۇ كېسەللىك مەزگىلىنى ئايرىم باب ئېچىپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

## 4.ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان ئادەم

بۇ سەرلەۋھە خاتا . بۇ ئالەمدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلالايدىغان ئادەم يوق . تۆرەلگەنىكەن ئۆلىدۇ . ئۆلگەنىكەن بۇ ئالەمگە قايتىپ كەلمەيدۇ . ئۆلۈم شۇنداق مۇقەررەركى ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس . بۇيەردە خانۇ-خاقانلارنىڭ ، شاھۇ-سۇلتانلارنىڭ ئۆلمەسلىكىنىڭ دورىسىنى ئىزدىگەن ئەخمىقانە قىلىقلىرىنى ،ئالدامچى مۇنەججىم - ھۆكۈمالارنىڭ ساختا دورا ياساپ شاھۇ-سۇلتانلارنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرگەن رەڭۋازلىقلىرىنى ھېكايە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . ۋەھالەنكى بىز ئاشۇ خاتا

سەرلەۋھەنى قوبۇل قىلغىنىمىزدا راك كېسەللىكىنىڭ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، ئايرىم تەلەيلىكلەرنىڭ شۇ كېسەلدىن ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ بىر مۇجمەل ئوخشىتىشكى، راكنى ئۆلۈمگە، راكتىن ساقىيىشنى بولسا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا تەققاسلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پىيەنچۈك – ھاراقكەشكە ئايلانغان ئابابەكرى راخماننىڭ ئىچكۈسى كېلىپلا تۇراتتى. ئىچمىسە ھالسىزلىنىپ كېتەتتى. ئىچسە ئازراق ماغدۇر پەيدا بولغاندەك، روھلانغاندەك بولاتتى. ئەھۋالى ئوساللىشىپ قالايمىقان پىكىر قىلىدىغان، تاققۇ-تۇققۇ سۆزلەيدىغان بوپقالدى. مەست ئادەم رەتلىك سۆزلىيەلەمسۇنمۇ؟ ۋەھالەنكى، گەپ پىيەنچۈكلۈكتىلا ئەمەستى. قورسىقى ئىششىگەندەك بولاتتى. رەڭگىرويى «روچىۋىن»دەك سارغايغانىدى. شۇكۈنلەردە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بارغىنىغا 40كۈندەك بوپقالغانىدى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ تاشيول ئىدارىسى دوختۇرخانىسىغا ئاچىقىپ تەكشۈرتتى. غولام دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپلا دەرھال شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ قايتا تەكشۈرتۈشنى تاپىلىدى. ئەمما پىيەنچۈك بۇ مەسلىھەتكە كۆنمىدى. قانداقتۇر بىر سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ رەت قىلدى. بۇنداق ھالەتتە ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋەرسە بولمايتتى. ئاغىنىسى جېلىل ئايۇپ ئۇنى مەجبۇرىي سۆرىگەندەك قىلىپ خوتەنگە قايتۇرۇپ كەلدى. جېلىلنىڭ ئېنىق ئېسىدە: بۇ 1988-يىلى 4-فېۋرال ئىدى. بىمار ئۆيگە كېلىپلا ھايالشماي يىقىلدى. تۈنجى قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ ھوشسىزلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرى پاتپاراق بوپكەتتى. دەرھال خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكىدى. ئەل-ئاغىنىلىرى ئەنسىرەشتى. ئەنسىرەش تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. چۈنكى دوختۇرلار «ھاراق، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىپ، ئېغىر دەرىجىدە جىگەر قاتقان»دەپ دىئاگنوز قويدى. بۇ جىگەر راكى دېگەن گەپ ئىدى. چۈشەنمىگەنلەرگە سېتىۋالدى دوختۇر ئەنە شۇنداق چۈشەندۇردى. تېخى «ئەمدى ئۆلىدۇ ئۇ» دېگەن گەپنىمۇ قوشۇپ قويدى.

راك داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ ئادەتتىكى ئاۋام شۇنداق قارايدۇ. راك توغرىسىدىكى مىش-مىشلار بەك تولا. بۇلارنى جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغۇچى مۇنۇ مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىمۇ ئاڭلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ قەلبى جۇدالىقنىڭ – مەڭگۈ ئايرىلىشنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدا ئېزىلىشكە باشلىدى. ۋۇجۇدلار تىترىدى. كۆزلەردىن ھەسرەت ياشلىرى دومۇلىدى. ئاھ، پەلەك، ئاھ، قىسمەت، نېمانداق تەتۈرسەن؟! – دەپ نىدا قىلاتتى ئۇلارنىڭ قەلبى. – نامرات چاغدا كەلمەي، باي بولغاندا چاڭگال سالغىنىڭ نېمىسى؟ ئەمەل-مەنسەپ ئۈسسۇۋاتقاندا، قانات-قۇيرۇق يېتىلىۋاتقاندا چاڭگال سالغىنىڭ نېمىسى؟ تېخى ئۇچۇم بولمىغان ئىككى ئوغۇل، بىر قىزنى يېتىم قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ تېخى قىرىققا يەتمىگەن، راسا تولۇپ كەلگەن نەۋجۇۋاننى تۇل قالدۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ نېمانداق تەتۈرسەن؟ ئاھ، كۆز تەگدى، تىل تەگدى دېگەنلەر شۇمىكىنە؟...

«ئابابەكرى راخمان جىگەر راكىغا گىرىپتار بوپتۇ»دېگەن خەۋەر كىچىكلەپ تەلپەكچىلىك قالغان قەدىمىي خوتەن شەھىرىگە پۈركەتتى. 16يىللىق داڭلىق سېكرېتارنى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى، بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ ھۆددىگەرىنى خوتەن شەھىرىدە ھەممە ئادەم تونۇيتتى، ھەممە ئادەم بىلەتتى. كۆپلەر ئالاقە-مۇناسىۋەتلىشىپ كۆرگەن. يا ياردەمگە ئېرىشكەن، يا ياردەم قولىنى ئۇزاتقانىدى. تونۇيدىغان، بىلىدىغان ئادەم جىگەر راكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتسا، كىمنىڭ ئىچى ئاغرىمىسۇن؟ ھەممە نادامەت چېكىشتى. ھەتتا ئەبەيدۇللا ھاشىم (ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)مۇ بۇ مۇدھىش خەۋەر تۈپەيلىدىن يىغلاپ كەتتى. ئەمما قەلبلەردە يەنە كۆل ئارىسىدىكى چوغدەك كىچىككىنە ئۈمىد ئۇچقۇنىمۇ يىلىنجايتتى. ساقىيىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىشاتتى ئۇلار. ياراتقۇچىدىن مۇشۇ بەندىسىگە سالامەتلىك ئاتا قىلىشنى تىلىشەتتى. تېخى يەنە باشقا بىر خىل ئويمۇ بار ئىدى: خوتەن دېگەن كىچىك يەر ياقا يەر، قالاق يەر، دىئاگنوزى توغرىمىدۇ؟ كىچىك يەر، ياقا يەر، قالاق يەر دېگەن خاتا دىئاگنوز قويسا قويىدۇ. بۇنداق مىساللار كۆپ. خاتالاشمىغان كىم بار؟ خوتەن خاتالىشىپ باقمىغانمۇ؟ ئۈرۈمچىگە، بېيجىڭغا، شاڭخەيگە ئاپىرىپ تەكشۈرتۈش كېرەك. ئاشۇ يەرلەردىمۇ ئوخشاش ھۆكۈم چىقىرىلسا ئاندىن. . ياق، ئۈرۈمچى، بېيجىڭ دېگەن چوڭ يەر، ئۇيەرلەر خوتەننىڭ خاتالىقىنى تۈزىتەلەيدۇ. خوتەننىڭ گېپىنى رەت قىلالايدۇ. شۇنداق بولغاي ئىلاھىم. خوتەننىڭ گېپى خاتا چىققاي، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ كېسىلى داۋالىسا ساقىيىدىغان كېسەل بولۇپ چىققاي، راك بولمىغاي!...

جېلىل ئايۇپ بىمارنى ئۈرۈمچىدىن ياندۇرۇپ كېلىپ 3-كۈنى يەنى 1988-يىل 7-فېۋرالدا بىمار يەنە ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرۇلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئاغىنىسى، پېشقەدەم دوختۇر ئابدۇقادىر ئوسمان، ئاغىنىسى ئابدۇللا نىياز، تۇغقىنى مەتتۇردى ھاجىم ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. يەنە سېتىۋالدى دوختۇرمۇ ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

خوتەن «تۈزلۈقساي»ئايرودرومى بىر ئادەمنى ئۇزاتقىلى چىققان بۇنچىۋالا جىق تەشكىللىنىسىز ئادەمنى تۈنجى قېتىم شۇ كۈنى كۆردى. ئۇزاتقۇچىلار ئالمانى 200ئادەمدىن ئاشاتتى. ھېچكىم ئۇقتۇرۇش قىلمىغان، ھېچكىم تەشكىللىمىگەن. ئۆزىنى بىمارغا دوست-ئاغىنە ھېسابلىغانلار توققۇز كىلومېتىرلىق مۇساپىنى يىراق كۆرۈشمەي ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۇزىتىشقا چىقىشقانىدى. «تۈزلۈقساي»

www.uyghurkitap.com

ئايرودرومدىكى بۇنداق داغدۇغىلىق ۋە ئىستىخىيىلىك ئۆزگىرىش 13يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇزىتىلغۇچىمۇ، ئۇزاتقۇچىلارمۇ ئالماشقانىدى. دەسلەپكى ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدە خەلق شائىرى روزى سايىت بار ئىدى. 13يىلدىن كېيىن ئۇمۇ ئاشۇ «تۇزلۇقساي» ئايرودرومى ئارقىلىق ئوخشاش كېسەل بىلەن ئوخشاش ئۈمىدتە ئۇزىتىلدى. ئەمدى ئۇزاتقۇچىلار قوشۇنى ئىچىدە ئابابەكرى راخمان ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتى. (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار نۇرمۇھەممەت توختى (مۇئەللىپ)نىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 5-سانىغا بېسىلغان «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» ناملىق ئوچېركىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان. - باش مۇھەررىردىن) ئەمما 13يىل بۇرۇن - ھېكايىمىز داۋام قىلىۋاتقان چاغدا ئۇ نوسىلكا ئۈستىدە زەپەدەك سارغىيىپ ياتاتتى. ئۇزاتقىلى چىققانلار خوشلىشاتتى. «ئاللاغا ئامانەت، ئاللا سالامەتلىك ئاتا قىلغاي، ئاللا ساقىيىپ كېتىشكە نېسىپ قىلغاي!» دېيىشەتتى ئۇلار چىن قەلبىدىن.

بىمارنىڭ سىرىق ياقۇتتەك سارغايغان كۆز چاناقلىرىغا ئىسسىق ياش تولدى. ئۇنىڭ مىشقىدۇر ئۆزىنىڭ كېسەللىكى ھەققىدە ئەمەس بەلكى مۇشۇ دوست - يارەنلىرىگە نېمە ئىش قىلىپ بەرگەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. ئەمما ئۇلارغا نېمە ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۆزىمۇ ئۆز تەبىئىتىدىن باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئېسىدە ساقلايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئوڭ قولى قىلغان ياخشىلىقنى سول قولى بىلمەي قالاتتى. ئېسىگە ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى، ئۆزىگە كۆرسەتكەن ھۆرمەت-ئىززەتلىرى كەلدى. ھېساب-كىتابنىڭ نەتىجىسى ئاغىنىلىرىدىن ياخشىلىق كۆرگەن ئۆزى بولسا ئاغىنىلىرىگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن بولۇپ تۇگەللەندى. ھەسرەت-نادامەت دېگەنلىرى شۇ ئىدى. ئۇ ھەسرەت چەكتى... ئۇزاتقىلى چىققانلار ئىچىدە ئۇ سېكرېتار چاغدا ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىپ بەرگەنلەر، بىناكارلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولغاندا ئۆيىنى ھەقسىز سالدۇرغانلار، يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلىرىنى ھەل قىلدۇرغانلار يوق ئىدى. بىمار بۇيەردىكى سەلكەشلىكنى ھېس قىلدى. ئالەم دېگەننىمۇ چۈشەندى. ئاغىنە-دوست دېگەننىڭ باشقا، ئىش ئۈستىدە ئالاقە قىلىدىغانلارنىڭ باشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدى. سەلكەشلىك شۇ ئىكەن. كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن خاتالىقمۇ شۇيەردە ئىكەن. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ئاغىنىلىرىگە ئەمەس ئىش-خىزمەت ئۈستىدە ئالاقە قىلىدىغانلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپتۇ. كۆپرەك ۋاقتىنى ئۇلارغا بېغىشلاپتۇ. ھەيي... ئەگەر ساقىيىپ كەتسەم... دەپ ئويلىدى ئۇ ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلگىچە. ئۈرۈمچىدە، شۇ چاغدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كەسپىي بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان ئەخەت ئابلىز ئاغىنىلىرىنىڭ تېلېفوندا تاپىلىشىغا ئاساسەن خوتەندىن كېلىدىغان بىمارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ياتاققا ئېلىندى. تېزلا تەكشۈرۈشلەرمۇ باشلاندى. تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئەڭ ئۇستا دوختۇر - مۇتەخەسسىسلەر خۇلاسىلىدى. مۇتەخەسسىس ۋاڭ زىلى دوختۇر دىئاگنوز قەغىزىگە ئىمزا قويدى.

ماۋۇ ھەمدەملىكنى - ھەمپىكىرلىكنى كۆرۈڭ: ئۈرۈمچى خوتەننىڭ ھەممە ئىشىنى خاتاغا چىقىرىۋەتمەيدىكەن. كۆپ چاغلاردا خوتەننىڭ ئىشلىرىنى توغرىغا چىقىرىپ ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلىدىكەن. بۇ قېتىممۇ ئۈمىد-ئارزۇنىڭ ئەكسىچە، خوتەن قويغان دىئاگنوزنى توغرىغا چىقاردى: جىگەر راكى!

ئاھ، ئەزەلىي قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەنمىكىنە؟ ئەي پەلەك چارى-كارىڭ 40ياشلىق نەۋقىران يىگىتنى، ئەمدى پۇل تاپقان يېڭى باينى، ئەمدى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىسىگە ئۆسكەن كىچىك مەنسەپدارنى ئەكېتىشمىدى؟ ئارزۇ-ئارمان گۈلىنى خازان قىلىشمىدى؟ ئىقبال خامىنىنى شامالغا ئۇچۇرۇشمىدى؟ گەرسىناق-ئىمتىھانىڭ بولسا، ئۆزۈڭنى ئەسلىتىش - تونۇتۇش نىيىتىڭ بولسايېنىكرەك سوئال چىقارمامسەن!؟ ئاھ، نېمانچە...

بىمارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدى. ئۆلۈم ھەققىدە ئويلاپ قالدى. ھەممە ئادەم، ھەممە جانلىقلار ئۈچۈن بەرھەق بولغان ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆلۈم پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىكەن. ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى، ئورنى، سەۋەبى، ئاسان-قىيىنلىق دەرىجىسى، شەرەپ-نومۇسلۇق دەرىجىسى نامەلۇم ئىكەن. ئۆلۈم ئاشۇنداق كۆپ نامەلۇملۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھايات سىرلىق تېپىشماقلارغا ۋە قىزىقارلىققا ئىگە بوپتۇ. ئەمدى مانا...

بىمار ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۈمىدسىزلىكنىڭ قارا پاتقىقىغا پاتتى. ئۆزىنى پايانسىز، سۇسىز، يولسىز چۆلنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن ئۆزگە چارىسى يوقتى. ئۈمىدسىزلىك ئالۋاستىسىنىڭ قايەردىن باش كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئويلاپ قالدى. ئويلاپ چۈشەندىكى، ھاياتنى مەناغا ئىگە قىلىپ تۇرغان كۆپ نامەلۇملۇق ئۆلۈم تەڭلىمىسى يېشىلىپ كېتىپتۇ. ۋاقىت نامەلۇمى ئېنىق بوپتۇ: ئۈچ ئاي ياكى ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆلىدىكەن. ئىشقىلىپ بىر يىلنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدىكەن. ئورۇن نامەلۇمى ئېنىق بوپتۇ: بىرەر دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەر ياتىقىدا ياكى خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئۆز ئۆيىدە ئۆلىدىكەن. سەۋەب نامەلۇمى تېخىمۇ ئېنىق بوپتۇ: جىگەر راكى بىلەن ئۆلىدىكەن. ئاسان-قىيىنلىق نامەلۇمىمۇ ئېنىق ئىكەن: سارغىيىپ، قورساقلىرى تاۋۇزدەك يوغىناپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان قالغۇچە

ئورۇقلاپ، قاتتىق جان تالىشىپ ئۆلىدىكەن.
شەرەپ-نومۇسلۇق نامەلۇمى راسا ئېنىق بولماپتۇ.
قانداق ئۆلۈم شەرەپلىك، قانداق ئۆلۈم نومۇسلۇق
بولغىيتتى؟ جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى شەرەپ
دېيىشىدىغان. يىگىت - ئوغۇلبالا ئۈچۈن بۇ چوقۇم
شۇنداق. خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ ئۆلۈش، خەلق
ئىشلىرى يولىدا ئۆلۈشنى تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر
دېيىشىدىغان. قانچىلىك ئىشلىدى؟ خەلققە نېمە
قىلىپ بەردى؟ مانا ئەمدى راسا ئىشلەيدىغان چېغىدا
ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسە شەرەپ
دېگىلى بولارمۇ؟ ئەقىدە-ئېتىقادلىق تورمۇش
كەچۈرۈپ ئۆلۈشنى شەرەپ دېيىشىدىغان، ئۇنىڭ
ئەقىدە-ئېتىقادى قانداق ئىدى؟ ئەقىدە-ئېتىقاد
بۇيرۇغانلارنى ئورۇندىيالىدىمۇ؟ بىجاكەلتۈرەلىدىمۇ؟
...

ئۆلۈم تەگلىمىسى يېشىلىپ كەتكەن، نامەلۇملۇق
ئېنىق بولغانىدى. شۇنداقكەن، ئەمدى قىزىقتۇرالىغۇ-
دەك نېمە قالدى؟ ئەمدى نېمىگە تارتىشىدۇ؟

بىمار 40 يىللىق ھاياتىدا نېمىلەرنى خاتا
دېگەنلىكى، قايسى قەدەملەرنى خاتا باسقانلىقى ھەققىدە
ئويلاپ قالدى. بۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى مۇقەررەر ھالەت
ئىدى. تۇۋا قىلىش پەيتى ئىدى. ھايات كارتىنىلىرى
ئۆلۈم بىلەن، ئۆلۈم ھايات كارتىنىلىرى بىلەن
ئارىلىشىپ كەتتى. ئازاب، ئاغرىق، ماغدۇرسىزلىق،
ئۈمىدسىزلىك مېڭىنىڭ توختاۋسىز ئىشلىشىنى،
خىيال قىلىشىنى، پىكىر قىلىشىنى، ئويلىشىنى،
توسۇپ قالالمايدىكەن. 40 يىللىق ھاياتىدا باشلانغۇچ
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئەمگەك قىلىشقا باشلاپتۇ.
ئەترەتنىڭ بىناكارلىق گۇرۇپپىسىدا ئابلا نىزامىددىن
ئۇستامدىن تامچىلىق - سۇۋاقچىلىقنى ئۆگىنىپتۇ.
ئەمما كېيىن تاشلاپ قويۇپتۇ. ئەترەتتىكى ھېيتئاخۇن
ئاكىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگەنمەكچى بوپتۇ. ئەمما
ھازىرغىچە ۋايىغا يەتكۈزەلمەپتۇ. ئىككى زاغرىغا
تېگىشىۋالغان روزى سايىتنىڭ كىتاب-دەپتەرلىرىدىن
ۋە كۆن مۇقاۋىلىق دىۋانلاردىن تالاي شېئىر-غەزەللەر-
نى ئوقۇپتۇ. لېكىن شائىر بولالماپتۇ. يەنە
نېمىلەرنىدۇر ئۆگىنىشنى، نېمە ئىشلارنىدۇر
قىلىشنى ئويلاپتۇ. ئەمما ئىشقا ئاشۇرالماپتۇ. ئەترەتتە
كاسسىر بولغىنى، سېكرېتار بولغىنى، باشقۇرۇش
رايونىدا مۇدىر بولغىنى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى
بولغىنى، كادىرلىق قىلىمەن دەپ ئالدىراش يۈرگىنى
ئاشۇ ئىشلارنى قىلىشقا، ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ئىمكان
بەرمەپتۇ. لېكىن بۇلار چوڭ خاتالىق ئەمەسقۇ،
چېغىچىدەك شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرۈيدىغانلار ئاز
ئەمەسقۇ بۇ ئالەمدە. كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ ھاياتى ئەنە
شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنى خاتالىق دېگىلى
بولماس. خاتالىق زادى قايەردە؟ دىئاگنوزدا
«ھاراق-ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەن» دېيىلىپتۇ. بىمار
ئۆزىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئىچىشكە باشلىغانلىقىنى
ئەسكە ئالالمىدى. بەلكىم ئەترەتتە كاسسىر بولغان
چېغىدىن باشلانغاندۇ. ھەبىبۇللا ئاخۇن سېكرېتار،
مەمتىمىن روزى سېكرېتار ئىچىشكە زورلىغاندۇ. بىر
رومكا-ئىككى رومكىدىن ئىچۈرۈپ ئاستا-ئاستا
ئۆگەتكەندۇ. كەيپ دېگەن ئوتى بار نېمە. بىر قېتىم
- ئىككى قېتىم زورلاشتىن كېيىن ئۆزىمۇ ئۆگىنىپ
قالغاندۇ. ئۇزاق يىللاردىن بېرى توختىماي ئىچىپتۇ.
تەرسالاردەك ئىشتىياق بىلەن، شەھەر تىجمەللىرى-
دەك مەقسەتسىز ئىچىپتۇ. دارىلمۇئەللىمىن
مەكتىپىنىڭ كەينىدە مەمتىلئاخۇن مەيزاپكەشنىڭ
ئۆيىدە ئىچىپتۇ. كونىشەھەردە خاسىيەتخان لوۋاڭ،
خەدىچىخان كېرىيە، ھەسەن روزى، قاراقاشتىكى
بوۋئايىشىخان مەيزاپكەشلەرنىڭ ئۆيىدە ئىچىپتۇ.
11-دادۇيدە سېكرېتار بولغاندا ئوسمانئاخۇن چىقارغان-
دىنمۇ ئىچىپتۇ. ئۈزۈمدە ئىشلەنگەنىنىمۇ، قوناقتا
ئىشلەنگەنىنىمۇ، جىگدىدە ئىشلەنگەنىنىمۇ، شاپاقتا
ئىشلەنگەنىنىمۇ ئىچىپتۇ. دوستلىرى بىلەنمۇ،
رەقىبلىرى بىلەنمۇ ئىچىپتۇ. پۇقرالىرى بىلەنمۇ،
باشلىقلىرى بىلەنمۇ ئىچىپتۇ. روزى سايىتنىڭ
توخۇلىرىنى بوغۇزلاپ، مەمتىمىن روزىنىڭ
قويلىرىنى ئۆلتۈرۈپ زاكۇسكا قىپتۇ. ئىچكەن ئادەم
مەست بولىدۇ. مەست-ئەلەس، مەستۇ-مۇستەغرەق
بولىدۇ. يېرىم ئوك، يېرىم ساراڭ بولىدۇ. مەست-
ئەلەستلىكتە نېمىلەرنى قىلمىغان؟ مەستلىكتە
ئۆتكەن كوچىلاردىكى ئىشىكلەرنى سىرتىدىن
زەنجىرلەپ قويغانلىقى يادىدا. چىرايلىق قىزلىرى بار
خەقلەرنىڭ ئۆگزىسىگە تاش ئاتقانلىقى يادىدا.
مەستلىكتە قايسىدۇر تۇل چوكاننىڭ ئىشىكىنى
قاققانلىقى، كىمنىڭدۇر تېمىدىن ئارتىلغانلىقى يادىدا.
مەست بوپقالغان راخمان ئەترەت باشلىقىنى
ئىمامئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ قويغانلىقى يادىدا.
قايسىسىنى گۇناھ، قايسىسىنى چاقچاق ھېسابلاش
كېرەك؟ قايسىسى ياراتقۇچىغا ھار كەلگەندۇ؟
ئېنىقكى، ھاراق ئىچىش ھار كەلگەن گەپ. مانا
ئەمدى كېسەلنىڭ سەۋەبىمۇ ھاراقتا - ئىسپىرتقا
ئارتىلدىغۇ. توغرا. ھاراق ئىچىش ئارقىلىق كېسەل
تېپىۋالغان گەپ. ئۆز پۇتىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن
پالتا چاپقان گەپ. ئۆز ھايات گۈلىنى ئۆزى نابۇت
قىلغان گەپ. بۇ گەپ توغرىمۇ؟ ھاراق ئىچمىگەن-
لەرمۇ كېسەل بولىدىغۇ. بەلكىم ئۇلار كېسەلنى باشقا
نەرسىلەر ئارقىلىق تېپىۋالغاندۇ. كىشىلەر
«كېسەلنى ئاللا سالىدۇ» دېيىشىدۇ. ياق، بۇ گەپ
توغرا ئەمەس. كېسەلنى ئاللا ياراتقان. ئەمما ئۇنىڭغا
گىرىپتار بولۇش - بولماسلىق بەندىنىڭ ئۆز
ئىختىيارىدا. ئاللا بەندىسىگە ئۆز ۋۇجۇدىنى
ئاسراشنى، زىيانلىق نەرسىلەرنى يېمەسلىك -
ئىچمەسلىكنى بۇيرىغان. ئىچمەسلىك بۇيرۇلغان
نەرسىلەرنىڭ ئەڭ باشتىكىسى ھاراق. ئەمما ئۇ
20-25 يىل ھاراق ئىچتى. ھاراقتىن كېسەل
تېپىۋالدى. بۇنى ئۆزىدىن كۆرمەي كىمدىن كۆرىدۇ؟
ئەمدى مانا ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولدى...
پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەزرائىلنى ئۆز ئىختىيارى
بىلەن ئىزدەپ بارغاندەك ئىش بولدى. پۇشايماننى
ئالغىلى قاچا بارمۇ؟ ھەي ي...

بىمار ئۇزاق ئويلىدى. كېسەلگە گىرىپتار بولۇش

www.uyghurkitap.com

سەۋەبىنىڭ نەق ئۆزىنىمۇ تېپىپ چىقتى . ئۇ پۇشايمان قىلدى ، توۋا قىلدى . «ئەگەر مۇشۇ كېسەلدىن ساقىيىپ قايتا ياشىشىمغا ئىمكانلا بولسا ، هاراق دېگەن نىجاسەتنى ـ شەيتاننىڭ سۈيدۈكىنى ئاغزىمغا ئېلىپ ئىچمەيمەن»دەپ قەسەممۇ قىلدى . بۇ ئۇنىڭ ئويغانغانلىقى ،خاتالىقىنى تونۇغانلىقى ، كېچىكىپ بولسىمۇ هوشىنى تاپقانلىقى ئىدى . نېمە كېچىكىش ؟ 40ياش دېگەن ئەمدى ئۆمۈرنىڭ يېرىمى . ئەگەر مۇشۇ قېتىم شىپالىق تېپىپ ساقىيىپلا كېتەلىسە ،يەنە 40يىل ياشىشى مۇمكىن . كېيىنكى 40يىلنى هىدايەت بىلەن ئۆتكۈزسىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ .توۋا قىلىشقا ،خاتالىقىنى تونۇشقا كېچىككەن بولمايدۇ .ئەمما بۇ هەرگىزمۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە ، خاتالىقىنى تونۇشقا ئوخشىمايتتى .ئەشۇ تۈگمەس سىياسىي هەرىكەتلەردە تەكشۈرۈشنامە يېزىپ ، خاتالىقىنى تونۇغان بولۇپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغىلى بولغان بىلەن كېسەللىك ۋە ئۆلۈمدىن پۇشايمان ، توۋا ۋە قەسەم بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتىش تەس ئىدى .ئۇيەردە پرىنسىپ تېخىمۇ چىڭ ،تارازا تېخىمۇ سەزگۈر ، سازنىڭ تارىسى تېخىمۇ زىل ئىدى . بىراقلا بېسىپ كېتىشكە ،بىراقلا ئۈزۈلۈپ كېتىشكە ئاران تۇراتتى .

. .

ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئالتە-يەتتە كۈن ئىچىدە بىمارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى .پۈتۈن بەدىنى خۇددى چىگىت پوستىكى بېرىپ سەمرىتكەن قوچقارنىڭ گۆشىدەك سارغىيىپ كەتتى . كۆزىنىڭ ئېقى سېرىقلىقتىن ئۆتۈپ چوغدەك پىلىلدايتتى . ۋۇجۇدىدا ماغدۇردىن ئەسەر يوق .ئۆزى ياداشقا باشلىغان ،ئەمما قورسىقى تومپىيىپ تەكىيدەك يوغىناپ كېتىۋاتاتتى .ئېسىلىپ چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى .كېسەل تەگكەن جىگەر توختىماي چوڭىيىۋاتاتتى .قورساقتا سۇمۇ چۈشكەنىدى . دوختۇرلار كېسەلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىنى ،دەرھال قايتۇرۇپ كەتمىسە ياقا يۇرتتا جان ئۈزۈدىغانلىقىنى ئېيتتى . خوتەن بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ گېپى بىر چىققان تۇرسا ئەمدى يەنە بۇيەردە نېمىگە ساقلىغۇلۇق ؟ 18-فېۋرال چاغان بولاتتى . دوختۇرلار چاغانغا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش ،بىمارغا قاراشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى . بەلكىم ھەپتىگە سوزۇلىدىغان چاغان دەم ئېلىشىدا ئايروپىلانمۇ ئۇچۇشتىن توختاپ قالار . ئۇچاغدا . . . بىمارنى ئۇرۇمچىگە ئەكەلگەن تۆت كىشى مەسلىھەتلىشىپ 16-فېۋرالدا ئۇنى خوتەنگە قايتۇرۇپ كەلدى . «تۇزلۇقساي» ئايرودرومى يەنە بىر قېتىم بىمارنىڭ ئالدىغا چىققان دوست - يارەنلىرى بىلەن مىغ-مىغ بوپكەتتى . قورقۇنچلۇق ،ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر ئايروپىلاندىن بۇرۇن خوتەنگە يېتىپ بولغان ،دوست-يارەنلەر ياش ئاغىنىسىنىڭ قىسمىتىدىن خەۋەر تېپىشقانىدى . ھەممىنىڭ كۆزلىرىدە ئەنسىزلىك ،ھەسرەت ۋە قايغۇ ، تەقدىر-قىسمەت ئالدىدىكى بىچارىلىق ئەكس ئېتەتتى .

ئايرىلغىنىغا تېخى سەككىز كۈنمۇ بولمىغان ، سەككىز كۈن گويا سەككىز يىلدەك تۇيۇلغان دوست -يارەنلەر سەككىز كۈن ئىچىدە ئاغىنىسىنىڭ نېمە بوپكەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى . يۈرەكلەر تىلغاندى، ئېچىشتى .ئەمدى نېمە ئامال ؟

بىمار ئۆزىنىڭ ئۆي-جايىغىلا چۈشۈرۈلدى . بىمارنىڭ ئالدىغا چىققانلارمۇ بىللە كېلىشتى : كىچىككىنە هويلا مىغ-مىغ بوپكەتتى .چىرايلاردىكى تۇتۇقلۇق بۇ ئادەملەرنى ماتەمگە يىغىلغان جامائەتتەك كۆرسىتەتتى . ئەمما بىمار تېخى تىرىك ئىدى . ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ ياتاتتى .ھېچبولمىغاندىمۇ ئاغرىق توختىتىش مۇمكىن بولار . ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ مۇشۇنىڭغا بولسىمۇ قۇربى يېتەر . يەنەسەككىز كۈن ئۆتتى . ئاشۇ ئۈمىد بىلەن بىمار خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ ئاپىرىلدى . ئاپارسا بولاتتى . چاغانلىق دەم ئېلىش ئاخىرلاشقان ، دوختۇرلار يېڭىدىن ئىشقا چۈشكەنىدى .كېسەلنى ـ راكنى ساقايتىش ئىرادىسى بىلەن ئەمەس بەلكى ئاغرىق توختىتىش ،كېسەلنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش ،ماغدۇر پەيداقىلىش ، قورساقتىكى سۇنى يوق قىلىش نىيىتى بىلەن داۋالاشلار باشلىنىپ كەتتى .بۇ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىشنى سەل ئارقىغا سوزۇش ئۈچۈن ئىدى . ئەتراپتىكى دوست-يارەن ،ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ قارىشىچە ، بىمار ئۇدۇنياغا كېتىۋاتاتتى . يېقىن ئادىمى باقىيغا كېتىۋاتسا ھەسرەت چەكمەسلىك مۇمكىنمۇ ؟ ياشىنىپ قالغان راخمانئاخۇن ئاكىغا ئوغلىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى . بوۋاي گويا ئاغرىپ ياتقان ھۇمايۇنىنىڭ كارنۇتىنى چۆرگەلگەن بابۇرشاھتەك ھەسرەت چېكەتتى ،پەرياد ئۇراتتى .ئەگەر شۇتاپتا ، ئۇنىڭ روزىغارىدا «كۆكنۇر»ناملىق ئاشۇ بىباھا ئالماس بولغان بولسا ،بابۇرشاھنىڭ ئەكسىچە ،ئۇ ئاشۇ ئالماسنى ئوغلىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-قازا ھەققىدە سەدىقە قىلىۋەتكەن بولاتتى . ئەمما ئۇنىڭ روزىغارىدا ئۇنداق نەرسە يوق ئىدى .پەقەت چەكسىز ،ھېچنىمىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان مېھرى-مۇھەببىتىلا بار ئىدى . بوۋاي ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاغرىپ قالدى . ئۇ ئۆيدە ھەسرەت چېكىپ ياتاتتى .بىمارنىڭ 20يىللىق ھالال جۈپتى سالامەتخان دوختۇرخانا بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا ،ئىككى كېسەلنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى .ئارزۇ-ئارمىنى پەقەت بىرلا ئىدى :خۇدا سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن ،ئېرىمۇ ،قېيناتاممۇ ساقىيىپ كەتسۇن ! ئۇ ئاشۇنىڭدىن باشقىنى ئويلىمايتتى .تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئىككى ئوغۇل ،تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقان بىر قىزىمۇ دادا دەردىدە ئىدى . مەكتەپتىن يانسا ئۆيگە ئەمەس ، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا چاپاتتى .

كېسەل جان قايغۇسىدا ،بالا-چاقىلار دادا قايغۇسىدا قالغان شۇ كۈنلەردە دوست-يارەنلەرنىڭ دىققىتى پەقەت ئۇنىڭدىلا ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئويلايتتى. ھەممە ئىشلىرىنى ئويلىماي

بولمايتتى .بىر جۇۋان تۇل قېلىش ،ئۈچ پەرزەنت يېتىم قىلىش ئالدىدا تۇراتتى .ئۇلارنىمۇ ئويلىماي بولمايتتى .بىمار ۋەسىيىتىنى ئېيتىشى كېرەك دەپ ئويلىشاتتى ئۇلار . مىراس توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئادەمنى سەل ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان ئىش بولسىمۇ يەنىلا سۈننەت ئىدى . جان بار يەردە قازا بار . ياخشى كۈننىڭ يامىنى بوپقالسا ،ئىشنىڭ ئېنىق بولغىنى ،كىمدە قانچىلىك ئېلىشى بار ، كىمگە قانچىلىك بېرىشى بار – بۇ روشەن بولغىنى ياخشى ئىدى . ئەمما قان-يىرىڭ ئىچىدە ياتقان بىماردىن بۇنى سوراش ئەپسىز ئىدى . ئۇلار يوشۇرۇن ئىشقا كىرىشتى . سەيدى ماخمۇت قاتارلىقلار بىمار باشقۇرغان بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ھېسابىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى .شەخسىي ھېساباتىنىمۇ تەكشۈردى .ئېنىق بولمىغاننى ئۆزىدىن سوراشقا توغرا كەلدى . بىمارنىڭ تاغىسى مەتتۇرسۇن ھاجىم ئېغىز ئاچتى :«ئوكام ، ئېغىر كەلسىمۇ بەزى گەپلەرنى دېيىشىۋالمىساق بولماس .جان‌بار يەردە قازابار دېيىشىدۇ .ھەرھالدا قارا كۈن كەپقالسا دەيمەن . ئۇقماي قالمايلى دەيمەن . ئالغۇ-بەرگۈلۈكىڭىز بارمۇ ؟ ۋەسىيىتىڭىز بارمۇ ؟ئالىمادىس ھەرھالدادەيمەن . . . »

بىمار تاغىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ يېتىپ ئۆزۈنىچە جىمىپ كەتتى . ئۇ چۈشەنگەن ، ئۆزىنىڭ شۇتاپتىكى ھالىنىمۇ ، باشقىلارنىڭ ، جۈملىدىن مەتتۇرسۇن ھاجىمنىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ چۈشەنگەنىدى . ئاغرىنغۇسى كەلدىيۇ ، ھەرھالدا باشقىلارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ ھېس قىلدى :«ئاكا ، ئەگەر ئاشۇنداق قارا كۈن كەپقالسا ،نامىزىمنى چۈشۈرۈشتىن ئاۋۋال ئەبەيدۇللاخۇن (گاڭرۇڭ )نى رازى قىلىۋېتىڭلار .بىرلىشىپ دۇكان سالماقچى بولۇپ ئۇنمىڭ يۈەن ئۆتكۈزگەنتى .كېيىن ئىش ئاقماي قالدى . پۇلنى بېرىۋېتەي دېسەم ،تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ تۇرۇۋالدى .ھازىرغىچە مېنىڭ ھېسابىمدا تۇرۇپتۇ . ئاشۇنى ئاۋۋال بېرىۋېتىڭلار . باشقىسى ئېسىمدە يوق .ئەگەر يەنە بىرەر كىم ئېلىشىم بارتى دېسە ، ئۇنىمۇ رازى قىلىڭلار. ئالغۇلۇقتا كەلسەك ، يارىماسلار بىلەن ئالاقە قىلغىنىم ئېسىمدە يوق . ئەگەر باشقىلاردا قالغان بولسا ، مېنىڭچە ئۆزلىرى ئەكېلىپ بېرىدۇ . ئەگەر ئەكېلىپ بەرمىسە ئىزدەپ بارماڭلار .مانا بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم . . . »دېدى . بىمار ئاشۇ گەپلەرنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ بەكمۇ ئۇزۇندا دەپ بولدى . دەپ بولۇپلا كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى . بۇ ، گەپ تۈگىدى دېگەنگە ئىشارە ئىدى . خىجىللىقتا پاتقان مەتتۇرسۇن ھاجىممۇ قايتا ئېغىز ئاچمىدى . ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ ھالەتتە بۇنداق گەپلەرنى دېيىشىش بەك تەس ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇنىڭ كىمدە ئېلىشى بار ، قانچىلىك ئېلىشى بار دېگەن تېپىشماق يەنىلا قازاننىڭ ئىچىدە قالدى . تۇۋاق بولسا يېپىقلىق ئىدى . ئەمما بىماردىن مۇشۇنداق سورالغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭ كوچىغا چىقتى .مەتتۇرسۇن ھاجىمنى يوق يېرىدە ئەيىبلىگەنلەرمۇ ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنغانلارمۇ بولدى . ئەمما بۇ ئاغرىنىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . قانۇن يول قويغان ھەتتا ساماۋى كىتابلاردا پەرز قىلىنغان ئىشنى بېجىرىش ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . سەل كېيىنرەك بىمار يەنە بىر قېتىم ۋەسىيەت قالدۇردى : «ئەگەر ئابدۇلئەھەد بىلەن ئابدۇلئەزىز ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە كىرەلىسە ،ئۇلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى راسخوتى مېنىڭ تەئەللۇقاتىمدىن بولسۇن ،ئەگەر كىرەلمىسە ، ماڭا ئوخشاش ئىشلەپ ئۆز ئىگىلىكىنى ئۆزى ياراتسۇن .ئايالىمغا تېگىشلىكىنى قالدۇرۇپ ، قالغان مۈلكۈمنى جامائەت ئىشلىرىغا ئىئانە قىلىڭلار . . . »

كېسەل خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا يېتىۋاتقاندا بولغان ئىشلارنىڭ ئەھمىيەتلىكرەكى شۇ . دېمەككى ،راك ئىكەنلىكى توغرىسىدا دىئاگنوز ئېنىق بولدى . ۋەسىيەتلەرمۇ پۈتتى .يەنە نېمە ئىش قالدى ؟ ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشلا قالدى .ئەزرائىل كەلسىلا ھەممە ئىش تامام بولاتتى .

ئەمما ئەزرائىل كەلمىدى . ئۇ ، بىمارىمىزنىڭ ئىشىنى كېيىنگە قالدۇرغاندەك قىلاتتى . بىمار دوختۇرخانىدا ئۈچ ئاي ياتتى . تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا ، راككا گىرىپتار بولغۇچى شۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى . بۇرۇنمۇ نۇرغۇن راك كېسىلى گىرىپتارلىرى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن . كېيىنمۇ داڭلىق ئوتتۇرا ئاۋازلىق ناخشىچى تۇرانقىز ،خەلق شائىرى روزى سايىتلار راك بىلەن ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتىغۇ .شۇنداقكەن ، ئۈچ ئاينى ئاخىرقى سۈرۈك دېسەك نېمىسى بولمىغۇدەك ؟ ئەمما بىزنىڭ بىمارىمىز ئاشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كەتمىدى .نېمە ئۈچۈن ؟ سېستىۋالدى دوختۇر ،ۋاڭ دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ داۋالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ بىر ئامپۇلى 200سوملۇق «بەيدەنبەي »ئوكۇلىدىن 15نى سالدۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللا ھاجىم ،خوجا باھاۋىددىن ھاجىم ،ئابدۇغوپۇر ھاجىم ،باقى ھاجىم ، جېلىل ھاجىملارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە دورىلارنى بۇيرۇغىنى ئۈچۈنمۇ ؟ ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىدىكى تۇرسۇننىيازخان بىلەن سەيدى ماخمۇتنىڭ كۆڭۈل قويۇپ دورا قايناتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ۋەياكى ئۆزى كىتابلارغا قاراپ «ئىسكەنجۇبىل بۇزۇرى» ، «دىنار شەربىتى» ، «ئەرقى شوخلا» ،ئوسما يىلتىزى جەۋھىرى ، «ئىت ئۈزۈمى شەربىتى» ، «مەجۇنى مارى ئەپئا »قاتارلىق دورىلارنى ياسىتىپ ئىچكىنى ئۈچۈنمۇ ؟ – مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن . بىمارىمىز ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلۈپ كەتمەيلا قالماستىن تېخى ئازراق ماغدۇرىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭالىغۇدەك بوپقالدى . ھەممىنىڭ قەلبىدە يېڭى گۇمان پەيدا بولدى . راك ئەمەسمىكىنە ؟ دىئاگنوز قويۇشتا خوتەنگە ئوخشاشلا ئۈرۈمچىمۇ خاتالاشتىمىكىنە ؟

گۇماننى ئېنىقلاش ئۈچۈن يېڭىدىن تەكشۈرتۈش كېرەك ئىدى .بىمار 1988-يىلى ماينىڭ ئاخىرىدا يەنە

ئۈرۈمچىگە ماڭدى . ھەممە تەكشۈرۈشلەر يېڭىدىن ئىشلەندى .ھەتتا شۆيىللاردىكى ئەڭ ئىلغار ئۈسكىنە CT دىمۇ تەكشۈرۈلدى . تەكشۈرۈشكە يەنىلا ئەخەت ئابلىز ،شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىدىكى مەسۇم ھاجىملار ياردەملەشتى . تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى يەنىلا ئەڭ مەشھۇر دوختۇرلار خۇلاسىلىدى .دىئاگنوز ئېنىق ئىدى : جىگەر راكى !

راك بولسىمۇ ،ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنى نېمىسى ؟ ئۇ شۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاي تۇرۇپ داۋالاندى .ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدىن باشەندۇ دوختۇر مەسئۇل بولۇپ داۋالىدى . ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇئاۋىن باشلىقى ،كېيىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەن مەرھۇم مەمتىمىن روزى دوختۇر جۇڭگو تېبابىتى بويىچە دورا تەييارلاپ بېرىپ تۇردى . بىمارنىڭ ئەھۋالى ئاستا-ئاستا ياخشىلىنىپ باراتتى . راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغانلاردەك بارغانسېرى ئېغىرلاشمايۋاتاتتى .كېيىنكى يىللاردا بىمار ھەر يىلى بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەكشۈرتۈپ تۇردى .ئەڭ ئاخىرى – 1995-يىلىدىكى تەكشۈرتۈشتە راك ھۈجەيرىسى بايقالمىدى .بۇ ئارىدا بىمار ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ،مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىق مەنسىپىدىن ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ھۆددىگەرلىكىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ ،لېكىن خوتەن شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ يۈرەتتى .

كارامەت دېگەن مانا شۇ .سەرلەۋھەنى «ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان ئادەم»دەپ قويغانلىقىمىزدىكى سەۋەب شۇ . بىرەرسىنى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ يەنە ساقىيىپتۇ دەپ ئاڭلىغانمۇ سىز ؟ بۇرۇن ئاڭلىمىغان بولسىڭىز مانا ئەمدى ئاڭلىدىڭىز .ئابابەكرى راخمان راك كېسەللىكىدىن ساقايغان ئادەم . ئۇ ھېلىمۇ توغراقتەك بەردەم ، تاغدەك مەزمۇت ،چېلىشچى پالۋانلاردەك ساغلام .قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئالتە-يەتتە يىل ئاغرىق ئازابى تارتقان ئادەمگە زادىلا ئوخشىمايدۇ .

## 5.بىمارنىڭ تېۋىپقا ئايلىنىشى

ئەل ئىچىدە : تولا كېسەل تارتقان ئادەم دوختۇرغا ئايلىنىدۇ ،دېگەن گەپ بار . بۇ ئاشۇ بىمارنىڭ دورىلارنى تونۇيدىغان بوپقېلىشى ، قايسى دورىنىڭ پايدا قىلىپ ، قايسى دورىنىڭ زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى ،ھەتتا بەزىدە بىئاراملىق ھېس قىلغانلارغا ئانچە-مۇنچە دورا بۇيرۇشلىرىغا قارىتىپ ئېيتىلغان . ھەرگىز ھەقىقىي مەنىدىكى دوختۇرغا ئايلانغانلىقىغا قارىتىلمىغان .ئەكسىچە ، بىزنىڭ سەرلەۋھىمىز ئالتە-يەتتەيىل كېسەل تارتقان ئابابەكرى راخماننىڭ ھەقىقىي تېۋىپقا ئايلانغانلىقىغا قارىتىلغان .

ئۇ جىگەر راكى بىلەن ئالتە-يەتتە يىل ئېلىشتى . كېسەل ئۇنى يىقىتىشقا ،ئۇ بولسا كېسەلدىن قۇتۇلۇپ تۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى .ئۇنىڭ داۋالىنىش جەريانىنى باشقىلاردا داۋالانغان مەزگىل ۋە ئۆز-ئۆزىنى داۋالىغان مەزگىل دەپ ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ . بىرىنچى باسقۇچ بىر پۈتۈن 1988-يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .ئىككىنچى باسقۇچ 1988-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاكى 1995-يىلىدىكى تەكشۈرتۈشتە راك ھۈجەيرىسى بايقالمىغان چاغقىچە سوزۇلىدۇ . 1-باسقۇچتا ئۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدىكى سېتىۋالدى دوختۇر ،ۋاڭ دوختۇرلار كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىدى . ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدىكى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللاھاجىم ،خوجاباھاۋىددىن ھاجىم ،ئابدۇغوپۇر ھاجىم ،باقى ھاجىم ،جېلىل ھاجىملار سىرتتىن دورا بۇيرۇپ تۇردى .ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدىكى باشەندۇ دوختۇر كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالىدى . ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسىدىكى مەرھۇم مەمتىمىن روزى دوختۇر سىرتتىن دورا تەييارلاپ بېرىپ تۇردى . غەربچە داۋالاش ،ئۇيغۇر تېبابىتىچە داۋالاش ، جۇڭگو تېبابىتى بويىچە داۋالاش ئارىلاش ئېلىپ بېرىلدى .2-باسقۇچتا بولسا ،ئۇ ئاساسەن ئۆزىنى ئۆزى داۋالىدى .باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەكلا ،ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن ،توغرىسى 1966-يىلدىن باشلاپ تېۋىپلىققا ھەۋەس قىلىپ كەلگەنىدى . تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابلارنى ، رېتسېپلارنى يىغىشقا كىرىشكەنىدى .ئەمدى مانا ئاشۇلار ئەسقېتىپ قالدى . باشتا ئۇنىڭ 20يىلدەك بىكارغا دورا ياساش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق .ئۇ دورا ياساشنى ،شەربەت قايناتىشنى ،خورۇچلارنى رېتسېپ بويىچە تەڭشەشنى بىلەتتى .ئەمدى مانا بۇ ھۈنەرمۇ ئەسقېتىپ قالدى .ئۇ ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن كىتابلاردىن رېتسېپ ئىزدەيتتى .رېتسېپقا ئاساسەن خورۇچلارنى تەييار قىلاتتى ۋە دورا ياساپ ، شەربەت قايناتاتتى .دورىنى ئۆزى يەپ ،شەربەتنى ئۆزى ئىچىپ ،تەسىرىنى ئۆزى باھالايتتى . تەسىرى ياخشى بولغانلىرىنى قايتا ياساپ ئۆزمەي ئىستېمال قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ دورا دۇكانلىرىدەك كۆپ تارتمىلىق ئىشكاپ پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ھەربىر تارتمىسىدا ئايرىم خورۇچلار ساقلىناتتى .ئابابەكرى راخماننىڭ بۇ باسقۇچتىكى داۋالىنىشىنى خاس ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچىلا داۋالىنىش دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ ئۆزىنى داۋالاۋاتقان مۇشۇ باسقۇچ ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ، ئۆز كېسىلىدىن ئۈزۈل-كېسىل ساقىيىپ كەتمەي تۇرۇپلا ئىقتىدارلىق تېۋىپقا ئايلاندى . «ئابابەكرى راخمان راك كېسىلىدىن ساقىيىپتۇ ،ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر ئاللىقاچان خەلقئالەمگە پۇر بولغانىدى . كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ،ئاغرىق

www.uyghurkitap.com

ئازابىدىن شىپالىق ئىزدىگەنلەر ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. داۋالىنىش تەجرىبىلىرىنى سورۇشتۇرۇشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئابابەكرى راخمان ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كېسەللىرىگە دىئاگنوز قوياتتى، دورا بۇيرۇيتتى ۋە دورا تەييارلاپ بېرەتتى. بۇ ئىشلار باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك دەسلەپ ھەقسىز بولۇپ تۇردى. «ئابابەكرى راخمان كېسەل كۆرۈشكە باشلاپتۇ» دېگەن خەۋەر پۇر بولغاندىن كېيىن كېلىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەمدى ھەقسىز بولۇۋەرسە بولمايتتى. ئەمدى ئۇ بۇنى كۆتۈرەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ 1994-يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن، ئۆزلىكىدىن يېتىشىپ چىققان يېڭى تېۋىپ رەسمىي سۈرەتتە، تىجارەت خاراكتېرىدە كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى. مەخسۇس دوختۇرخانا ئاچمىدى. بارلىق تېۋىپلارغا ئوخشاشلا ئۇمۇ ئۆز ئۆيىدە كېسەل كۆرەتتى. دورا زاۋۇتىمۇ ئۆز ئۆيى ئىدى.

بىز «خوتەن شەھەر ناۋاغ ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى» - يەنى ھازىرقى «خوتەن شەھەر داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»نىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال زۆرۈرىيىتى بار بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ بىرىنچىسى، جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغان ئابابەكرى راخماننى كىم ۋە نېمە ساقايتتى؟ دېگەن مەسىلە. باشتا ئابابەكرى راخماننى باشقىلارنىڭمۇ داۋالىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنىمۇ داۋالىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇيەردە شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، ئەلۋەتتە داۋالاش باشقا ئىش، ساقىيىش - شىپالىق تېپىش بولسا يەنە باشقا ئىش. ئۇيغۇر تېبابىتىدە بارلىق تېۋىپ - ھۆكۈمالار مانا مۇشۇنداق قارايدۇ. ئابابەكرى راخمانمۇ شۇنداق قاراشتا. 2001-يىلى مايدا، ئىلگىرى خوتەن ۋالىيسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن، شۇ يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان غوپۇر ئابدۇللا راك كېسىلى بىلەن يېتىپ قالغان خەلق شائىرى روزى سايىتنى يوقلاپ كەلدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا باشقا رەھبەرلەرمۇ ھەمراھ بولۇپ كەلدى. شۇيەردە بىر رەھبەر ئابابەكرى راخماننىڭ روزى سايىتنى داۋالاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كاتتا مەنسەپدارلىق تەلەپپۇزى بىلەن «شائىرنى داۋالاش جىددىي سىياسىي ۋەزىپە، ئۇنى سىلىگە تاپشۇردۇق، چوقۇم ساقايتىشلىرى كېرەك» دەپ يولىيورۇق چىقاردى. ئابابەكرى راخمان ئاخبارات خەۋەرلىرىدىكى قەھرىمانلاردەك «ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمغىچە تىرىشىمەن» دەپ جاۋاب بەرمىدى. تەڭرىقۇت ئالدىدىكى غالچىدەك «قۇللۇق، باش ئۈستىگە!» دەپ جاۋابمۇ بەرمىدى. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار ئالدىدا ھودۇقۇپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز؟ ئۇ ئالدىرىماي تۇرۇپ: «داۋالاشنى بىز داۋالايمىز، شىپالىقنى ئاللا بېرىدۇ» دېدى. ئەگەر گەپ باشقىچە بولۇپ، ئۇ «ساقايتىمىز» ياكى «ساقايتالايمىز» دېگەن بولسا، دىنىي ئېتىقادىمىز بويىچە بۇيەردە كۇپۇرلۇق يۈز بەرگەن بولاتتى. ھەرقانداق كېسەلگە شىپالىق بېرىش ئاللانىڭ ئىلكىدە. ۋەھالەنكى، يەنە شۇ ئاللا بۇ ئالەمنى سەۋەبنىڭ ئالىمى قىلىپ ياراتقان. بەندىسىنى كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغان قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە، ئاشۇ كېسەلگە شىپا بولىدىغان دورا-دەرمەكلەرنىمۇ ياراتقان. مەسىلە تېۋىپ - ھۆكۈمالىرىمىزنىڭ قايسى كېسەلگە قايسى دورىنىڭ شىپا بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقالىشىدا. تېپىپلا چىقالايدىكەن، ئەلۋەتتە ساقايمايدىغان كېسەل قالمايدۇ. بۇيەردىكى مەسىلە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس، بەلكى خېلىلا مۇرەككەپ. ھەربىر كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ مىجەزى، تەقدىر-قىسمىتى، تۇرمۇش ئادىتى، بەدەن قۇۋۋىتى، قارشىلىق -چىدامىتى قاتارلىق ئامىللار مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. بىر بىمارغا شىپالىق بەرگەن دورا ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىككىنچى بىمارنى ساقايتالماسلىقى مۇمكىن. يەنە شۇ دورا 3-بىمارنى ساقايتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ھەربىر بىمارغا ئايرىم دورا ياساش پرىنسىپىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى. ئۇيغۇر تېبابىتى ئوخشاش رېتسېپ بويىچە بىر تالاي دورىلارنى ياساپ قويۇپ، ئوخشاش تىپلىق كېسەللەرگە ئاش بىرخىل دورىدىن بېرىۋېرىشكە قارشى تۇرىدۇ. ھەربىر كېسەلنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان رېتسېپ تۈزۈشنى، ئوخشاش بولمىغان دورا ياساشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەسىلە شۇنداقكەن، باشتىكى «ئابابەكرى راخماننى جىگەر راكىدىن كىم ۋە نېمە ساقايتتى؟» دېگەن سوئالغا ئەمدى جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ. جاۋاب ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. تەپەككۇر قىلىپ كۆرسەكلا جاۋابىنى تېپىپ چىقالايمىز.

توختىلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى ئىش: ئابابەكرى راخمان سەۋەب قىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى داۋالاپ جىگەر راكىدىن شىپالىق تاپالىغانىكەن، باشقا راك كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىمۇ ساقايتالامدۇ دېگەن مەسىلە. راك كېسەللىكىنى داۋالاشتا يالغان گەپلەرنى قىلىش، لاپ ئۇرۇش - خەلقئارا كۈلكە-مازاققا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. ۋەھالەنكى، بۇ ئالەمدە راك كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر تالاي بولغىنىدەك، راك كېسەللىكىدىن شىپا تاپقانلارمۇ خېلى كۆپ. ئابابەكرى راخماننىڭ ئۆزى شۇلارنىڭ بىرى. . . خۇلاسە شۇكى، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ھەممىسى تېز پۇرسەتتىلا ئۆلۈپ كېتىۋەرمەيدۇ. شىپالىق تاپقانلىرى ئەلۋەتتە ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە يەنە خېلى يىللار ياشايدۇ. بۇ ھەقتىكى مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن. ئابابەكرى راخمان رەسمىي سۈرئەتتە تېبابەتچىلىك قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

كىرىشكەندىن كېيىن داۋالىغان راك كېسەللى بىمارلىرى ئەھۋالىدىمۇ ئۆلۈپ كېتىش ۋە ساقىيىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھالەت مەۋجۇد. ئۇ ئاچقان «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى» دىكى خادىملارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئۇلار كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 400 نەپەردىن ئارتۇقراق كىشىنى داۋالاپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 220 ـ 230 نەپەردەك بىمار شىپالىق تاپالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. 80 نەپەر ئەتراپىدىكى بىمار ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قايتا تەكشۈرتۇشتە راك ھۈجەيرىسى بايقالماپتۇ. يەنە ياكى ئۆلۈپ كەتمەي ياكى تولۇق ساقايماي سوزۇلۇپ قالغانلاردىن 120 نەپەر ئەتراپىدا بار ئىكەن. بۇلارنى ئۆمرى ئۇزارغانلار دېيىشكە بولماسمۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 50 پىرسەنتتىن ئارتۇق. ساقىيىش نىسبىتى 20 پىرسەنت. ئۆمرى ئۇزىراش نىسبىتى30 پىرسەنت. بۇيەردىكى 20 پىرسەنت ۋە 30 پىرسەنت دېگەن رەقەملەرنى ھەرگىز كىچىك كۆرمەڭ. دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشى «راك كېسىلى ساقايماس كېسەل» دەپ قاراۋاتقان، مېدىتسىنا ساھەسى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ئەھۋالدا 20 پىرسەنتلىك ساقىيىش نىسبىتى كارامەت ئۈمىدلىك سان! راك كېسىلى بىمارلىرىغا ئۈمىد بېغىشلايدىغان سان! كىم ئۆلۈپ كېتىشنى خالايدۇ؟ «بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىمدىغان ئالەم بۇ، ئۆلۈمگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەنسەن، ئىقتىسادنى بۇزۇپ داۋالىنىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن گەپلەر پۈتۈنلەي بىمەنە بىلجىرلاش. ئىنسان ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ. بىر پىرسەنتلىك ئۈمىدمۇ ئۇنىڭغا تەسەللىي بىرەلەيدۇ. شۇنداقكەن، 20 پىرسەنتلىك ئۈمىد ئۇنىڭغا نېمىشقا ئىشەنچ ئاتا قىلمىسۇن؟!

20 پىرسەنت ئەتراپىدىكى راك كېسىلى بىمارلىرى ساقايدى، دېگەن گەپ ئاڭلىغۇچىلارنى راستىنلا ئىشەندۈرەلەمدۇ؟ بۇنىڭغا پاكىت كېرەك. 80 نەپەردىن ئارتۇق ساقايغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزمۇ مۇمكىن. لېكىن گەپنى ئۇنداق ئۇزارتىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇيەردە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى» دا مەمۇرىي خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئابدۇرېشىت باھاۋىدىن ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدىن ئازىراق كۆچۈرۈلمە ئالايلى. ئۇلار دوختۇرخانا تەشكىللىگەن بىر ئۆمەك بولۇپ، 2004-يىل 26-يانۋاردىن 30-يانۋارغىچە قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيىلەرگە بېرىپ، ئىلگىرى «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى» دا داۋالانغان راك كېسىلى بىمارلىرىدىن 20 دىن ئارتۇق كىشىنى يوقلاپتۇ ۋە قايتا تەكشۈرۈپتۇ. ھازىرقى ئەھۋالىنى ئوقۇشۇپتۇ. بىز بۇيەردە ئىلگىرى ئۆزى داۋالىغان بىمارلارنى ئائىلىسىگىچە بېرىپ يوقلاش ۋە قايتا تەكشۈرۈشنىڭ رايونىمىز دوختۇرخانىلىرىدا تېخى كۆرۈلمىگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىشقا ئالدىرىماي، ئابدۇرېشىت باھاۋىدىن ئەپەندىنىڭ يانچۇق خاتىرىسىدىكى تەپسىلاتلارغا نەزەر ئاغدۇرايلى:

«قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا جايتېرەك كەنتى. رابىيىخان تاڭجاڭ. ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ تەكشۈرتكەندە ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى «بالىياتقۇ بويىنى راكى» دەپ دىئاگنوز قويغان. 1996-يىلى يازدىن باشلاپ دوختۇرخانىمىزدا داۋالانغان. بالنىتستا يېتىپ داۋالىنىش، ئۆيىگە دورا ئەكېتىپ داۋالىنىش ئارقىلىق كېسەللىك ئازابىدىن قۇتۇلغان. 1999-يىلدىكى قايتا تەكشۈرتۇشتە راك ھۈجەيرىسى بايقالمىغان. ھازىر سەمرىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىشلىرىنى بىمالال قىلالايدىكەن...»

«قاراقاش ناھىيە سايۋاغ يېزا تاملىق مەھەللە. تۇراخان. قەشقەر ۋىلايەتلىك 2-دوختۇرخانا ‹بالىياتقۇ بويىنى راكى› دەپ دىئاگنوز قويغان. 2001-يىلدىن باشلاپ دوختۇرخانىمىزدا داۋالانغان. سەللىمازا ساقىيىپ كەتكىلى ئىككى يىل بوپتۇ. قايتا تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىزدىكىلەرنى كۆرۈپ قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتتى... خوراز ئۆلتۈرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆمەك ئەزاسى سەيدىئاخۇن خورازنى قويۇۋەتتى...»

«خوتەن ناھىيە يېڭىئاۋات يېزا غوجەك كەنتى 4-مەھەللە. ئابدۇخالىق ئاخۇن. 50 ياش. ئەسلىدە قىزىل ئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولۇپ، بېرىپ داۋالانمىغان دوختۇرخانا قالمىغان. ساتقۇلۇقلىرىنى سېتىپ دوختۇرخانىلارغا ئۆتكۈزۈپ ھەممە ئىقتىسادىدىن ئايرىلغان. ئاخىرى داۋالانغىلى ھېچ نەرسىسى قالمىغان. كېسىلى ئېغىرلىشىپ گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمەيدىغان ھالەتكە كەلگەن. ئۇنىڭ ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمىغان كەنت باشلىقى ۋە قوشنىلار ئازراق پۇل يىغىش قىلىپ ‹ئابابەكرى راخماندا داۋالىنىپ بېقىڭلار› دەپ ئەۋەتكەن. دوختۇرخانىمىز 2002-يىلى دېكابىردىن باشلاپ كېسەلخانىدا ياتقۇزماي، ھەپتىلىك دورىنى بىر قېتىمدا تەييارلاپ بېرىپ ئۆيىدە ياتقۇزۇپ داۋالىغان. ھازىر ئاساسەن ساقىيىپ كەتكەن. ئەسلىدە سۇمۇ ئۆتمەيدىغان گالدىن ھازىر ئۈزۈم بىلەن نان (نانى ئەنگۈرە) ئۆتۈدىغان بولغان. بىزنىمۇ ھۆل ئۈزۈم بىلەن مېھمان قىلدى...

«خوتەن شەھەرلىك سۇ ئىدارىسى. ئەخمەت بەردى ئاخۇن. ئاق قان دانچىلىرى كۆپىيىپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان (بۇ كېسەلنى قان راكىمۇ دېيىشىدۇ). شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرتكەندە ئاق قان دانچىلىرىنىڭ سانى 58 مىڭ چىققان. 2002-يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ دوختۇرخانىمىزدا داۋالانغان. ئاق قان دانچىلىرىنىڭ سانى 12 مىڭغا چۈشكەن... بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە كېسەلنىڭ قايتا قوزغالمىغانلىقى ئىسپاتلاندى...»

«خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ. ئوقۇتقۇچى ئابلىكىم سابىرنىڭ 5ياشلىق ئوغلى ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇقلاپ ئاجىزلاپ كەتكەن. خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا تەكشۈرتكەندە ئاق قان دانىچىلىرىنىڭ سانى 72مىڭغا چىققان بولۇپ، دوختۇرلار 60مىڭ يۈەن تەييارلاپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ داۋالىتىشنى بۇيرىغان. بۇ، 2001-يىلى ئىيۇندىكى ئىش ئىكەن. ئابلىكىم سابىر ئوغلىنى دوختۇرخانىمىزغا ئەكېلىپ كۆرسەتكەن. ئابابەكرى راخمان بىر ئايدەك ۋاقىت دورا تەييارلاپ بەرگەن. 200يۈەنلىكچە دورا يېگەن. كېيىن تەكشۈرتكەندە ئاق قان دانىچىلىرىنىڭ سانى 6400گە چۈشۈپ نورماللاشقان. ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ تەكشۈرتكەندە ‹بالىڭىزدا كېسەل يوقكەن› دېگەن. ھازىر بالا يەتتە ياشقا كىرىپ مەكتەپكە بېرىپتۇ...»

«لوپ ناھىيە لوپ بازىرى ئەنجانباغ مەھەللە. نۇرنىساخان. بالىياتقۇ راكى، يەنە بۆرەك ياللۇغى، جىگەر قان تومۇر ئۆسمىسى قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان. ناھىيەدىكى دوختۇرلار ۋىلايەتكە، ۋىلايەتتىكى دوختۇرلار ئۈرۈمچىگە يوللىغان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسىم دوختۇرخانىسى «ئۈمىد يوق» دېگەن. 2002-يىلى ئىيۇندىن نويابىرغىچە دوختۇرخانىمىزدا داۋالىنىپ تامامەن ساقايغان. بۇ قېتىم كۆرگىنىمىزدە شۇنداق ئۆزتۇرۇپتۇ...»

«چىرا ناھىيە چىرا يېزا 5-كەنت چوڭكۆل مەھەللە. مەتتىمىن قۇربان، 72ياشلىق بوۋاي. جىگەر راكىغا گىرىپتار بولغان. ۋىلايەت ۋە ئۈرۈمچىلەردە تەكشۈرتكەن ۋە داۋالانغان. ئۇيەردىكى دوختۇرلار ‹ئۇزۇن بولسا ئۈچ ئاي ئۆمۈر كۆرەلەر› دېيىشكەن. يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەھۋالدىن خەۋەرتېپىپ: ‹ئابابەكرى راخماندا داۋالىنىڭ. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆز-ئۆزىنى داۋالاپ ساقايتقان. سىزنىمۇ ساقايتىشى مۇمكىن› دەپ دوختۇرخانىمىزغا ئەۋەتكەن ۋە ئۆزى تېلېفونىمۇ قىلغان. 2003-يىلى ئاپرېلدا دوختۇرخانىمىزدا داۋالىنىپ ساقايغان. بۇ قېتىم تەكشۈرۈشكە بارغىنىمىزدا ئەھۋالى ياخشى. كېسىلى قايتا قوزغالماپتۇ. ئەپسۇسكى، ئەمدى ئايالى ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بوپقاپتۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىلىپ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرالماپتۇ...»

«كېرىيە ناھىيە ئارىش يېزا يېڭىئېرىق كەنتى ئىقىن مەھەللە. ئابدۇرېھىم ئاخۇن. 43ياش. ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىلار ‹مېڭە ئۆسمىسى› دەپ دىئاگنوز قويغان. 2002-يىلى دېكابىردىن 2003-يىلى مايغىچە دوختۇرخانىمىزدىن دورا ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ داۋالانغان. ھازىر ئەھۋالى ياخشىكەن...»

ئابدۇرېشىت باھاۋىددىننىڭ خاتىرىسىدىن يۇقىرىقى تەپسىلاتلارنىلا كۆچۈردۇم. ئەلۋەتتە قىسقارتىپ ئالدىم. مۇشۇ قېتىمقى قايتا تەكشۈرۈشتە ئابابەكرى راخمانغا ئېيتىلغان رەھمەت ھەشقالللارنى، قوي، توخۇ-ئۆردەك سويۇشقا تەرەددۇت قىلىشلارنى، «بىر كېچە قونۇپ بەرسىلە - بىر كۈن تۇرۇپ بەرسىلە» دەپ تۇتۇشلارنى يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ئابدۇرېشىت باھاۋىددىننىڭ خاتىرىسىدىكى 20نەچچە ساقايغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆچۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ باھارنى قىياس قىلىش ئۈچۈن ھەممە گۈللەرنى تەپسىلى كۆرۈپ، ھىدلاپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداقتىمۇ ئابابەكرى راخمان خوتەنلىك راك كېسەللىكلىرىنىلا داۋالىغانمىكىن دېگەن گۇماندىن خالىي بولۇش ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكۈچى يەنە تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارنىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە ھاۋالە قىلىدۇ.

2002-يىلى كۈزدە، قەلەم تەۋرەتكۈچى تاساددىپىي پورسەتتە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر جۈپ ئەر-ئايال بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. ئايالنىڭ ئىسمى پاتەمخان، ئۈرۈمچى شىمىگودىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. خوتەن ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ 2003-يىلى كۈزدە قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن تۇرغۇن ھاكىمغا تۇغقان كېلىدىكەن. ئۇلار قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ «تۇغقان يوقلاپ كېلىشىپتىلا؟» دېگەن سوئالىغا ئۇزۇن بىر ھېكايە بىلەن جاۋاب بەردى. قىسقارتىلغىنى شۇكى، ئەسلى پاتەمخان جىگەر قېتىش - جىگەر راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىلاردا ئۇزۇن داۋالىنىپتۇ. ئۈنۈمى بولماپتۇ. ھەتتا دوختۇرلار «ئۇزۇن ياشىيالىسا تۆت-بەش ئاي ئۆمۈر كۆرىدۇ» دېيىشىپتۇ. جان ھەلقۇمغا كەلگەن ئاشۇ پەيتلەردە تونۇشلاردىن بىرى ئابابەكرى راخماننىڭ گېپىنى قىپتۇ. پاتەمخانلاردا ئازراق ئۈمىد پەيدا بوپتۇ. سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم شال پاخلى بولسىمۇ ئېسىلىشى كېرەك. ئۇلار ئابابەكرى راخمانغا تېلېفون قىلىپ كېسەللىك ئەھۋالىنى بايان قىپتۇ. ئابابەكرى راخمان: «ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمىسىلە، ساقىيىپ كېتەلەيدىلا، مەن دورا ئەۋەتىپ بېرەي» دەپتۇ. بۇ 2002-يىلى باھاردىكى ئىش ئىكەن. شۇندىن كېيىن تۇرغۇن ھاكىم ئابابەكرى راخماننىڭ پاتەمخان ئۈچۈن ياسىغان دورىلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشكە باشلاپتۇ. يىغىنلارغا بارغاندا ئۆزىمۇ ئېلىپ بارىدىكەن. شۇنداق قىلىپ پاتەمخان ئابابەكرى راخماننىڭ دورىلىرىنى تۆت-بەش ئاي يەپتۇ ۋە مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا ساقىيىپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىم خوتەنگە ئاتايىتەن ئابابەكرى راخمان بىلەن دىدارلاشقىلى ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقىلى كېلىشى ئىكەن...

يەنە بىر تەپسىلات شۇكى، تۇڭگان ئاغىنىلەردىن ئابلا نىياز ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قورۇسىدا دەرەخكە يۆلىنىپ يىغلاۋاتقان چوڭ ياشلىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ كۆرۈنۈشى تولىمۇ مەيۇس ئىكەن. خوتەنلىكلەر يۇمشاق كۆڭۈل كېلىدۇ. بېشىغا كۈن

www.uyghurkitap.com

چۈشكەنلەرگە ھېسداشلىق قىلىشقا ئامراق. ئابلا نىياز ھېلىقى ئادەمدىن ئەھۋال سوراپتۇ. نېمە ياردەم كېرەكلىكىنى ئۇقۇشۇپتۇ. مەلۇم بوپتۇكى، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆمۈر جۈپتىگە تېخى ھېلىلا «ئۆپكە راكى» دەپ دىئاگنوز قويۇلغانىكەن. ئۆپكە راكى ـ بۇ ئەجەل يېقىنلاپ قاپتۇ دېگەن گەپ. ئۆمۈر جۈپتىگە ئەجەل يېقىن كېلىۋاتسا، جۈپلەرنىڭ يەنە بىرى كاككۇكتەك نادامەت چەكمىسۇنمۇ؟ ئابلا نىياز ئۇ كىشىگە تەسەللىي بېرىپتۇ. ئابابەكرى راخماننىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بېرىپ: «مۇشۇ كىشى راك كېسىلىنى داۋالىيالايدۇ، ئالاقىلىشىپ باقسىلا» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ دەرەخكە يۆلىنىپ يىغلىغان ھېلىقى كىشى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالىنى ئېلىپ خوتەنگە ـ ئابابەكرى راخمان دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى. نام-ئەمەللىرىمۇ مەلۇم بولدى. ئەرنىڭ ئىسمى ۋاھاب قادىر. 1950-، 1960-يىللاردىكى داڭلىق ئاۋاز ئارتىسى ئىكەن. ھازىر جۇڭگو بىلەن قازاقىستان ئارىسىدا بېرىپ-كېلىپ تىجارەت قىلىدىكەن. راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ ئىسمى ئايىمخان ئىكەن. ئۇلار ئابابەكرى راخماندا بىر يېرىم ئاي داۋالاندى. تېخى ۋاھاب قادىر ئايالىنى بۇيەردە داۋالىنىشقا تاشلاپ قويۇپ قازاقىستانغا كېتىپ قالدى. شۇ بىر يېرىم ئاي ئىچىدە ئايىمخاننىڭ كېسىلىدە جىق ياخشىلىنىشلار بولدى. كېيىن ئائىلىسىدە يېيىشكە دورا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى.

... ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئابابەكرى راخمان سۆزلەيدۇ: 2003-يىلى ئاۋغۇست. بىر كۈنى قول تېلېفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى. ئاچتىم. تېلېفوندىن «ئابابەكرى راخمان ياشىسۇن، ئابابەكرى راخمان ياشىسۇن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بىرەر مەست ئاغىنە چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدۇم. ھازىر رەئىسلەرنى ياشىسۇن دېيىش مودىدىن قالدى. ئۆزئارا ياشىسۇن دېيىشسە بولۇۋېرىدىغان بولدى. قورقۇپقۇ كەتمىدىم. لېكىن ئاۋاز راسا تونۇش ئەمەس. «نېمە گەپ، نېمە گەپ؟» دەپ سورىدىم. لېكىن «ئابابەكرى راخمان ياشىسۇن» دېگەن ۋارقىراش توختايدىغاندەك ئەمەس. «مەستنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلىغۇچە...» دەپ تېلېفوننى ئېتىۋېتىشكە تەييارلاندىم. شۇچاغدا تۇيۇقسىز: «مەن ۋاھاب قادىر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. تىچلىق سوراشتۇق. مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئايىمخاننى قايتا تەكشۈرتۈپتۇ. ئۆسمىنىڭ يېنىپ ئىنتايىن كىچىك ھالەتكە كەلگەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ. ئەسلى ئۆسمە يېنىدا ـ ئۆپكىدە يەنە بىر جاراھەت بار ئىكەن. ئۇ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىپتۇ. زەينەپ ساقايسا كاككۇك خۇشال بولماي قالاتتىمۇ؟ تېلېفون قىلىشى، خۇشاللىقتىن «ئابابەكرى راخمان ياشىسۇن!» دەپ ۋارقىرىشى شۇ سەۋەبتىن ئىكەن. تېلېفوندا كۆپتىن كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ كەتتى...

ئەمدى بۇ سەھىپىلەردە ئاۋات ناھىيىسىدىكى توختىنىساخاننىڭ قىزىل ئۆڭگەچ راكىدىن ساقايغانلىقىنى، قەشقەردىن، چەرچەندىن، يەكەندىن كېلىپ ساقىيىپ يانغانلارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئابابەكرى راخمان داۋالىغان ھەممە راك كېسەللىكلىرى ساقىيىپتۇ، دېگەن تەسىرات پەيدا بوپقالماسلىق ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىمۇ ئەسكە ئېلىش لازىم. ئۇنىڭ قولىدا داۋالىنىپ شىپا تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ داڭلىقى ـ خەلق شائىرى روزى سايىت. گەرچە باشلىقلارنىڭ «چوقۇم داۋالاپ ساقايتىشلىرى كېرەك» يەي، «بۇ سىلىگە بەرگەن سىياسىي ۋەزىپە» يەي دېگەندەك يوليورۇقلىرى بولسىمۇ، ئابابەكرى راخمان ئۇنى داۋالاپ ساقايتالمىدى. 45 يىللىق دوستىنى بارچە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ داۋالىغان بولسىمۇ شىپالىق بېرەلمىدى. داۋالاش باشقا ئىش، شىپا تېپىش يەنە باشقا ئىش، ئەلۋەتتە. ئالدىنقىسى ئابابەكرى راخمانغا تەئەللۇق. كېيىنكىسى بولسا ياراتقۇچىنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش. بۇنى ئېنىق ئەستە تۇتۇش لازىم. داڭلىق ئوتتۇرا ئاۋازلىق ناخشىچى تۇرانقىز ۋە باشقا شىپالىق تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىشىمۇ شۇنداق. بۇيەردە بىز ئابابەكرى راخماننى ئاساسسىز گەپلەر بىلەن ماختاپ يۈرسەك بولمايدۇ. ئابابەكرى راخماننىڭ تېۋىپقا ئايلانغانلىقى، رەسمىي سۈرئەتتە دوختۇرخانا ئاچقانلىقى ۋە دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا توختىلىشتىن بۇرۇن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان 3-ئىش، ئۇنىڭ راك كېسىلىدىن باشقا كېسەللەرنىمۇ داۋالايدىغانلىقى ھەققىدە. ئۇنىڭ يەنە قانداق كېسەللەرنى داۋالايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا بېرىلىۋاتقان «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى» توغرىسىدىكى ئېلانغا قۇلاق سالساقلا كۇپايە. ئەلۋەتتە تېۋىپ بولغانىكەن، تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ئاچقانىكەن، باشقا ھەرخىل كېسەللىكلەرنىمۇ داۋالاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى كېرەك. بۇنى ئىشقا ئاشۇرغان دەپ ئېيتالايمىز. ئابابەكرى راخماننىڭ بولۇپمۇ جىگەر، بۆرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش سەۋىيىسى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىر ھېكايە كەلتۈرەيلى: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەيدىغان فېۋرالنىڭ ئوغلى جارقىن قازاقىستاندا ئوقۇۋاتقاندا جىگەر ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان. ئۇياقلاردا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە داۋالانغانىكەن. ئۇيەردىمۇ شىپا تاپالماپتۇ. ھەتتا داۋالىغۇچىلار «ئەمدى ئامال يوق، قايتۇرۇپ كېتىپ ئاخىرەتلىكىگە تەييارلىق قىلىڭلار» دېيىشىپتۇ. نېمە چارە؟ شۇئەسنادا ئۇلار كىمدۇر بىرىدىن ئابابەكرى راخماننىڭ بۇنداق كېسەلنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك يولى بىلەن داۋالىيالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئابابەكرى راخماننىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە بىمارنى كۆرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بالىنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر ئىكەن. پۈتۈن بەدىنى سېرىق سەبدەدەك سارغايغان، كۆز قارىچۇقىغا

تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى كەپلەپ قويغاندەك سېرىق كۆرۈنىدىكەن . پۇت-قولىدا ماغدۇردىن ئەسەر يوق ئىكەن . 1999-يىلى دېكابىرنىڭ ئاشۇ سوغۇق كۈنىدە ئابابەكرى راخمان : «خۇدا خالىسا بالا 45كۈندە ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . بىر شەرتىم شۇكى ، بالىنى دوختۇرخانىدىن ياندۇرۇپ چىقىڭلار . مېنىڭ دورامدىن ئۆزگە دورىنى يېمىسۇن »دەپتۇ . فېۋرال ئوغلىنى سۇ ئىشلار نازارىتىدىكى ئاكىسى نۇرلاننىڭ ئۆيىگە ياندۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئابابەكرى راخمان تەييارلاپ بەرگەن دورىلارنى يېگۈزۈشكە باشلايدۇ .ئون كۈنلەردىن كېيىن بالىدا ئۆزگىرىش – ساقىيىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ . 25كۈندە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغۇدەك بولىدۇ . 30كۈندىن كېيىن مورىغا قايتىدۇ . ئابابەكرى راخمان يەنە بىر ئايلىق دورا تەييارلاپ بېرىدۇ . 45كۈن ئۆتكەندە سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن جارقىن قازاقىستانغا قايتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ . ئابابەكرى راخمان بىلەن ئالاھىدە خوشلىشىدۇ . تېۋىپنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ : «ماڭا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق بەردىڭ ،مېنىڭ ئىككىنچى دادام بولدۇڭ » دەيدۇ .مانا شۇ ئىشتىن كېيىن جارقىننىڭ دادىسى فېۋرال ئابابەكرى راخماننىڭ مورىدا تورۇشلۇق تەشۋىقاتچىسىغا ئايلىنىدۇ . كۆرگەنلا يەردە ئابابەكرى راخماننىڭ داۋالاش ئىقتىدارىنى تەرغىب قىلىدۇ . ئابابەكرى راخمان ئۈرۈمچىدە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان ئاشۇ 2000-يىلىدا مورىدىن ماشىنا-ماشىنا قازاقلارنىڭ كېلىپ داۋالانغانلىقى ۋە دورا ئېلىپ قايتقانلىقى شۇ سەۋەبتىن ئىكەن .

يەنە بىر ھېكايە كەلتۈرەيلى : لوپ ناھىيە يورۇڭقاش يېزا ئاياغ مىيىقلا كەنتىدىن ئابدىلىمئاخۇن بۆرەك ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ . كېسەل ئېغىرلىشىپ پۈتۈن بەدىنى ، بولۇپمۇ قورسىقى كۆپتەك ئىششىپ كېتىدۇ . دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپمۇ شىپا تاپالمايدۇ .تېخى ئۆيەردىكى دوختۇرلار ئاشۇ نامرات دېھقاننى زاڭلىق قىلغاندەك : «100مىڭ يۈەن تەييارلاپ ئۈرۈمچىگە بېرىڭ . ئۇيەردە بۆرەك ئالماشتۇرسىڭىز ساقىيىپ كېتىسىز »دەيدۇ . نامرات دېھقان 100مىڭ يۈەننى نەدىن تاپىدۇ ؟ ئامالسىز ، پۇلسىز ، ياردەمسىز قالغان ئابدىلىمئاخۇن 2001-يىلى نويابىردا ئابابەكرى راخماننى ئىزدەپ «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى »غا كېلىدۇ .ئابابەكرى راخمان ئۇنى داۋالاشقا كىرىشىدۇ . تۆت ئايدىن كېيىن ئابدىلىمئاخۇن ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . يەنە پاكىت كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ؟ ئەگەر زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىساق ، ئەمدى «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى »نىڭ ئىشخانىلىرىدى- كى رەھمەت -ھەشقاللىلار بىلەن مەزمۇنلانغان لەۋھەلەرگە نەزەر ئاغدۇرايلى .ئېسىلغان لەۋھەلەر 30دىن ئاشىدۇ . ئاسىدىغان تام يوق ئىشكاپقا سېلىپ قويۇلغانلىرىچۇ تېخى .بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېسەلدىن ساقايغۇچىلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ، ئۆز قولى بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلغان .

توختىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان 4-ئىش ، ئابابەكرى راخماننىڭ تېۋىپلىق سالاھىيىتى مەسىلىسى . ھەممىگە مەلۇمكى ، تارىختىن بېرى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلار موللا-ئاخۇنلار بوپكەلدى . تېۋىپلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى سەللە يۆگىگەن ،ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن ، ئۇزۇن ساقاللىق موللا-ئاخۇنۇملارغا ئوخشايدۇ . بۇنى بەلكىم ئاشۇ موللا-ئاخۇنۇملار ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپە يەنى جامائەتنىڭ مەنىۋىيىتىنىمۇ ، جىسمانىيىتىنىمۇ ساغلاملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن . ۋە بەلكىم تېبابەتچىلىك كىتاب -قوللانمىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا كۆپرەك پارسىي ، ئەرەبىي ، ئوردۇچە بولغانلىقى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن . مەدرىسەلەردە 20-30يىللاپ ئوقۇمىغانلارنىڭ بۇ كىتابلاردىن پايدىلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇ ئۇقتىدىن ئېيتىشقا بولىدۇكى ، مەدرىسەلەرنى پۈتتۈرۈپ ئىرشاتنامە ئالغان موللا – ئاخۇنۇملارلا تېبابەتچىلىك قىلىش شارائىتىغا ئىگە . تېۋىپلارغا 15-20يىل شاگىرت بولغانلارمۇ ئالدى بىلەن دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يېتىشى ،ئاندىن كېيىن تېبابەتچىلىك ئىلمىدە كامالەت قوغلىشىشى كېرەك . مانا شۇ سەۋەبلىك ،تېۋىپلارنىڭ موللا-ئاخۇنۇم بولۇشى ، سەللە ئوراپ ئۇزۇن يەكتەك كىيىشى ،ئۇزۇن ساقال قويۇشى كېلىپ چىققان . مانا بۇ تېۋىپلىرىمىزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش سالاھىيىتى . ۋەھالەنكى ،ئەگەر بىز شۇنى تېۋىپلىق سالاھىيىتى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق ، ئابابەكرى راخمان بۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس . ئۇ سەللە يۆگىمەيدۇ ، دوپپا كىيىدۇ . ئۇزۇن يەكتەك كىيمەيدۇ ،غەربچە كاستۇم كىيىدۇ . ئۇنىڭ ئۇزۇن ساقىلى يوق ، ساقىلىنى ھەر كۈنى پاكىز قىرىپ تۇرىدۇ . ھەتتا بۇرۇتمۇ قويمىغان .بۇنى ۋە بۇلارنى ئابابەكرى راخماننىڭ تەربىيىلىنىش مۇھىتى بەلگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ئۇ مەدرىسەلەرنى تاماملىمىغان ،تېۋىپلارنىڭ ئۆيىدە 15-20يىل شاگىرتمۇ بولمىغان .دىنىي ئىلمى تولۇق ئەمەس . بەلكىم بۇنى ۋە بۇلارنى يەرلىك سىياسەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . چۈنكى ئاشۇ سىياسەتلەردە دىنىي كىيىم كىيىش ۋە ساقال-بۇرۇت قويۇش چەكلەنگەنلىكى ھەممىگە ئايان . ئابابەكرى راخماننىڭ ئۇزۇن ساقىلى يوقلۇقى ، ئۇزۇن يەكتەك كىيمىگەنلىكى – ئۇنىڭ تېۋىپلىقىغا گۇمان كەلتۈرمەيمۇ قالمىدى . ناتونۇش بىمارلار كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەندە شەھەرچە سىياق ياكى زامانچە سىياقتىكى تېۋىپنى كۆرۈپ ئىشەنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولدى . ئالدىنقى يىلى كۈزدە ئاغىنىلەردىن بىر قانچىمىز «داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى »نىڭ ئالدىغا جەم بولۇپ ئابابەكرى راخماننىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى ساقلاپ تۇردۇق . ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدى ماڭايلى دەپ تۇرساق ، چىرايلىق ساقال قويۇۋالغان روزىنىياز ئاخۇن

كەپقالدى . ئۇ ئابابەكرى راخماندىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوغلىنىڭ كەسىپ تاللىشى توغرىسىدا مەسلىھەت ئالغىلى كەلگەنىكەن . ئۇلار پاراڭلىشىۋاتاتتى ، يېنىمىزغا سومكا كۆتۈرۈۋالغان بىر جۈپ ئەر-ئايال كەلدى ۋە روزنىياز ئاخۇننى كۆرسىتىپ : «تېۋىپ ئابابەكرى راخمان ئاشۇ كىشىمۇ ؟ »دەپ سورىدى . تەلەپپۇزىدىن مەلۇم بولدىكى ، ئۇلار تۇرپان ياكى قۇمۇل تەرەپتىن كەلگەنلەر ئىكەن . بىز : «ياق ، ئۇ ئەمەس ، ئۇياقتىكىسى »دەپ جاۋاب بەردۇق .قۇمۇل-تۇرپانلىق ئەر-خوتۇن سۆزىمىزگە ئىشەنمىدى . قايتىلاپ سورۇشتۇردى . ئۇ گويا ساقىلى يوق ئىكەنغۇ ، ئۇزۇن يەكتەك كىيمەپتىغۇ دەپ سوراۋاتقاندەك قىلاتتى . بىز قايتا تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشەنگەندەك بولدى . شۇنداقتىمۇ كۆزلىرىدە يەنىلا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقنايتتى . . .

شۇ كۈنى ئابابەكرى راخمانغا ئۇزۇن ساقال قويىۋېلىش ، ئۇزۇن يەكتەك كىيىۋېلىش ھەققىدە چاقچاق قىلدۇق . ئۇمۇ چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بەردى : «تېۋىپقا ئەمەس سەللىگە كېسەل كۆرسەتمەكچى بولسا ،ھىندىستاندىكى شىكلارغا كۆرسەتسۇن ، يەكتەك - پەرىجىگە كېسەل كۆرسەتمەكچى بولسا ئەرەبلەرنى ئىزدىسۇن ، ساقالغا كېسەل كۆرسەتمەكچى بولسا ،تېكىگە مۇراجىئەت قىلسۇن . . . »

روشەنكى ، سالاھىيەت سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئەمەس ،ئىگىلىگەن بىلىمدە . ئۇنىڭ ئون نەچچە يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى تېۋىپلىق بىلەن سەللە ، يەكتەك ، ساقال ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى . بەلكىم سالاھىيەت كىنىشكە ، گۇۋاھنامە ،ئىرشاتنامىلەردىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن . كىنىشكا-گۇۋاھنامىسىز خىزمەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان جەمئىيىتىمىزگە يارىشا ،ئۇمۇ بەزى كىنىشكىلەرگە ئىگە . ئالايلۇق ،ئۇ 1987-يىلى ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە ۋراچلىق كىنىشكىسى ئالغان .1993-يىلى ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ئالىي مەكتەپ دىپلومى ئالغان . ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ داۋالاش بويىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئاللىقاچان ئۇ كىنىشكىلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى . . .

شۇنداق قىلىپ ،ئالتە - يەتتەيىل كېسەل ئازابى تارتقان ئابابەكرى راخمان بىر ئىقتىدارلىق تېۋىپقا ئايلاندى . ئۇ تېۋىپقا ئايلانغاندىن كېيىنكى ئون يىلدا 1100كۋادرات مېتىرلىق كېسەلخانا - ئىشخانىلارغا ، 50كارىۋاتلىق بالنىتسا ، 41نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىگە (بۇنىڭ 23نەپىرى مەخسۇس داۋالاش خادىمى )ئىگە «خوتەن داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى »نى قۇرۇپ چىقتى . ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈپ دورا بۇيرۇش ، كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاش ، تېلېفون ئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ،دورا ئەۋەتىپ داۋالاش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويدى . ھازىر ھەرقايسى ۋىلايەت - ناھىيىلەردىمۇ شۆبە دوختۇرخانا ئېچىشقا تىرىشماقتا . مۇشۇ ئون يىلدا ئابابەكرى راخمان داۋالىغان بىمارلار ئونمىڭ نەپەردىن ئاشىدۇ . ئۇ يەنە كېسەل داۋالاش جەريانىدا يەكۈنلىگەن ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن ،خوتەن رايونىنىڭ ئېسىل خام ئەشيالىرىنى ماتېرىيال قىلىپ «داۋايى قۇۋۋەت يېمەك - ئىچمەكلىرى زاۋۇتى »نى قۇرۇپ چىقتى .توققۇزخىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى . بۇلارنى ئەلۋەتتە نەتىجە دېمەي مۇمكىن ئەمەس .

## خاتىمە

خاتىمە دېگەن خۇلاسە .خۇلاسە قىلغاندا نېمە دەيمىز ؟ئالدى بىلەن شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى ، ئابابەكرى راخماننىڭ جىگەر راكىغا گىرىپتار بولۇشى ۋە شىپالىق تېپىپ كېسەللىكتىن خالاس بولۇش جەريانى ئۇنىڭ ھايات يولىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى .ئاشۇ كېسەل ئۇنى مەنسەپدارلىق ساھەسىدىكى قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈشتىن مەھرۇم قىلدى . ئاشۇ كېسەل ئۇنى ھەركۈنى ھاراق ئىچىدىغان ئېچىمەللىكتىن توختاتتى .ئاشۇ كېسەل ئۇنى سورۇنمۇ سورۇن ئويناپ يۈرۈيدىغان بىغەملىكتىن قۇتقۇزدى . ئاشۇ كېسەل ئۇنى بىردىنلا باي بولغىلى بولىدىغان بىناكارلىق ساھەسىدىن يىراقلاشتۇردى . ئاشۇ كېسەل ئۇنى يەنە تالاي-تالاي ئىشلاردىن يىراقلاشتۇردى ۋە تالاي-تالاي گۇناھلارنى سادىر قىلىشتىن ساقلاپ قالدى .ئەكسىچە ، ئۇنى ھاراق دېسە سەسكىنىدىغان مۆمىنگە ، كېسەل داۋالايدىغان تېۋىپقا ئايلاندۇردى . خەلققە ،جامائەتكە يېقىنلاشتۇردى .ئازاب-ئوقۇبەت تارتىدىغانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان قىلدى . تالاي پەللىلەردىن مەھرۇم قىلدى ۋە تالاي نۇسرەتلەرگە ئېرىشتۈردى .ھايات-تۇرمۇش دېگەن شۇ ئىكەن . بىرىدىن مەھرۇم قىلسايەنە بىرىگە مۇيەسسەر قىلىدىكەن .ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك يولى رېلىس ياتقۇزۇلغاندەك راۋان بولدىمۇ ؟ ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىدىمۇ ؟ ھايات - تۆمۈر يول ياكى ھاۋا يولى ئەمەس . ئۇنىڭدا دوقاللار ،ئېگىز-پەسلىكلەر ، قورام تاشلار دەرقەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئۇيەرلەردىن بۇرۇلۇشقا ،تورمۇزلاپ ئۆتۈشكە ،ئەگىپ ئۆتۈشكە ياكى يول توسقان قورام تاشنى ئېلىپ يول سىرتىغا ئىرغىتىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ . كىمنىڭ يولى تۈپتۈز بولسۇن ؟ ئىچكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بولىدۇ .يول تورايدىغىنى يەنىلا سىرتقى توسالغۇ . ياخشى نىيەت ،ياخشى پىلان ، ياخشى ئىشنىڭ كۈشەندىسى نىمانچە جىق ؟ ئاددىي رېتسىپلار بەك تولا . كېسىلىڭنى داۋالايدىغان ، سېنى ئاغرىق ئازابىدىن خالاس قىلىدىغان دورا-ئەشيا بېغىڭدا بار . پەقەت ئۇنى ساڭا بىلدۈرۈش - تونۇتۇش كېرەك . بىلىۋالساڭ ، تونۇۋالساڭ دوختۇرخانىلارغا پۇل خەجلىمەيمۇ ،يىراقلارغا بېرىپ دوختۇر ئىزدىمەيمۇ ئۆز-ئۆزۈڭنى داۋالىيالايسەن . ئابابەكرى راخمان ياخشى كۆڭلى ،ياخشى نىيىتى بىلەن كېسەللىكنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىنى ئېلىش ،ساغلاملىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تالاي قېتىم ئورۇندى . تۆت يىل يول ماڭدى . رەھبەرلەرنىڭ تەستىق خەتلىرىنىمۇ ئالدى . ۋەھالەنكى ، ئاشۇنى ئومۇملاشتۇرۇدىغان تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە دەرۋازا ئېچىلمىدى . دەرۋازىنى قانچە قاققان بولسىمۇ ئېچىپ بېرىشمىدى . . . ئابابەكرى راخمان ياخشى كۆڭلى ، ياخشى نىيىتى بىلەن ئاغرىق - بىمارلارنىڭ يولىنى قىسقارتىش ،ئۇلارنىڭ ئازاب - قىيىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ناھىيىلەرگە ، يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ كېسەل كۆرمەكچى ،سەييارە داۋالاشنى قانات يايدۇرماقچى بولۇۋىدى ،يېزا-قىشلاقلارنىڭ يوللىرىغا توساق قويۇلدى . باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىپمۇ ئۇ توساقلاردىن ئۆتەلمىدى . . . ئابابەكرى راخمان ياخشى كۆڭلى ، ياخشى نىيىتى بىلەن باشقا ناھىيىلەردە ،قوشنا ۋىلايەتلەردە شۆبە دوختۇرخانىلارنى ئاچماقچى بولۇۋىدى ، دوقمۇش-دوقمۇشتا قىزىل چىراغ يېنىپ توسۇپ قويدى . قىزىل چىراغ يېنىپ تۇرسا توختىماي نېمە ئىلاجىڭ ؟ . . . ئابابەكرى راخمان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئۈچۈن ، كېسەل-بىمارلار ئۈچۈن قىلماقچى ئىدى . ئەمما ئۇ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆز قىبلىنامىسى قىلغان شۇ ئورگانلاردىكى رەسمىيەتچىلىك توساقلىرىدىن ئۆتەلمىدى . نېمىسىنى دەيمىز ؟ ئۇ راك كېسەللىكلىرىنى داۋالىدى .ساقايغانلارمۇ ،ئۆلگەنلەرمۇ بولدى .بۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ،سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاش كېرەك ئىدى . ياردەم سورىۋىدى ، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى پەن-تەتقىقات تارماقلىرىغا ، پەن-تەتقىقات تارماقلىرى ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرىغا ئىتتىرىپ ،ياردەم قولىنى ئۇزىتىدىغان مەردانە تېپىلمىدى . يەنە نېمىسىنى دەيمىز ؟ جاھاندا راۋان يوللار كۆپمۇ ؟ياكى توساق-توسالغۇلار كۆپمۇ ؟ ئالدىنقىسى كۆپ بولۇشى كېرەك ئىدى . ھەتتىگەي . . .

خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىنى يەڭگىللىتىش كېرەك .كېسەل-بىمارلارنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىش كېرەك . ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ھەمدەم بولۇش كېرەك . ئابابەكرى راخمان توختاپ قالمىدى . قولىدىن قانچىلىك كەلسە ، شۇنچىلىك قىلدى .

كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە بولغان ئىشەنچىسى كەممۇ ياكى ئامال بولمىغاندا ئۇنى ئەسكە ئېلىشامدۇ ؟ ئىشقىلىپ ئابابەكرى راخماننى - «داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»نى ئەڭ ئاخىرىدا ئىزدەپ كېلىشەتتى . تالاي دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ ، ھەممە پۇللىرىدىن - ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ ، پۇل ئۆتكۈزۈشكە ئامال بولمىغاندا ، كېسەلخانىلاردىن قوغلاشقانلىرىدا ئاندىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىشەتتى . ئاشۇ بىچارىلەرنى «پۇلۇڭ بولمىسا داۋالىمايمەن»دېگىلى بولامدۇ ؟ باشقىلار دېيەلىشى مۇمكىن ، ئەمما ئابابەكرى راخمان دېيەلمەيدۇ . ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشى ،ئۇنىڭ كۆڭلى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ . ئۇ پۇلى بارلارنىمۇ ، پۇلى يوقلارنىمۇ داۋالاۋېرىدۇ . تاھازىرغىچە بىرمۇ بىمار پۇلسىزلىقتىن ئۇنىڭ دوختۇرخانىسى ئالدىدا يېتىپ قالغىنى يوق . دەرۋازا ئالدىدا قىينىلىپ يېتىپ جان ئۈزگەنلەر تېخىمۇ يوق . ئۇ ئادەملەرگە ئىشىنىدۇ . ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . ھازىرچە پۇلى بولمىسا نېمە بوپتۇ ؟ داۋالاپ تۇرايلى ، ساقايسۇن ، ساقايغاندا پۇل تاپالايدۇ . پۇل تاپسا داۋالىنىش ھەققىنى چوقۇم قايتۇرىدۇ دەپ ئويلايدۇ . ئىش ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق . ھەممە تاپقان-تەرگىنىنى باشقا دوختۇرخانىلاردا تۈگىتىپ ، ئاندىن « داۋايى »غا كەلگەن بىچارە بىمار داۋالىنىش ھەققىنى ھەرگىز ئالدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ . تولۇق ئۆتكۈزۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . تېخى يەنە ساقىيىپ بالنىتسىدىن چىققاندا ، كېيىن ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋەدىلەرنى بېرىپ كېتىدۇ . ئۇلارنى پۇلنى تۆلەپ بولۇپ ئاندىن دوختۇردىن چىقسەن دەپ ياتقۇزۇۋېرىشنىڭ ئورنى يوقتە .2001-يىلى قالغان نېسى 60مىڭ يۈەندىن ئارتۇق .2002-يىلدىكىگە قوشۇلۇپ 100مىڭ يۈەنگە باردى . 2003-يىلدىكى قانچە ؟ ئاشۇ نېسىلەرنى يىغقىلى بولامدۇ ؟ ساقايغۇچىلار كېيىن ئەكېلىپ بېرەمدۇ ؟

2002-يىلى كۈزدە ،قەلەم تەۋرەتكۈچى ئابابەكرى راخمان بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر كۈنى چەرچەنلىك بىر قانچە ئادەم كېسەل كۆرسەتكىلى كەلدى .ئۇلار ئالدىدا ئولتۇرغان سەللىسىز ،يەكتەكسىز ،ساقالسىز تېۋىپنىڭ راستىنلا ئابابەكرى راخمان ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن 400سوم پۇلنى ئېلىپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا قويدى . تېۋىپ دېدى : «كېسەلنى كۆرۈپ بولاي ، دورا ئالمىدىغان چاغدا پۇل تۆلىسەڭلارمۇ بولىدۇ» .كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر دېدى : «ياق ، بۇ بىز دورا ئالمىدىغان پۇل ئەمەس . ئۆزلىرى تۆت يىل بۇرۇن قوشنىمىز××نى داۋالاپ قويغانىكەنلا ، شۇ چاغدا 400سوم قەرز قالغانىكەن . بۇ قېتىم بىزدىن ئەۋەتتى . ئالدى بىلەن ئامانەتنى تاپشۇرايلى .ئاندىن ئۆزىمىزنى كۆرسەتەيلى . ئامانەتنى تاپشۇرۇۋالغايلا . . .»

ئىش مانا شۇنداق . ياخشىلار كۆپ دۇنيا بۇ . كېسەل چاغدا تاپشۇرالمىغان ،بالنىتسىدىن چىققاندا قەرزقالغان پۇلنى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئىش قانچە قېتىم يۈز بەردى ؟ بۇنى ستاتىستىكىلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس . ئابابەكرى راخمان ئاشۇ قەرز قالغان پۇللارنى ئەكېلىپ بەرسە ھەممىنى ئېلىۋېرەمدۇ ؟ قەلەم تەۋرەتكۈچى ئالدىنقى بىر يىلى ئۇلارنىڭ بىر قېتىمدا 500يۈەندىن تۆۋەن قەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىگە شاھىد بولغان .بۇ قېتىم دوختۇرخانا ھېساباتىنى باشقۇرغۇچى سەيدى ماخمۇت ئابابەكرى راخماننىڭ 2003-يىلى نويابىردا - رامزاندابىر قېتىمدىلا 67مىڭ يۈەن نېسىنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى .

. . ئىش شۇنداق .ھەممە قەرزلەرنى ساقلاپ يۈرۈشنىڭ ،قاچان ئەكىلىپ بېرەركىن دەپ كۈتۈپ يۈرۈشنىڭ ۋە ياكى ئادەم ئەۋەتىپ قەرز سۈيلەشنىڭ ھاجىتى يوق . دوختۇرخانا خىزمىتى يۈرۈشۈپ تۇرسا ،خاراب بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ قالمىسىلا ، كونا قەرزلەرنى كۆتۈرۈۋېتىپ ساۋاب تاپقان ياخشى . بىچارە بىمارلارنىڭ ھال-كۈنى بىزگە مەلۇمغۇ . . .

تېلېفون ئارقىلىق ،خەت ئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ دورا ئەۋەتىپ داۋالاشنى يولغا قويغان «داۋايى»دوختۇرخانىسىدا ئۆزئارا قەرزلەرنىڭ شەكىللەنمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . دورا ئەۋەتىلىدۇ . دورا پۇلى كېيىن ئەۋەتىلىدۇ ياكى ئالدىن پۇل ئەۋەتىلىدۇ .ئاندىن دورا ئەۋەتىلىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزئارا قەرز چوقۇم شەكىللىنىدۇ . ئالدىن دورا ئەۋەتىلگەن ئەھۋالدا ئالداپ كېتىدىغان ئىش يۈز بەرمىدىمۇ؟ يۈز بەردى . ئىككىلا قېتىم مەكتىلىك بىر ئادەم دورا پۇلىنى ئەۋەتمەي قويدى . ئالتە مىڭ يۈەنلىك داۋالانغان بىر ئايال بالنىتسىدىن چىقىش رەسمىيىتىنى بىجىرمەيلا كېتىپ قالدى . ئادرېسى بويىچە ئىزدەپ بارغاندا ئۇنداق ئادەم يوق ولۇپ چىقتى . . . تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ .ورا ئالدىغانلار نەچچە يۈز تۇرسا ،بىر ئالدامچىنى كۆرۈپلا ئۈركۈپ كەتكۈلۈكمۇ؟ بىرىنىڭ قاچقىنىغا قاراپلا قورقۇپ كەتكۈلۈكمۇ؟ . . . بۇنداق دورا ئەۋەتىپ داۋالاش ھېلىھەم داۋاملاشماقتا . ھېلىھەم 50مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرز ساقلانماقتا . نېمە دەيمىز؟ كۈتۈپ تۇرايلى . كۈتۈپ تۇرايلى . ساقايغۇچىلار ماغدۇرىغا كەلسۇن . قوۋۇرغىلىرىغا ئازراق ئەت قونسۇن . شۇچاغدا ئۇلار قەرزلىرىنى چوقۇم تۆلىۋېتىدۇ . كاززاپلار ئاز ، ياخشىلار كۆپ دۇنيا بۇ . كىم قەرزلەر ھېسابىنى باقىي ئالەمدە بېرىشنى خالىسۇن!؟ كۈتۈپ تۇرايلى . ئۇلار چوقۇم پات ئارىدا تۆلىۋېتىدۇ . . .

ئابابەكرى راخمان ـ ئالدى بىلەن بىر ئادەم . يەنە كېلىپ خېلى مۇكەممەل ۋە دۇرۇس ئادەم . ھالال ئادەم دېگەن سۈپەتنى قوشۇپ قويساقمۇ بولىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ 50نەچچە يىللىق ھاياتىدا مەنسەپدار ـ سىنىپى ئادەم ،سىياسىي ئادەم بولۇش دەۋرىنى ، شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورى ـ تىجارەتچى ئادەم بولۇش دەۋرىنى ، تېۋىپلىق ـ كەسپىي ئادەم بولۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى . ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ـ شۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي سايىسى ـ كۆلەڭگۈسى بولغان سىنىپىي ، كەسپىي ئادەملىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ . بۇ ، ئۇرۇق سۈپىتىنىڭ ھوسۇل مىقدارىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە ئوخشاش ئىش . ئەلۋەتتە سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرىمۇ مەۋجۇد . بىز ئابابەكرى راخماننىڭ ئادەملىك ماھىيىتى ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات كەچۈرمىشلىرىگە تامغا بېسىپ ئۆتتى دېيىشكە ھەقلىقمىزكى ، ئۇنىڭ سىنىپىي ،سىياسىي ئادەملىك كەچۈرمىشلىرىنى ، تىجارەتچى ئادەملىك ئىنتىلىشلىرىنى ئەيىبلەشكە ئاساس تاپالمايمىز .

ئۇنىڭ تېۋىپلىق ـ كەسپىي ئادەملىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولسا ، ئۇنىڭ ئادەملىك كامالىتىنىڭ يەنىمۇ جۇلالىنىشىدۇر . بىر ئادەمدە ئادىمىيلىك ئۈستۈن بولغان ، ئادىمىيلىكتە كامالەت تاپقانىكەن ، ئۇ ئادەمنىڭ يەنىمۇ نۇرغۇن ياخشى ـ ئېزگۈ ئىشلارغا قول ئۇزىتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ . ئابابەكرى راخماندا شۇنداق كامالەت بار ئىكەن ؛ئۇنىڭ يەنە ئالتە-يەتتەنەپەر ئىگە-چاقىسىز بالىنى تەربىيىلەپ قاتارغا قاتقانلىقىنى ، ئۆي-ئوچاقلىق ، ھۈنەر-كەسىپلىك قىلغانلىقىنى ، باشقىلارنىڭ تالاي ئىشلىرىغا ياردەمدە بولغانلىنى ، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكىنى يېزىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ شائىر روزى سايىت ئابابەكرى راخماننى «بېگىم»دەپ ئاتاپ قويىدىكەن . ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنى« بەگ مەھەللە »دەيتتى .بۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىلغان سۆز ئەمەس . «سايلانمىغان بەگ »بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تالاي ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ، كىشىلەر «بېگىم »دەپ ھۆرمەتلىگۈدەك ئابرويغا ئېرىششى كېرەك .

«داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»نى قۇرغان تېۋىپ ئابابەكرى راخمان مۇشۇ ئون يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا قانداق ئىقتىسادىي ئۈنۈم قازاندى؟ ئىجتىمائىي ئۈنۈم قانچىلىك بولدى؟ دېگەن مەسىلە نەزەر سېلىپ ئۆتۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ . بۇيەردە 43نەپەر ياشنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلـ. غانلىقى ،بىر تالاي بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئازابىدىن خالاس بولۇپ شىپا تاپقانلىقى ،ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېڭى ئىزباسارلارغا ئىگە بولغانلىقى ، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلارنى پراكتىكا قىلىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەنگەنلىكى ،دېھقانلىرىمىز تېرىغان ، تاغلىقلىرىمىز يىغقان دورائۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇلغا ئايلانغانلىقى ،دوختۇرخانا قىسلىقى ۋە دوختۇر ـ تېۋىپ ئازلىقى مەسىلىسىنىڭ بىرە بولسىمۇ ھەل بولغانلىقى قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ھېسابلىشىمىز مۇمكىن . ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدا كونكرېت بىرنەرسە دېمەك تەس . خۇسۇسىي كارخانىلار ،خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر ، خۇسۇسىي دوختۇرخانىلار ھازىرمۇ يېقىن ئۆتمۈشتىكى «سولچىل» سىياسەتلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەچكە ،تېخىچە ئۆزىنىڭ ھېساب-كىتابىنى ئاشكارا ئېلان قىلىدىغان تۈزۈمنى ئورناتقىنى يوق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىي مال-مۈلكىمىز دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرارمىكىن ، دەپ ئەنسىرىشىدۇ . ھەتتا يومبىشچىك -باي دېھقانلارنىڭ يەر-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغاندەك مۇسادىرە قىلىنىپ كېتەرمىكىن ،دەپ قورقۇشىدۇ . شۇ سەۋەبلىك «داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى »نىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدىمۇ كونكرېت سان-سىفىرغا ئېرىشەلمىدۇق . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ 30ـ40كارىۋاتلىق دوختۇرخانا قۇرغانلىقى ،40نەچچە نەپەر ئىشقا ئورۇنلاشقۇچىغا ئىش ھەققى بېرىپ

كەلگەنلىكى، «داۋايى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى» قارىمىقىدا «داۋايى قۇۋۋەت يېمەك-ئىچمەكلىرى زاۋۇتى» قۇرۇپ، ئىگىلىكىنى كېڭەيتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپلا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىمۇ ئانچە-مۇنچە پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئابابەكرى راخمان تىنىم تاپمايدىغان كىشى. ئۇنى «تىرىشچان» دەپ سۈپەتلىسەك تېخىمۇ ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەردەك قانائەتلىنىپ بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان، قىيىنچىلىق-توسقۇنلۇقلار ئالدىدا بەل قويۇۋېتىدىغان قىلمىشلار ئۇنىڭغا يات. ئۇنىڭ ئالدى-بەردىدە ئادىللىقى، ھەسەت-تەمەخورلۇقتىن مۇستەسنالىقى، مەرد-ئوغۇلبالىچىلىقى قاتارلىق خىسلەتلىرى ئۇنىڭ ئەخلاقىي نۇقتىدىكى ئارتۇقچىلىقى بولۇشى مۇمكىن. پېقىر قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ ئابابەكرى راخمان بىلەن تونۇشقىنىغا 20 ـ 25 يىلچە ۋاقىت بولدى. ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ بولسىمۇ باردى-كەلدىمىز توختاپ قالغىنى يوق. مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشداشلىرىدىن ياكى تېۋىپ-دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى ھەمكەسىپلىرىدىن ئۇنىڭغا بولغان بەزى باھالارنى ئاڭلىدىمكى، ئەمما ئۇنىڭ بىرەر ئادەم توغرىسىدا ناچار تەسىراتىنى سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىش، دوست-ئاغىنىلىرى كۆپ بولۇش، ئۇرۇق-تۇغقان، بالا-چاقىلىرىغا مېھرىبان بولۇش، چوڭنى چوڭ، كىچىكنى كىچىك دېمەي ھەممە ئادەمنى باراۋەر كۆرۈش، ئىلىم ئەھلىنى ئارتۇق كۆرۈش ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولۇشنى ئىزدەش، ۋەتەن-مىللەتنىڭ تەقدىرىگە ئېتىبار بىلەن قاراش، يېڭىلىقلارغا ئىنتىلىش، خەلقئارا ئىشلارنى مۇتالىئە قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇشى مۇمكىن.

تىرىشچان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈمىد ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئابابەكرى راخماننىڭ يەنە نېمە ئارزۇ-ئارمانلىرى بار؟ مۇشۇ تېمىدا ئۇنى سۆھبەتكە تۇتقاندا، ئېنىقكى، ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى، شاگىرت - تېۋىپلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ تەربىيىلەپ چىقىشنى، كېسەللىك ئازابىغا دۇچار بولغان بىمارلارنىڭ دەرد-ئەلىمىنى يەڭگىللىتىشنى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىنى كېڭەيتىپ خەلقنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشنى، ئۆزىنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسىپلىرىنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى، راك كېسەللىكلىرىنى داۋالاش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ئېچىلمىغان مۇشۇ ساھەدە ئازراق ئەجىر سىڭدۈرۈشنى تىلغا ئېلىشى مۇمكىن. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئارزۇلىرى چوقۇم مۇشۇنداق. بۇ بارلىق تېۋىپ-دوختۇرلارنىڭمۇ ئارزۇسى بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، سەمىمىي قەلبلەرنىڭ ئارزۇسى تېخىمۇ ئەمەلىيرەك بولىدۇ. ئەمەلىي ئارزۇ بولسا قۇرۇق خىياللار بىلەن سىغىشالمايدۇ. بىز ئابابەكرى راخماننىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشىغا تىلەكداش بولايلى. زامانىمىز ئۆزىنىڭ يېڭى ئىبنىسىناسىنى، لوقمان ھەكىمىنى ئوتتۇرىغا چىقارسۇن. ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللاھاجىم، ئەمەت ھاجىم، ئېلىخان ھەزرىتىم، تۇردىمۇھەممەت ئاخۇنۇم، تۇردى ھاجىم، خوجاباھاۋىددىن ھاجىم قاتارلىق ئۇلۇغ ھۆكۈمالىرىمىزنىڭ ئىزلىرىنى چاڭ-توزان باسمىسۇن.

2004-يىل 23-مارت، شەھىدانە خوتەن (M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تېخرىداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# سۆھبەت ساداقەت بىلەن كۈچىيىدۇ

ـ يېتىلىۋاتقان ئۈمىدلىك ياش
شائىر ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان
بىلەن سۆھبەت

سۆھبەت ئېلىپ بارغۇچىلار :
يېڭىسارناھىيە ساغان يېزىسىدىكى
دېھقان ياشلىرىدىن :

**ئابدۇۋاسىت ئەخمىدىي**
**ئەخمەتجان مۇھەممەت پىدائىي**
**جاناگۈل قەييۇم**

سوئال : ئابدۇلباسىت ، سىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىل 1-سانىدا «ئانا» داستانىڭىزنى ئېلان قىلغاندىن بۇيان ھەربىر پارچە ئەسىرىڭىز بىلەن خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىسىز .سىزنى ئەدەبىيات ساھەسىگە باشلاپ كىرگەن كۈچ نېمە ؟

جاۋاب : بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدىن پەرەز قىلىشىمىچە ، كۆپ تېپىشماقلىق ۋە كۆپ قىرلىق جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرۇۋېتىمىز .رېئاللىق باشقا بىر دۇنيا ،روھىمىز يەنە باشقا بىر دۇنيا ئىكەن . قەلبىمىزدەجۇلالاپ تۇرغان بۈيۈك ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنىڭ نېمىشقىدۇ قارارى دەرگۇمان . سېھىرلەنگەن دۇنيا يەنىلا ئۆز سەيرىنى داۋام ئەتتۈرۈپ بىزدىن كۈنسايىن ئۇزاپ بارماقتا .

سىلەر مېنىڭ بۇرادەرلىرىم ،كەتمەن چېپىپ ھالال ئەمگىكىڭلار ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئەدەبىيات ئاشنالىرىسىلەر .مەن سىلەرگە ، جاپاكەش يېڭىسار خەلقىغە ،شۇنداقلا ئانا دىيارىمىزنىڭ بارلىق سەھرا-قىشلاقلىرىدا ئۈزۈلمەس مەۋجۇدلۇقىمىز ئۈچۈن كەتمەنلىرى ،قەلەملىرى ۋە قەدەملىرى بىلەن ئىجتىھات قىلىۋاتقان تۆھپىكار بۇرادەرلىرىمگە سالام يوللايمەن ھەمدە ئۇرۇمچىدىكى قەلەم ساھىبلىرى ،تەھرىرات خادىملىرى ۋە ھەرساھەدە خىزمەت مۇلازىملىقلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىي قېرىنداشلىرىمغا چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن . گەرچە «ئانا» داستانى ئېلان قىلىنغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ دىلىڭلاردا ساقلاپ مەن بىلەن دىلكەش بولۇش ئۈچۈن سوئال بىلەن كىرىپسىلەر . رەھمەت ! مەن جاۋاب مۇقەددىمىسىدە ئېيتقىنىمدەك ، دۇنيا بىزدىن ئۇزاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، بىزدە سەمىمىي يۈرەك ، سۆھبەتتە ساداقەت ،دىلىمىزدا شاپائەت ۋە ھەر بىر ئىشىمىزدا شىجائەت بولسىلا روھىيىتىمىزدە پارلاپ تۇرغان شېئىرىي دۇنيانى قۇرۇپ چىقالايمىز .

ئەدەبىيات ساھەسى ناھايىتى كەڭ ساھە .ئۇ كەڭلىكتە پۈتكۈل دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بەلكىم ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن دۇنيا ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن .دۇنيا نۇرغۇن تېپىشماقلار بىلەن تولغان ، ئەدەبىيات ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئاشكارىلاپ چىقىدۇ . سىز ئەدەبىيات ئارقىلىق نىگەرلارنىڭ قۇللۇقتىن ھۆرلۈككىچە بولغان تارىخىنى بەدىئىي گۈزەللىكى بىلەن كۆرۈپ يېتەلەيسىز . قانداق قىلىپ ئىندىئانلارنىڭ ماكانىدا ئامېرىكانلارنىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى ئوقۇپ چىقالايسىز . يەنە تېخى قۇدرەتلىك سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇش قىسمىتىگە ئەدەبىيات ئارقىلىق جاۋاب تاپالىشىڭىز مۇمكىن . ئەدەبىيات سىزگە ئوتتۇرا شەرق ،تېررورىزم ۋە غەربنىڭ سىياسىي يۈنىلىشلىرىگە ئائىت ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدۇ .چايقىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ

تۇرۇۋاتقان دۇنيانىڭ ھادىسىۋى كەيپىياتلىرى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئېقىملارنى مەۋجىگە ئېلىپ چىقتى. دۇنيادىكى كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر يازغۇچى - شائىرلار دۇنيانى ماس قەدەمدە كۆزىتىپ، ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق مۇھەببەت، ھۇرلۇك، ھەققانىيەت چاقىرىقلىرىنى جاراڭلىتىپ، مۇستەبىتلىك، ئىمپېرىيالىزم ۋە ئىرقىي كەمسىتىش كەبىي غەيرىي قۇتۇپلارغا لەنەت - نەپرەتلەر ياغدۇردى. مەشھۇر تۈرك يازغۇچىسى ياشار كامالنىڭ «مەمەت ئاۋاق»، نېگىرلارنىڭ پەخرى خاررىينىڭ «يىلتىزىمىز»، گارسىيا ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»، شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئالدىنقى ئەسىردىكى قان-ياشلىق دۇنيانىڭ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن ئەدەبىيات ئىدى. ئەدەبىيات كۆنسېرى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان شۇنداقلا دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشىدىن كلاسسىكلىشىپ قىممىتى ئارتىپ بارىدىغان خاراكتېرى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتىدە ئۆز ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كېلىدۇ. سىز «قۇتادغۇبىلىگ» ئارقىلىق ئۆز ئەدەبىياتىمىزنىڭ يىلتىزىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز. ئەدەبىيات ئەزەلدىن بىز كۆڭگەندەك نوقۇل تۇزۇلمە ئاتموسفېراسى ئىچىگە بېكىنگەن نەرسە بولماستىن سىنزورا، دىكتاتورا ۋە غەيرىي ئىنسانىيلىق بىلەن تىركىشىپ دۇنياۋى بوشلۇقتا كېڭىيىدىغان پەندۇر. بىز تۇرمۇشىمىزنى گۈزەللەشتۇرۇش، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ئورنىمىزنى مۇستەھكەملەش، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىمىزدىن نېسىۋە - سەمەرىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن ئەدەبىيات پېنىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. دۇنيا ھەر ۋاقىت ئەدەبىي پۇراقلار بىلەن نەپەسلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيا يەنىلا سىزنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە تونۇيدۇ. گەرچە ھازىر ئىقتىساد يەرشارىلىشىۋاتقان، خەلقئارا سىياسىي كۈندىن كۈنگە كۆچىيىۋاتقان، پۇل ھەممە ئادەمنىڭ چوقۇنغۇچىسىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان غەيرىي مەدەنىيەت چەمبىرىكى شەكىللىنىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئورىنتىسىدا جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەدەبىياتتىن ئىبارەت مەنىۋى قان ھامان دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قۇۋۋەت ھارارىتى بوپقالىدۇ. بىز ئەدەبىياتتىن نېمىنى تاپىمىز؟! ئەدەبىيات ئارقىلىق بىزدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان دۇنيانى تاپىمىز. مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى ھەققىدە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاشلا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن شۇنداق تەقدىردىمۇ مەۋجۇد شارائىتلىرىمىزنى قەدىرلەپ، يېڭى يوللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ تىرىشساقلا نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەر ئالدىمىزدا، دەپ قارايمەن.

ئەمدى مەن سوئالىڭلارنىڭ ئۆزىگە نەق جاۋابنى بەرسەم، مەن ئۆزۈمنى ئەدەبىيات ساھەسىگە كىردىم دېيەلمەيمەن. ئەمما خەلقىمنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنىنى ئۆگىنىۋاتىمەن. شۇنداقلا يېقىندىن كۆزىتىۋاتىمەن. چوڭقۇر تەتقىق قىلماي تۇرۇپ ئۆزۈمنى شۇ ساھەنىڭ ئەھلى دېيەلمەيمەن. شۇنداق تەقدىردىمۇ ھامان بىر غايىۋى كۈچ مېنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قايىنىمىغا سۆرەپ تۇرىدۇ.

سوئال: «ئانا» داستانىڭىزنىڭ روياپقا چىقىش جەريانى ۋە بۇنى يېزىشقا ئۈندىگەن ئامىللار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەمسىز؟

جاۋاب: مەن تۇغۇلۇپ ئەقلىمگە كەلگىچە بولغان جەرياندىكى مەھەللىۋى ھايات جەنۇب قىشلاقلىرىدىكى ئورتاق ھايات ئىدى. چاڭقاق ۋە تىنىق تەكلىماكان سەھراسى گويا قوش ئۆكۈزدەك ئېغىر نەپەس ئالاتتى. ئانام تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. مەن كوممۇنىنىڭ ئاخىرقى بىر-ئىككى يىلىنى غۇۋا ئەسلىيەلەيمەن. دېھقانلارنىڭ ئېتىزدىن كىرمەي چومۇلىدەك تۇپلىشىۋېلىپ ئىشلەيدىغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەھەللىمىزنىڭ تۇپرىقى زەي بولغاچقا ئەتىياز كىرىشى بىلەن دېھقانلار نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتىن قۇم يۈدۈپ كېلىپ ئېتىزلارغا تۆكەتتى. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، بىر كۈندە بىر ئايال ئەمگەكچى بىرمۇ يەرگە 80دۈۋە قۇم تۆكەتتىكەن. ئاشۇ خىل ئېغىر ئەمگەكتىن كىرىپ ئانام بىز ئۈچۈن تاماق ئېتىشكە ئالدىرايتتى. ئېغىر ئۆھ تارتىپ قويۇپ ھاردىم دېمەستىن ئىككى-ئۈچ كىلومېتىر قۇملۇق ئارىسىدىن ئىككى قاپاقتا سۇنى يۈدۈپ كېلەتتى. ئاندىن كوممۇنىدىن بىرىلگەن «ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى» بولغان ئىككى جىڭ قوناق ياكى تېرىق (نورمىسى)نى يارغۇنچاقتا تارتىپ يام قىلىپ بىز ئالتە بالىغا غىزا قىلىپ بېرەتتى. بىز چەللە باراڭ ئاستىدا چۇرۇقلىشىپ بۇ ئېسىل «غىزا»نى تەڭ تالىشىپ يەيتتۇق. ئانام ئەتراپىمىزدا پەرۋانە بولاتتى. مەن بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغاچقىمىكىن ئانام مېنى بەكرەك ئەركىلىتەتتى. غىزانىڭ ياخشىراقلىرىنى ماڭا بېرەتتى. ئاكىلىرىم بۇنىڭغا «ئىچى تارلىق» قىلىشىپ چۆجە خورازدەك ھۆرپىيىشەتتى. ئانام سەھرادىكى نۇرغۇنلىغان ئانىلارغا ئوخشاشلا ساۋاتسىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ تەقۋالىقى، سەممىي - كۆيۈمچانلىقى بىلەن بىزنى ديانەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىققاندى. مەن كېيىنچە بۇ خىل ھايات كارتىنىسىنى پەخىرلىك يازغۇچىمىز ئەختەم ئاكىنىڭ «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە»، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»، «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستلىرىدىن قايتا ھېس قىلغانىدىم. يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن ئانام خوشلۇقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغىنى ئېسىمدە. شۇنىڭدىن كېيىن ئانام يەنىلا تىرىشىپ ئىشلىدى. ئانامنىڭ گۈلدەك ياشلىق باھارى كوممۇنىنىڭ ئەمگەك مەيدانلىرىدا توزىغانىدى. «ئانا» داستانىنى يېزىۋېتىپ ئانامنىڭ ئاشۇ جاپالىرىنى تەسۋىرلىگەن چېغىمدا كۆز ياشلىرىم قانچىلىغان قېتىم قەغەز يۈزىگە تۆكۈلگەنىدى. يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن ئانام ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. توخۇ بېقىپ تۇخۇم ساتتى. مېنى ئارقىسىغا سېلىپ يۈرۈپ قىشتا يېيىش ئۈچۈن ئورمانلىقلاردىن جىگدە تەردى. ھايات شۇنداق جاپالىق بولسىمۇ ئانام تولىمۇ ئۈمىدۋار

ئىدى . جاپالىق ئىشلەپ تەمبەل ئوغۇللارنى قاتارغا قوشقانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئانامنىڭ ئاشۇ بىر پارچە زېمىن ئۈچۈن خوجايىنلىق تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى . مەن ئانامنىڭ غايەت جاسارىتىنى بالىلىرىغا ياشاش ئۈچۈن ئوۋ رىقابىتىنى ،ھاياتلىق ماكانىنى قوغداشنى ئۆگىتىۋاتقان چىشى شىرنىڭ جاسارىتىگە ئوخشىتىمەن . مەن شۇ چاغلاردىلا دۇنيانىڭ رەپتارىنى چۈشىنىپ قالغانىدىم . ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە بالىلارچە سەبىيلىكىم بىلەن تەپەككۇرلار يۈرگۈزدۈم . باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىغا كىرگىنىمدە ئالتە ياشتا ئىدىم . بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغاچقا ئورۇندۇقنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئولتۇرغۇزۇلدۇم . مەھەللىمىزدە مەكتەپ يوق بولغاچقا بىر تاشلاندۇق چالما تاملىق قاراڭغۇ ئۆيدە ئوقۇش ھاياتىمىز باشلاندى . ئۆينىڭ نە دېرىزىسى بولسۇن ، ئۈستىدىن تۈڭلۈك ئېچىپ قويۇلغانىدى . بىز يىگىرمە سەككىز جۈپ قارا كۆز دەرستىن چۈشسەكلا بۇ قەدىمي غېرىب مەھەللىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلاتتى . قوي - ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ مەھەللىدىن چىقىپ قۇملۇق ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتەتتۇق . تاپشۇرۇقلارنى جاڭگالدا ئىشلەيتتۇق . ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ قارىساق بىزنىڭ مەھەللە تەكلىماكانغا لەۋ يېقىپ تۇرغان بىر پارچە يېشىل مەرۋايىتقا ئوخشايتتى . بىز كەچ كىرگەندە قىيا-چىيا بىلەن پادىلارنى ھەيدەپ توپا-چاڭ توزۇتۇپ مەھەللىگە كىرىپ كەلگىنىمىزدە ئاتا-ئانىلار بىزگە مەستلىكى كەلگەن ھالدا قارشى ئېلىۋاتقاندەك يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ساقلاپ تۇرۇشاتتى . بىز بىر سىنىپتىكى 28پادىچى گوياكى شەھەرگە بېسىپ كىرگەن جەڭگىۋار قوشۇندەك ئوڭ قولىمىزدا ئېلىپبە ، سول قولىمىزدا بىردىن تاياق تۇتۇپ غالىبلارچە كېلەتتۇق . مەن قويلىرىمىزنى ھەيدەپ ئۆيگە كىرسەم ئانام ئېلىپبەنى قولۇمدىن ئېلىپ مەڭزىمگە سۆيۈپ قوياتتى . توپىلىرىمنى قېقىپ ، تەرىمنى سۈرتۈپ ، مەندەك گۆدەك پادىچىسى - يۈرەك پارىسىغا ئامراقلىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى . ئالدىمغا ئىسسىق يوبدان① ئەكېلەتتى . مەن تاماقنى يەپ بولغۇچە يېنىمدىن كەتمەيتتى . مەن كېچىچە شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقاتتىم . چۈشلىرىم كۆپىنچە مومام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەر ئاساسىدا بولاتتى . غالىب قوشۇننىڭ سەركەردىسى بولۇپ ناجىنس ياۋلار بىلەن جەڭ قىلاتتىم . قىلىچ-قالقان ئېسىپ ، بېشىمغا تاج كىيىپ چۆللەرنى كېزەتتىم . «ئۇچار گىلەم»گە ئولتۇرۇپ مەھەللىمىزنىڭ ،بىپايان تەكلىماكاننىڭ ، «ئوردىخان ھەزرىتى بەگ»مازىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتىم . چۈشلەر شۇنداق شېرىن كېتىۋېتىپ توساتتىنلا جەڭدە يۈرىكىمگە يائوقى تېگەتتى . ياكى «ئۇچار گىلەم»قارا بورانغا دۇچ كېلەتتى ۋەياكى ئالدىم تەرەپتىن يوغان يولۋاس چىقىپ قالاتتى . شۇنىڭ بىلەن چۆچۈپ ئويغىناتتىم .سەھەر قوپۇپ ئەتىگەنلىك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئانام مېنىڭ چۆچۈپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ : «جېنىم بالام ،نېمە بولدۇڭ ،نېمىدىن قورقتۇڭ ؟»دېگىنىچە يېنىمغا كېلىپ مېنى قىزىتىپ قالدىمىكىن دەپ پېشانەمگە قولىنى قويۇپ باقاتتى . بەدەنلىرىمنى سىلايتتى . مەڭزىمگە سۆيۈپ :«قورقمىغىن قوزام ، تاڭ ئاتتى ، تامىقىڭنى يەپ مەكتىپىڭگە ماڭ »دەيتتى .

ئەتىگەنلىك تامىقىمىز كۆپىنچە زاغ② بولاتتى . ئانام ئاغرىپ قېلىشىمدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى . تاسادىپىي قىزىتىپ ئاغرىپ قالسام يېنىمدىن بىر ماڭدام يىراق بارمايتتى . لۆڭگىنى نەمدەپ پېشانەمگە قوياتتى .ئىچىدە پىچىرلاپ سۈرە-ئايەتلەرنى ئوقۇپ ماڭا ھۈرۈپ سۈپكۈچ قىلاتتى . مەھەللىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ يېڭى ساغقان سۈت ، كۆك يۇمغاقسۈت تېپىپ كېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ ماڭا ئىچكۈزەتتى . نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ جاينامازدا ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ مېنىڭ ساقىيىشىمنى خۇدادىن تىلەيتتى . بۇ ، ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك رىشتە . بۇ ،ئانا شىرنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرى ئىدى . غۇربەتچىلىك ئىچىدىكى بۇ گۈزەل ھايات مىسكىن قەلبىمنىڭ يارقىن ئەسلىمىسى بولۇپ ، مېنىڭ ئاشۇ جاپاكەش ئانام قەلبىمدىكى ۋەتىنىمگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ تەكلىماكان باغرىغا سىڭدۈرگەن قان-تەرى ، مەۋجۇدلۇق - يېشىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىننەتسىز كۈرەشلىرى ئۇنى تەكلىماكاننىڭ مۇقەددەس سىمۋولىغا ئايلاندۇرغانىدى .

تەكلىماكان تامانىدىن ھەيۋە بىلەن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىۋاتقان بۇ ئاناشىر ھەققىدە يېزىشقا قانداقمۇ قەلەمنىڭ قۇربىتى يەتسۇن . مەن ئۆگەنمىسەم ،ئوقۇمىسام بولمايتتى .كۆپنى كۆرمىسەم ، پىشمىسام بولمايتتى .

1984-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ3-يىللىقىغا كۆچكەن ۋاقىتلار ئىدى . مەكتەپ ھاياتىمدا ئىپتىدائىي ئىلمىم خېلى زىيادىلىشىپ كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىۋاتاتتىم . شۇ چاغلاردا دادامنىڭ «كىتاب كۆيدۈرۈش»مەزگىللىرىدىن «قۇتقۇزۇپ» قالغان «قۇرئان كەرىم» ، «نەۋائىي» ، «سوپى ئاللايار»قاتارلىق كىتابلىرىنىڭ ئارىسىدىن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»دېگەن كىتابنى تېپىۋېلىپ ئوقۇپ ھوزۇر ئالاتتىم .مەن ئاشۇ چۆچەكلەردىن ئۆز خاندانىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزلىرىنى كۆرگەندەك بولاتتىم . تالاي قۇم دۆۋىلىرىگە كۆمۈلۈپ ياتقان قەلئە - شەھەرلەر ،مەسچىت-مەدرىسەلەرنىڭ مېھراب-مۇنارلىرى ئاشۇ چۆچەكلەردىن ئېچىلىپ قالاتتى . قەلبىمدىكى غايىۋى دۇنيانىڭ سېھىرلىك كۆزىدىن رېئاللىقتىكى دۇنيانى كۆزىتەتتىم . «ئانا»داستانىنىڭ خورۇچلىرى يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ۋەتىنىمنىڭ ، خەلقىمنىڭ شۇنداقلا ئانامنىڭ ھايات قىسمەتلىرى ، تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىدىن تېرىۋېلىپ پىششىقلانغاندىن كېيىن روياپقا چىققانىدى .

سوئال : داستانىڭىز ئېلان قىلىنغان ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى

① يوبدان ـ قوناق ئۇنىدا قىلىنىدىغان بىر خىل غىزا .
② زاغ ـ جەنۇب دېھقانلىرى قوناق ئۇنىنى سۇغا قويۇق چېلىپ پىشۇرۇپ ،ئۈستىگە قورۇما سېلىپ يەيدىغان بىرخىل غىزا .

www.uyghurkitap.com

سەممىي ،ئاق كۆڭۈل ئوقۇرمەنلەردىن ،شېئىرىيەت ئاشىنالىرىدىن ۋە زىيالىي قېرىنداشلاردىن قىممەتلىك رەھمەت – تەشەككۈر نامىلەر ، ئوبزور تۈسى قويۇق بولغان خەت – تېلېفونلار كەينى-كەينىدىن كېلىپ ، سىزدىكى ئىقتىدار ۋە تالانتقا ، داستانىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە يۇقىرى باھالارنى بېرىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە خەلقپەرۋەر رەھبىرىمىز – ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شۇچاغدىكى مۇئاۋىن رەئىسى ،كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن مىجىت ناسىر ئاكىمۇ باش مۇھەررىر قۇربان مامۇت ئارقىلىق ئالاھىدە سالىمىنى يەتكۈزگەنىدى . يەنە تەكلىماكان سەھرا-قىشلاقلىرىدىكى دېھقان قېرىنداشلىرىمىز داستانىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدى . بولۇپمۇ جاپاكەش ئانىلار كۆپرەك پەخىرلەندى ۋە ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكتى .بۇ ئەلۋەتتە بىر پارچە ئەسەر ئۈچۈن كاتتا شان-شەرەپ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت .سىزچە ، داستانىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قايەردە ؟ سىزنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزگىچە قارىشىڭىز بارمۇ ؟

جاۋاب : بىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە پىكىر قىلغان ۋاقتىمىزدا ھامان تىلنىڭ شېئىرىيەت ۋە مەدەنىيەتتىكى ئورنى سەل چەتكە سۈرۈپ قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ۋە كۈيلەش سەنئىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كەڭلىك دائىرىسىدىن چېكىنىپ ، مەۋقەسى ۋە ئاساسى مېلودىيىسى بۇلمىغان پارچە تاراملارغا بۆلۈنۈپ كېتىپ ، ھېسسىي ئىپادىلەش ئەقلىي ئىپادىلەشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى . شۇ سەۋەب ئۇيغۇر فولكلورىغا يىلتىز تارتقان ساپ ئۇيغۇر ئەقلىيەلىرى ۋە پەلسەپىۋى ئۇدۇملىرى بۈگۈنكى شېئىرىيەت ئاشىقلىرىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ،ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولغان گۈزەل ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سېھىر-زىباسى بىلەن تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ . تۈركىي (تىللىق )مەدەنىيەتلەر چەمبىرىكى مەركىزىدە ئۆز لەتاپەت مەنزىرىسىنى نامايەن قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرتىلى يەنىلا ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۈچۈن مۇنبەت ھەم كەڭ تۇپراقتۇر .يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندە تىل ئېكولوگىيىسىدىكى بۇزۇلۇش ھادىسىسى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان تىللاردا كۆرۈلۈۋاتقان ئورتاق ھادىسىلەردىن بولسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەسىلە سەل ئېغىرراق بولدى . بۇ تۈرلۈك سەۋەبلەرگە چېتىشلىق بولسىمۇ ئاساسلىق سەۋەب مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز تىلىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنىڭ كەملىكىدۇر . بىر مىللەتنىڭ شانلىق تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھاپىزىتى ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ تىلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ .مىللەتنىڭ فولكلور بايلىقى ، تېبابەت بايلىقى ،ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلىرى ۋە كلاسسىك نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلىرى ئەلۋەتتە شۇ مىللەتنىڭ تىلى ياكى قەدىمىي تىلىدا ساقلانغان ۋە خاتىرىلەنگەن بولىدۇ . تىل ئېكولوگىيىسىدىكى بۇزۇلۇش ۋە خاراب بولۇش مىللەتنىڭ ئاشۇ تۈردىكى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىڭمۇ تۈنجۇقۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ . ئەلۋەتتە بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئورتاق بولغان مۇھىم بىر تەركىبنىڭ يەرشارىدىن مەڭگۈ غايىب بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر .

«2003-يىلى فېۋرالدا دۇنيا ئانا تىل كۈنىدە ب د ت مائارىپ ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى〈 يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن دۇنيا تىللىرى〉ناملىق ئەڭ يېڭى ئاتلاسنى نەشىر قىلدى . بۇ ئاتلاستا ئۆتكەن 300يىل مابەينىدە دۇنيادىكى تىللارنىڭ يوقىلىش سۈرئىتىنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقانلىقى ،بۈگۈنكى كۈندە بولسا دۇنيادىكى 7000خىلغا يېقىن تىل ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ يېرىمىنىڭ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن»① . «تىل ئېكولوگىيىسىدىكى كرىزىس »دېگەن ماقالىدا ئامېرىكا تىل ئىلمى جەمئىيىتى يوقىلىش گىرداۋىدىكى تىللار كومىتېتىنىڭ رەئىسى كلاۋفورستىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ : «تىل كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن يوقىلىپ ھەرئىككى ھەپتىدە بىر خىل تىل يوقالماقتا» .يەنە شۇ ماقالىدە تەكىتلەپ مۇنداق تەخمىن قىلىدۇ : «مۆلچەرلىنىشىچە ، 21-ئەسىردە ،نۆۋەتتە دۇنيادا بار بولغان 6800خىلدىن ئارتۇق تىلنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يوقىلىپ كېتىدىكەن ؛ 200يىلدىن كېيىن بۇ تىللارنىڭ 90پىرسەنتى مەڭگۈ يوقىلىدىكەن» .

«يەرشارىلىشىش »نىڭ تېزلىشىشى ۋە كۈنسايىن كەسكىن رەۋىشتە بەرپا ئېتىلىشى نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تارىختىن بۇيان تۈرلۈك – تۈمەن سەمەرىلەرنى قوشقان ئەمما ھازىرقى دۇنيا تۈزۈلمىسىدە يېتەكچىلىك ئورنىدىن چەتلەشتۈرۈلگەز ئېتنىك تىللار كۈچلۈك ئاسسىمىلاتسىيە بوھرانىغ دۇچ كېلىپ ، شۇ خىلدىكى ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ ئانا تىلى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئىستېمالى جەھەتتە ئىككىنچى تىلغا ئايلىنىپ قالماقتا . بۇ خىل ئەھۋال دۇنيا تىل ئىلمى مۇتەخەسسىلىرىنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن «يەرشارىلىشىش »نىڭ رېئال ئەمەلىيىتى تىلغا بولغان بۇخىل خىرىسنى تەرەققىيات نىشانىنىڭ سىرتىدا قالدۇرماقتا . تىل ئېكولوگىيىسىدىكى بوھران تەبىئىي ئېكولوگىيە بوھرانىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ،ئۇ ياخشى ئاسرالمىسا ھەم مۇھاپىزەت قىلىنمىسا ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم تىلغا مەنسۇپ ئورتاق مەدەنىيىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، ئىنسانلارنىڭ ئىرقىي ۋە مىللىي گاڭگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بۇ خىل گاڭگىراش تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتكە ئوخشايدۇ .تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبلىك جانلىقلار دۇنياسىدىكى «مەلۇم بىر تۈرنىڭ يوقىلىشى بىزنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر گۈزەل مەنزىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرسە ، بىر تىلنىڭ يوقىلىشى بىزنى بىر خىل گۈزەل مەدەنىيەتتىن ، ئىنسانىيەتنىڭ بىر بۆلەك پارلاق تارىخىدىن مەڭگۈ

① ② «بىلىم-كۈچ »ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە )نىڭ 2003-يىل 10-سانىدىكى «تىل ئېكولوگىيىسىدىكى كرىزىس»دېگەن ماقالىگە قارالسۇن .

www.uyghurkitap.com

مەھرۇم قالدۇرىدۇ»① . ئەلۋەتتە دۇنيا تۈرلۈك-تۈمەن كائىنات مەۋجۇدىيەتلىرى بىلەن گۈزەلدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي دۇنياسىدىكى ئاشۇ خىل گۈزەللىك ئىنكاسى تىلدىن ئىبارەت سېھرىي ئەگكۈشتەر ئارقىلىق سىرتقا تەپچىپ چىقىدۇ. مەرىپەت، شېئىرىيەت، سەنئەت ساماسىدىكى ھەرقانداق بىر چولپان ئۆز ئانا تىلىدا يۈكسەك جەۋلانىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

بىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە پىكىر-مۇلاھىزىلەر قىلغاندا، ئۇقۇملاشقان ۋە دېتاللىرى كونىرىغان قېلىپبازلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ شېئىرنىڭ تىلغا ۋە مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنىشىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. شېئىرنىڭ جەلپكارلىقى ئەلۋەتتە تىلنىڭ جەلپكارلىقىدۇر. شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يەنىلا تىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. شۇڭلاشقا بىز ئېيتالايمىزكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ساپ ۋە پاكىز بولۇشى ئۇيغۇر تىلى ئېكولوگىيىسىنىڭ تەكشۈك ۋە بەرقارار بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاشنالىرى، شائىر-ناتىقلىرى ئالدى بىلەن يۈكسەك مەقامدىكى تىل ئۇستىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. نەۋائىي روھىدىكى ئەبەندازلىق ئەندىزىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى زامان دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن ئۈنۈملۈك، ئىجابىي يوسۇندا پايدىلىنىپ ئۇيغۇر تىلى ئېكولوگىيىسىنى قوغداشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ساھىبى، دوكتور ئەسەد سۇلايمان «نەۋائىي ۋە ئانا تىل غۇرۇرى» («مىراس» ژۇرنىلى 2002-يىل 4-سان) دېگەن ماقالىسىدا نەۋائىينىڭ تۈركىي تىلىنىڭ قايتا تىكلىنىش تارىخىدىكى يېگانە ئورنىنى بايان قىلغانىدى. دوكتور ماقالە مۇقەددىمىسىدە ياكوب گرىمنىڭ سۆزىنى نەقىل ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «تىل ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. ‹بىرمىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان - سۆڭەك، قەبرە - كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ دەل ئۇلارنىڭ تىلىدۇر›. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق بىر ئەل ياكى بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى دەل ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىنىڭمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە تاكامۇللاشقان دەۋرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز». ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەسىلىسىدە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك تىلنىڭ مەقامى يۈكسەكتۇر. تىل يىلتىزىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەدەبىي تىلنىڭ راۋاجىغا قوشۇپ ئىپادىلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىش. تىل ئۇستىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ ئۆز ئالدىغا مەدەنىيەت يۆنىلىشى بار. بىز شۇ خىل مەدەنىيەت يۆنىلىشىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىسەك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەنە بوشلۇقىغا چىقالىشىمىز مۇمكىن. بىز مانا مۇشۇ بوشلۇقتىن پۈتكۈل دۇنيانى، دۇنيا ساقلاپ ياتقان تۈرلۈك-تۈمەن مەدەنىيەتنى، تارىخنى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق راست-يالغانلارنى ئېنىق بىلەلىشىمىز مۇمكىن. تىلنىڭ راۋاجى ئەمەلىيەتتە نوقۇل ھالدىكى تىل ئاتموسفېراسى ئىچىدىلا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئۇ شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتنىڭ مىللىي قۇرۇلمىسىدا گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرۇدىغان ئىقتىساد، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سىياسەت ئامىللىرىغا زىچ بىرلەشكەن بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاج يۆنىلىشىنى ئاشۇ ھالقىلار بىلەن زىچ بىرلەشتۈرەلىسەك ۋە بۇ ھەقتىكى مەۋجۇد مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك چارىلەر بىلەن ھەل قىلالىساق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تېخىمۇ كەڭ بوشلۇققا ئېرىشىدۇ. بۇ بوشلۇقتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەقامى ئاندىن قايتا نامايان بولىدۇ. شۇندىلا ئۇيغۇر تىلى ئاتاقلىق يازغۇچى، سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە يازغان «... ئۇ بىر خىل تىل، بىر خىل قورال بولۇپلا قالماي بىر خىل مەدەنىيەت، بىر خىل جانلىق كىشىلەر توپى، تۇرمۇشتىكى بىر خىل ھوزۇردۇر. ئۇ بىر خىل ئاجايىپ مەنزىرە، بىر خىل تەبىئىي مەنزىرە، شۇنداقلا بىر خىل بەدىئىي مەنزىرە. ئۇ، دۇنيانىڭ ئاجايىپ بىر تەركىبىي قىسمى...»② دېگەن باھاسىغا مۇتابىق ئۆز سۈلكىتىنىڭ ھامىيسى بولالايدۇ.

ئەمدى سىلەرنىڭ «ئانا» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مەسىلىسىدە سورىغان سوئاللىرىڭلارنىڭ جاۋابىغا كەلسەم، سىلەرمۇ يۇقىرىقى شەرھ - پېشىملەردىن ھېس قىلغانسىلەر. مەن «ئانا» داستانىنى يېزىشتىن ئىلگىرى قانداق تىل ئىشلەتسەم «ئانا»نىڭ مەپكۇرىسىنى ۋە مەنە ئىنچىكىلىكىنى توغرا، چۈشىنىشلىك ۋە غايىۋى يوسۇندا خەلقىمگە ئېيتىپ بېرەلەيمەن دېگەننى كۆپ ئويلىدىم، ئىزدەندىم. ئاخىرى بىر ئەقىل كاللامنى ۋاللىدە بىر يورۇتتى-دە ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇنىڭ گۆدەك، سەبىي بالىسىغا ئايلىنىپ، ئاق سۈتىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن چىققان چۈچۈك تىللىرىم بىلەن ئۇنىڭ دىلىنى ئېرىتتىم. داستان پۈتكەندىن كېيىن تۈنجى ئورىگىنالىنى ئانامغا ئوقۇپ بەردىم. ئانام بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى داستان ئانامنىڭ تىلىدا، ئانامنىڭ ھايات تېپىشماقلىرىدا، ئانامنىڭ مەپكۇرە چەمبىرىكى دائىرىسىدە دۇنيا بىلەن سۆھبەت قۇرۇۋاتاتتى. ۋەتەن، داستان ۋە ئانام بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇۋاتاتتى. ئانام ساۋاتسىز ئىدى. ئەمما تارىخ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا مۇئەييەن ئىدى. تەسۋىنى ئېلىپ كۆزىنى يۇمغاندا قەلب دېرىزىسى ھەقنىڭ شولىسىغا ئېچىلاتتى. سۇبھان بىلەن ۋەھىي ئىلھام ئارقىلىق پىچىرلاشقان دەملەردە ئانا تىلنىڭ سېھرى يورەك شەمئىنى سۇ قىلىپ ئېرىتەتتى.

---

① «تىل ئېكولوگىيىسىدىكى بۇزۇلۇش»: «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 2003-يىل 10-سان.

② ۋاڭ مېڭ: «مېنىڭ يەنە بىر تىلىم»، «مىراس» ژۇرنىلى 2003-يىل 6-سان.

ئانىمنىڭ تىلى ئىنتايىن ساپ تىل ئىدى. ماقال-تەمسىللىك، ھېكمەت-پاساھەتلىك بۇ تىلدىن مەن تولىمۇ قەدىمىي بىر مەدەنىيەتنى، زامانىۋى دۇنيانىڭ قەدىمىي مۇزېيىنى ھېس قىلاتتىم. ھېچقانداق يېڭى ئاتالغۇلار قوشۇلمىغان بۇ تىل خۇددى ماڭا پىننە، يۇمغاقسۆت سېلىپ ئەتكەن ئانامنىڭ مەززىلىك ئۈگرىسىدەكلا يېقىشلىق ئىدى. ئەگەر «ئانا» داستانى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى دېيىلسە، بۇ «ئانا» منىڭ تىلىدا يېزىلغانلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. چۈنكى ئانامنىڭ تىلى پۈتكۈل ئاۋام خەلقنىڭ تىلىدۇر.

سوئال: شېئىرىيەت ژانىرى ئەدەبىياتىمىزدىكى باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا خەلقىمىز تەرىپىدىن شاللىنىپراق قېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ تارىخىي ھادىسە ئەمەس. بۇ خىل يېڭى ھادىسىنى سىزنىڭچە قانداق چۈشەنسەك بولار؟

جاۋاب: ئەدەبىياتىمىزدا شېئىرىيەت كىرىزىسى خېلىلا سالماق بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقتە ئوبزورچىلىرىمىزنىڭمۇ بىردەك پىكرى يوق. بىز كۆپىنچە ھاللاردا قىسمەتلىرىمىز، ئېتنىك تەرىقەتلىرىمىزدە دۇچ كېلىۋاتقان رېئال تېپىشماقلىرىمىز ھەققىدە پىكىر-تەلقىنلار قىلىشقاندا مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تارىخ بەتلىرىدىن ئىزدەشكە كۆپرەك ئۇرۇندۇق. بىراق ئاشۇ تارىخنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ئۇچۇر يۆنىلىشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەسىلىنىڭ سەۋەب-نەتىجىسىگە بۈگۈنكى رېئال ئەمەلىيىتىمىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ ھۆكۈم قىلساق بىر ئاز ئاقىلانە يەكۈنلەرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. بىز مۇشۇ خىل ئۇسلۇبتا ھايات سىرلىرىمىزنى يېشىشكە ئۇرۇنساق نېمىلەرگە دۇچ كېلىمىز؟ بەلكىم تالاي بوھرانلار بىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. دەل مۇشۇ بوھرانلار بىزنىڭ مەسىلىمىز، مەسىلىمىزنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر. بۈگۈنكى رېئال دۇنيادا تۇتقان ئورنىمىزنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي ھاسىلاتلارغا ئىگە بولۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق بۇرچى بوپقالدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى شېئىرىيەت مەسىلىسى تالايلىغان مەسىلىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇش بىلەن بىرگە جىددىي ئەمما سوغۇققانراق ھالدا بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ خەلقىمىز تەپەككۇرىدىكى دائىرىسىنى ئۆلچەش ۋە سىزىپ چىقىش، شۇنداقلا تىلىنىڭ ئىستېمال قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە، بۇ ئىشقا يۇقىرى ساپالىق ئالىملار، ئوبزورچىلار، شائىرلار ۋە شېئىرىيەت ئاشىنالىرى يېتەكچىلىك قىلسا بىرقەدەر سەمەرىلىك نەتىجىلەر قولغا كېلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە ھازىرقى شارائىت ھەممە كىشىدىن بىر قەدەر سەگەك بولغان ئىقتىسادىي كاللىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا مەلۇم شەيئىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي قىممىتىدىن كۆرە ئىقتىسادىي قىممىتىگە بېرىلگەن باھا يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. بىز بېسىپ ئۆتكەن جەريانلىرىمىزنى بىر-بىرلەپ ئانالىز قىلىپ چىققىنىمىزدا بىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىنمۇ روھىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرەك قىلىدۇ. روھىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى يوقىتىش بەدىلىگە ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە يارىتىلغان ماددىي بايلىق ئاخىرىدا بىزنىڭ مەنىۋى ھالاكىتىمىز بوپقېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بىزدىكى ھەرقانداق ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيە جۇشقۇن ۋە سەممىمىي بولغان روھىمىزنى قوغداپ چىقىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇشى كېرەك. ئىنساندىكى ئۆز-ئۆزىنى تاۋلاپ تۇرىدىغان پاكىز روھ خۇددى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئوخشايدۇ. بىز ئېرىشمەكچى بولغان ھەقىقىي ھوسۇل ئاشۇ تۇپراقتىن كېلىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدا نېمە ئۈچۈن شېئىرىيەت كىرىزىسى كېلىپ چىقتى؟ بۇنى يەنىلا خەلقىمىزنىڭ روھىدىن، ئۇزۇن زامانلار پايمال ئېتىلىپ ئۆز بۇرچىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن تەپەككۇر پايخاندىن كۆرۈپ يېتەلىشىمىز مۇمكىن. جاھان-ئالەمنىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەن مۇھىتتا تىرىكچىلىك غېمىدە قالغان خەلقنىڭ شېئىرىيەت جەۋلانىغا نەزەر ئاغدۇرمىقى ماھال ئىش. مەن يېقىندا سۆيۈملۈك شائىرىمىز ئادىل تۇنىيازنىڭ «چۈمبەلدىكى كۆز» ناملىق شېئىرىيەت كىتابىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. كىتاب مەپكۇرىسىنىڭ بالاغەت جەھەتتە ۋايىغا يەتكەنلىكىدە گەپ يوق. كىتابنى ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بىردىن سېتىۋېلىشىغا، ئەتىۋارلاپ ساقلىشىغا، شەرھ-يەشمىلەر بىلەن تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ. شائىرلار ئۈچۈن يېڭىچە تەپەككۇر، ئاشىقلار ئۈچۈن ئۆزگىچە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان بۇ رىسالە يەنىلا خەلقىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىستېمالىغا تۇتقان بوھرانىغا دۇچ كەلمەي قالمىدى. كىتابنىڭ تىرازى ئۈچ مىڭ بەش يۈز. سەككىز مىليون ئۇيغۇر ئارىسىغا تارقىلىپ بېرىۋاتقان كىتاب ئۈچ مىڭ بەش يۈز دېگەن گەپ. بۇ ھەقىقەتەن ئاز نىسبەت. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ كىتاب بازىرى سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ كىتاب ئونمىڭلاپ تىرازدا تارقىتىلسا تۆۋەن سەۋىيىدىكى بازار ھېسابلىناتتى. خەلقىمىزنىڭ مەتبۇئات ۋە مەدەنىيەت ئاچارچىلىقىنى ھېسابقا ئالغاندىمۇ كىتاب بەس-بەستە سېتىلسا بولاتتى. بىراق خەلقىمىزنىڭ كىتابقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەت كىتابىغا بولغان رېئال ئەمەلىيىتى كىشىنى مەيۈسلۈك سوئاللارغا قىستايدۇ. مۇئەللىپ ئادىل شېئىرىيەت كىتابلىرىنىڭ بازىرىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەن بولغاچقا «چۈمبەلدىكى كۆز» گە يازغان كىرىش ماقالىسىنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق بىر مۇراجىئەت ئابزاسىنى قىستۇرۇپ قويغانىدى: «ئەي مەن بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان مۆرۈۋۋەتلىك ئادەم، بىزنى ئىززەتلىكرەك قىلىدىغان ئەزىز ئانا تىلىمىزدا داۋاملىق شېئىرلارنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن، دۇنيا شائىرلىرىنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭمۇ مەۋجۇد بولۇشى ئۈچۈن بۇ توپلىمىنى سېتىۋال، ئوقۇمىساڭمۇ ئۆيۈڭگە تىزىپ قوي، بۇنىڭلىق بىلەن سەن ئاچ-يالىڭاچ قالماسسەن!» بۇ، شائىرنىڭ ئۆز خەلقىگە قىلغان سەممىمىي مۇراجىئىتى ئىدى. بۇ، شائىرنىڭ كىرىزىس ئىچىدىكى ئۆتۈنۈشى ئىدى.

ئەلۋەتتە شائىر باققال ئەمەس ئۆز شېئىرلىرىنى دۆۋىلەپ قويۇپ تۆۋلاپ ساتىدىغان. شائىر دېگەن شائىر، ئۇ بۈيۈك ئادەم. بىراق ئۆز ئەتراپىنى نادانلار قاپلاپ تۇرغان بۈيۈك ئادەم ئەڭ تەنها ـ غېرىب ئادەمدۇر. خۇددى جاھىل قەۋم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، بىراق ئاشۇ قەۋمىنىڭ ئىنسابى ئۈچۈن بۇقۇلداپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدىغان پەيغەمبەرگە ئوخشاش خالىس ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر.

سوئال: ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كرىزىسنىڭ مەنبەسى قايەردە؟

جاۋاب: بۈگۈنكى دۇنيانى كىشىلەر ھەرخىل مۇلاھىزە قىلىشىۋاتىدۇ. بىز ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ماكاندا تۇرۇپ دۇنيانى كۆزىتىۋاتىمىز. بىز كۆزىتىۋاتقان دۇنيا تولىمۇ بىپايان دۇنيا. لېكىن ئىنسانلار بۇ بىپايان دۇنيانى كىچىككىنە «كەنت» كە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. بىز تەكلىماكاندىن ئىبارەت چوڭ بىر پارچە زېمىندا تۇرۇپ كىچىككىنە دۇنيانى كۆزىتىۋاتىمىز. مىسلىسىز تەرەققىيات، سانائەتنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى، خەلقئارادىكى كۆپ قۇتۇپلىشىش ۋەزىيىتى، «11-سېنتەبىر» ۋەقەسى، ب د ت نىڭ تىنچلىق چاقىرىقلىرى، ئاقسارايدىكى غۇلغۇلا، نوبېل مۇكاپاتىدىكى رايون زىددىيىتى، خەلقئارالىق سودا-مۇئامىلە ۋەزىيىتى قاتارلىقلار كومپيۇتېر كۆزىدىكى «يەرشارى كەنتى»دە بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى. بۇلار ئۇچۇر دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزىق نۇقتىسى ئىدى. بىز ھېكمەت ۋە شېئىرىيەت كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان بولساق، دۇنيا تەكلىماكاندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بىز بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىزنىڭ شېئىرىيەت ساپاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىنتىلىش ۋەسۋەسىلىرىنى تەپسىلىيرەك كۆزىتىپ چىقىدىغان بولساق نېمىلەرنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن؟ بۇ جاي شېئىرىيەت بوشۇكى ئىدىغۇ؟ بۇ جايدىكى شېئىر قېنى؟ شېئىرىيەت ئەھلى قېنى؟ جىسمانىيىتىدىن كلاسسىك ئۆدۈملار تۆكۈلۈپ تۇرۇدىغان بۇ خەلق نېمىشقا شېئىر ئوقۇماس بوپقالدى؟ بۇلار 15-، 16-ئەسىرلەردىكى قايناق شېئىرىيەت مۇخلىسلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئەمەسمۇ؟

خەلقىمىزنىڭ كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار بولسا شۇ يىللاردا كەتمەن چېپىپ يەر تېرىپ، «قورساقنى توق، كىيىمنى پۈتۈن» قىلىمىز دەپ بىر-ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇلار 3-ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرى ھارغان، تالجىققان، قورسىقى ئاچقان، ئەمدى ئاز-تولا قورساق تويغۇزۇش پۇرسىتى كەلگەندە پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا بولمايدۇ. شېئىر ئوقۇيمەن دەپ ئولتۇرغان بىلەن يەنە قورساق تويمايدىغان گەپ. شېئىرنى ئەسلى زىيالىيلار ئوقۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس ئۇلارنىڭمۇ شېئىر بىلەن خۇشى قالمىغاندەك قىلىدۇ. ياش زىيالىيلار تەكەببۇرلىشىپ كەتتى. قورساقتا ئۇماچنىڭ تايىنى يوق ئۇنۋان، مەنسەپنىڭ غەلۋىسىنى جىق قىلىدۇ. رېستورانلارغا يۈگرۈپ ھاراقتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار ئالغا ئىنتىلىشتىن، گۈزەللىكتىن، غۇرۇردىن

يىراقلىشىپ ئۆزىنى ئۇنتۇش گىردابىغا يېرىپ قالغان تۇرسا ئۇلارنىڭ قولىقىغا شېئىر ياقارمۇ؟ جەنۇبنىڭ توپا-توزانغا تولغان قوي-كالا بازارلىرىغا كىرىپ دېھقانلارنى كۆزەتكەچ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى شۇلارغا تەتبىقلاپ باقىدىغان بولساق ئۇلاردىن بىر ئىستىقبالنى كۆرىمىزمۇ؟ پېژغىرىم تومۇز ئايلاردا بۇ بازار ئەمەس بەلكى قىيامەت. بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن شېئىر زاھىر بولمايتتى. ۋارقىراش-جارقىراشلار، ئالىيش-گۆلىيىشلەر، ئېلىم-سېتىمدىكى قوپال سەن-پەنلەر شېئىري ھېسسىياتتىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. ياق، ئەسلى ئۇلارنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن خۇرجۇنلىرىنىڭ ئىچىدە، نۇرسىز كۆزلىرىدە، تىلىم-تىلىم يېرىق تاپانلىرىدا، ئۈرۈك قوۋزىقىدەك يىرىك قوللىرىدا، توقۇناقتەك ئېگىلگەن قامىتىدە شېئىر بار ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلار بۇ شېئىرلارنى ھېس قىلالماس بوپقالغانىدى. ئۇلاردىكى ئايىغى چىقماس تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر پەرۋازىنى گۇمران قىلغانىدى. كىشىنى ھەممىدىن بەك ئازابلاندۇرۇدىغىنى، خەلقىمىز بىلەن شائىرلار ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭ ھاڭ بار. بۇ ھاڭنى پەيدا قىلغۇچى بىرىنچى ئامىل شائىرلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ نادانلاشتۇرۇلغان سىماسى ئىدى.

شائىرلار ئۆزىگە باقماي تولىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى. ھالىم قانچىلىك دېمەي بىر-بىرىگە شېئىر ئوينىتىپ خىرىس قىلىشىدىغان بولدى. گۆڭگا شېئىر يازىدىغانلار ئەنئەنىچى شائىرلارغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئۆزىنى شېئىرىيەت ئىلاھى كۆرسىتىپ تېخىمۇ غادايدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىچى شائىرلار بىلەن گۆڭگا شېئىر يازىدىغانلار ئوتتۇرىسىدا بەھس-مۇنازىرە، كۈرەش باشلىنىپ، توغۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان خەلق ئۇنتۇلۇپ قالدى. ھېكمەتكە تويۇنمىغان، خەلقنىڭ ھالىدىن يىراق تۇرلۇك «ئىزىم ـ ئېقىم»لارغا تەۋە شېئىرلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بوھران يۈزىگە چىقىشقا باشلىدى. شېئىرىيەت ئاشىقلىرى قايمۇقتى. خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان رەھبەرلەر، ھەرقايسى پەن زىيالىيلىرى، مەخسۇس ئىجتىمائىي پەن ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پروفېسسور-ئالىملار بۇنى كۆرمەسكە سالدى. قىسقىسى، بۇ رېئال، كۆڭۈلسىز مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇيغۇر گېزىت ـ ژۇرنال ساھەسىدىكى ژۇرنالىست ۋە مەتبۇئات خادىملىرى ئېغىر خۇرسىندى. تەھرىرانىغا كەلگەن شېئىرلارنىڭ كۆپلىكى ئەمما مەزمۇنىنىڭ پۇچەك، تەكرارلىقىدىن، شۇنداقلا بەدىئىيلىكىنىڭ كەملىكىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىر-بىرىدىن كاتتا تەخەللۇسلارىيامراپ بەزىدە ژۇرنالىستلارنىڭ كۆلكىسىنى قىستىسا، بەزىدە ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. بازار ئىگىلىكىنىڭ رەھىمسىز بۈگۈنىدە ژۇرناللارنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. بۇ ئاچچىق رېئاللىق ئالدىدا بىچارە ژۇرنالىستلار دۆۋە-دۆۋە شېئىرلار ئارىسىدىن «يامان ئەمەس»لىرىنى تاللاپ ژۇرناللارغا بېرىپ بازارغا يۈزلەندى. مەخسۇس ستونلارنى ئاجرىتىپ ئېلان

www.uyghurkitap.com

بېرىپ ژۇرناللارنى باز-باز قىلدى. ئەپسۇس، خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسى شېئىرىي ھېكمەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ئۇلار تىرىكچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋەردى. ژۇرناللار دېھقان ئۆيلىرىگە سوقۇنۇپ كىرەلمىدى. دېھقاندىن ئىبارەت غايەت زور بازار ئېچىلمىغاچقا ئۇيغۇر ژۇرناللىرى شۈكۈر-قانائەتكە مەجبۇر بولدى.

دېھقانلار كۈندىلىك مەنىۋى ھاياتىدا تولا ئىشلاردىن سۇۋۇپ كەتتى. بولۇپمۇ بەزى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ يىللار بويى بىر خىل مۇقامدا تەكرارلىنىدىغان — ھېچقانداق يېڭىلىقى يوق يېزا ئىگىلىك خەۋەرلىرى ۋەيەنە ئاللىقانداق باھنى قۇۋۇۋەتلەپ جىنسىي ئاجىزلىقتا شىپا قىلىدىغان دورا ئېلانلىرىنى رادىئو-تېلېۋىزورلاردىن ئاڭلاۋېرىپ ئۇيقۇسى كەلگەندە ئۇخلاپ ژۇرنال ۋاراقلاشقا، شېئىر ئوقۇشقا چولىسى تەگمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ بىر نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ، قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىدۇ، كىملەردىندۇر ئۆز كۆڭلىگە تەسەللىي ئىزدەيدۇ. ئىشقىلىپ كۆڭلىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ-ئارمانلىرى بار. ئۇلار ئوتتۇز يىلنىڭياقى ئايىغى چىقماس ئىش-ئەمگەك بىلەن بىرەر شائىرنىڭ ئىسمىنى ئەستە ساقلىيالمىدى. ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇپ ماغزىنى چاقالمىدى. ئەترەت باشلىقى بىلەن كەنت باشلىقىنىڭ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇتۇقلىرى ۋە مەھەللە مەسچىتىدىكى موللا-ئاخۇنۇملارنىڭ شۈكۈر-قانائەت ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ھېكمەت ئاڭلاپ باقمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بىر-بىرىدىن ياتلاشتى. يۇقىرىقى قىسمەتلەر تۈپەيلى ئۇلار ۋۇجۇدىدا تەبىئىي بار بولغان شېئىرنى، شېئىرىي ھېكمەتنى، شېئىرىي گۈزەللىكنى، تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى قۇرىدى. كۆزلىرىدىكى سېھرىي نۇر ئۆچتى. جىسمانىيىتىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق لېرىك مەدەنىي قۇرۇلما تېخىمۇ بۇزۇلدى. ئۇلار شۇ ھالى بىلەن گوياكى تەكلىماكاندىكى قاغجىراق توغراققىلا ئوخشاپ قالدى.

توغراق ئاجايىپ باتۇر دەرەخ، تەكلىماكاننىڭ ھارارىتى ئۇنى كۆيدۈرەلمەيدۇ، قەھرىتان سوغۇقتىن ئۈششۈپ كەتمەيدۇ. ياۋۇز قۇم بارخانلىرى بىلەن داۋاملىق تىركىشىپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ باتۇرلۇق روھى يىراق تارىخىمىزنى ئەسلىتىدۇ. بەلكىم ئوغۇزخان ئاشۇ توغراقلىقلاردا ئات ئويناتقان، «ياغاچ ئات» توغراقلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن، چىنتۆمۈر باتۇر يالماۋۇز بىلەن ئېلىشقان، بۇغراخان كاتتا بارگاھلارنى تىككەن بولۇشى مۇمكىن. توغراق پۈتكۈل جىسمىدىن قىسمەت، تارىخ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دەرەخ. قارىماققا ساددا، ئاق كۆڭۈل، جاپا-مۇشەققەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان گاڭگۇڭ تەكلىماكان ئادىمىگە ئوخشايدۇ. توغراق قاقشال، دەردمەن ئەمما باتۇر دەرەخ، سۇرلۇك، جىمجىت. ئىچكى دولقۇنىدا شېئىر ئۆركەشلەيدۇ. ئۇ ئاخىرى خەلقىمىزگە تارىخ، قىسسە، رىۋايەتلەرنى، چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. خەلقىمىز كۆزلىرىدىن يوم-يوم ياشلارنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ئۆتمۈشنى ئەسلەيدۇ. ئۇلار شۇندىلا ئۆزلىرى يىراقلىشىپ كەتكەن، يوقىتىپ قويغان شېئىرىي دۇنيانى تېپىۋالىدۇ.

شېئىرىي گەۋدە مىللەتنىڭ ماھىيىتى ۋە نۇرلۇق مايىكى. بىر مىللەتتە، بولۇپمۇ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ مەدەنىيىتى چېكىنىپ كەتكەن مىللەتتە شېئىر بولمىسا بولمايدۇ، شېئىرنى چۈشىنىدىغانلار بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنىدىغان، ئۆز تارىخىغا پىششىق شائىرلار بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

خوش، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بىز شېئىر يازدۇق، بىراق نېمە ئۈچۈن يازدۇق؟ شېئىر نېمە، شېئىردىكى ھېكمەتچۇ؟ شائىردىكى مەسئۇلىيەت قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىزگە خېلى بۇرۇنلا قويۇلۇشقا تېگىشلىك ئاچچىق سوئاللار ئىدى. خەلقنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان شائىرلار بۇ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇردى. (ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان شائىرلار بۇنىڭ سىرتىدا.) بۇ سوئاللار يەنىلا جاۋابسىز قالدى. شائىرلارمۇ ئۆي ئىچىگە مۆكۈنىۋېلىپ بارماق ساناپ شېئىرلارنى يېزىۋەردى. قىسمەت يەنىلا داۋاملاشتى. كۈنلەر بىلەن يىللار ئوتتۇرىسىدىكى شېئىرىي مۇجادىلە خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسى خەلقنىڭ شېئىرىيەت ساپاسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقانىدى. تۆت شائىر بىر يەرگە كېلىپ باش قوشۇشۇپ «خەلققە نېمىنى يەتكۈزدۇق، دېھقانلار بىز يازغان شېئىرلارنى نېمىشقا ئوقۇمايدۇ؟ خەلق بىزدىن قانداق نەپ ئالدى؟» دەپ ئىككى ئېغىزدىن ھال-مۇڭ ئېيتىشمىدى. سۆزلەشكەندە رىيابىلەن سۆزلەشتى. بىر-بىرىدىن چوڭلۇق تالاشتى. يېزىلغان شېئىرلاردىن شېئىرىي ساپا، ئومۇمىي ئېستېتىكا ۋە شېئىرىي ئېتىقاد ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا مۇمكىن بولمىدى. يازغىنىغا ئەمەل قىلغانلارنى ئۇچراتقىلى بولمىدى. تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى كۈنلەردە «جەڭچىمەن»، «ۋەتىنىم»، «دېھقان»، «خەلقىم»، «ئانامغا» دېگەندەك تالاي شانۇ-شەۋكەتلىك تېمىلاردا شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ كىتاب ئىچىدىلا قېپقالدى. شائىرلاردا شائىرلارغا خاس شېئىرىي ئېتىقاد بولمىغاچقا دېھقاننى كۈيلىگەنلەر ئاشۇ دېھقاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، پاخال قالاپ قايناتقان چېيىغا زاغرىسىدىن بىرنى چىلاپ ئىچىپ باقمىدى. ۋەتەن بىلەن ئانىنى كۈيلىگەنلەر ۋەتەن ۋە ئانىسىغا ھەقىقىي سادىق بولالمىدى. بۇ تەنقىدلىرىم ئېغىر كەتكەنلەر «مانا مەن بار!» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ باقسۇنچۇ قېنى؟ بوينىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرەيلى. بىز ھەممىمىز بۇ جەھەتتە بىر سېسىق كۆلگە كىرىۋېلىپ ئۇرغاچىسىنى كۈيلەپ كۇركىراۋاتقان پاقىلارغىلا ئوخشاپ قالدۇق. خەلق بىزدىن يىراقتا قالدى. بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «بۇنداق ئىشلارغا شارائىت يوق، ھازىر قىلىپ كېتەلمەيمىز» دەپ. بۇ ھورۇنلۇق ۋە پۇرسەتپەرەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەقىقىي شېئىرلارنى

www.uyghurkitap.com

خەلق ئارىسىغىچە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيدۇ . خەلق شېئىرنى ، شېئىرىي ئانالىزنى چۈشەنمىسە ، شائىرلار ئۇلارغا شېئىردىن تەلىم بەرمىسە ،شائىر بىلەن شېئىرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى ؟ خەلق شېئىر ئوقۇمىسا بازىرى كاسات باققال چۈشىن قورۇپ ئولتۇرغاندەك شائىرلار ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئوقۇپ ئولتۇرۇدىغان گەپ . شۇڭلاشقا شائىرلار خەلقىمىز ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ،تۇرمۇش ئۆگىنىپ ، كلاسسىك شېئىرلار بىلەن ھازىرقىنى سېلىشتۇرۇپ ،تارىخنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ، شېئىرىيەتكە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراپ ، يازغىنىغا ئەمەل قىلىپ ، بىلىم قورۇلمىسىنى يېڭىلايدىغان بولسا چوقۇم «تەكلىماكان ئادەملىرى »ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان «توغراق روھى »نى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان بىر تۈركۈم نادىر شېئىرلار مەيدانغا كەلگۈسى . كلاسسىك شېئىرلار خەلق ئارىسىغا شۇنداق كۆپ ئومۇملىشىشىدىكى سەۋەب كلاسسىك شائىرلار تەقۋالىق بىلەن خەلق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . خەلقتىن ھېچ نەرسىنى ئايىمىغان . يازغانلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان . بۇ جايدا مەن گەپنى سەل قاتتىقراق ئېيتسام ، بىز شېئىرنى خەلق ئۈچۈن يازمىدۇق ، رىياكار شەيتانغا ئەگىشىپ سۆز ئويۇنى قىلىشتۇق ،خالاس . بۇنداق ۋلمىسا ئىدى ، خەلقىمىزنىڭ شېئىرىيەت ساپاسى بۇ ،ەرىجىگە چۈشۈپ قالماس ئىدى . بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنمىگۈچىلەر تەكلىماكان باغرىدىكى خەلقىمىز ـ ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ «شېئىر قانداق نەرسە »دەپ سوراپ باقسىلا ھەممە ئىش ئايدىڭ بولىدۇ .

يېزىق دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى مول ئېغىز ئەدەبىياتىغا ـ ئېغىز شېئىرىيىتىگە ،شۇنداقلا يېزىق ئىجاد قىلىپ تالاي ھېكمەت ـ پاساھەتلەرگە ئىگە بولۇپ قەلەمگە ئالغان بۇ مىللەتنىڭ ھالا بۈگۈنكى يېزىق ۋە مەدەنىيەت يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ، مەنىۋى ئېھتىياج ھەسسىلەپ ئاشقان دەۋردە شېئىرىيەت ساۋاتسىزلىقىغا قېلىشى ئۇنى كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق مەنىۋى پاجىئەگە قىستايدۇ . مانا بۇلار كرىزىسىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاقىۋىتى .

سوئال : ئابدۇلباسىت ، سىز 2001ـيىلىدىن بۇيان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلىدا جەمئىيەت ، مەدەنىيەت ،تارىخ ۋە ئېتىقاد بىر گەۋدە قىلىنغان ، مۇھاكىمە ،تەتقىقات خاراكتېرىنى ئالغان ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن «كۆي تومۇرى » ، «شېئىرنىڭ تەكلىماكانى » ، «مەدەنىيەت ئۇدۇمچانلىقى ۋە مەتبۇئات كاساتچىلىقى »قاتارلىق ئېسىل ماقالىلەرنى يازدىڭىز .قايسى خىل كۈچ سىزنى بۇ خىل ماقالىلەرنى يېزىشقا ئۈندىدى ؟

جاۋاب : ھاياتلىق بۇرجىدا سەيلان قىلىۋاتقان دۇنيا بىزنىڭ تەبەسسۇملۇق ۋە تەپەككۇرلۇق رۇخسارىمىزدىن ئوزۇق ئېلىپ تۇرىدۇ . دۇنيانىڭ مەنىۋى خەرىتىسى ۋە يېشىمى پەيلاسوپلار تەرىپىدىن سىزىلىدۇ ۋە شەرھىلىنىدۇ . تارىخنى تارىخچىلار يازىدۇ .پەيلاسوپلار بولسا تارىخقا ئانچە ئېتىبار قاراتماستىنلا ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى كامالىتىدە ئەكس ئەتكەن روھىيەت جەريانىنى يېزىپ چىقىدۇ . ئەقىللىق كىشىلەر مۇشۇ روھتىن تارىخنىڭ ئەسلىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ .پەيلاسوپلار نەزىرىدە تارىخ ئانچە مۇھىم نەرسە ئەمەس . مۇھىمى تارىخ يەكۈنلىگەن بۈيۈك روھتۇر . بۇ روھتا بىر مىللەتنىڭ ھاياتلىق زەنجىرى يەنى گېن خەرىتىسى زاھىردۇر . ھەربىر قەۋمنىڭ پەيغەمبەر ۋە پەيلاسوپلىرى بولغان . ئۇلار بۈيۈك ئاگاھلاندۇرغۇچى بىشارەتچىلەر بولۇپ ، ئۆز قەۋمى دائىرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلاردۇر . بۇلار مەلۇم ئېتنىك قەۋمگە تەۋە كىشىلەردەك كۆرۈنگىنى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق كىشىلەردۇر . ئىنسانلار يەر يۈزىدە بەرپا ئەتكەن روھ تارىخىغا نەزەر ئاغدۇرۇدىغان بولساق ، بۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مېتود سوقرات ۋە ئەپلاتون مەپكۇرىسىدىكى قەدىمىي يۇنان ـ گرېك پەلسەپە مېتودىدۇر .كېيىنكىسى پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىسلاھاتقا باي روھىيەت پەلسەپە مېتودى بولۇپ ، ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋەتلىرىدىن باشلانغان ساپ ئىسلامىي ئەقىدە دائىرىسىدىكى روھىيەت ، پەلسەپە مېتودىدۇر . ئۇ ۋەھيي ۋە ئىلاھىي ھۆكۈملىرى بىلەن ـ دىن ، سۈننەت ۋە فىقھە ئىلىملىرى بىلەن ـ قانۇن ،شەرىئەت ئەخلاقلىرى بىلەن مۇستەھكەم جەمئىيەت ئىدى . پەيغەمبەر ۋە چاھارىيارلاردىن كېيىنكى ئىسلامىي ئىدېئولوگىيە ئەنئەنىسىنى مۇستەھكەم تۇتقا قىلغان ئاساستا ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھاتلىرى بىلەن يۈكسەك پەلسەپىۋى جەمئىيەتكە قەدەم قويغانىدى . پەلسەپىۋى جەمئىيەت ئىلىم بىلەن قوپۇرۇلغان جەمئىيەت دېگەنلىكتۇر . بۇ خىل جەمئىيەت ئاسان يىمىرىلىپ كەتمەيدىغان جەمئىيەت بولۇپ ، مىللىي روھ ،دىنىي ئېتىقاد ۋە ۋەتەن روھى ھەربىر ئېتنىك پۇقرانىڭ ھۆجەيرىسىگىچە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ . بىز غەرب ئويغىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئىسلامىيەت شەرقىگە نەزەر ئاغدۇرۇدىغان بولساق ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ،ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە پەلسەپە يىلتىزلىرىنىڭ شۇجايدا نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىز .فارابىي ، ئىبنى سىنا ،جىملىئىي جابىر ، خارەزمىي ،ئەلرازىي ، مەسئۇدىي ،ۋەفا ،بىرونىي ،ئىبنى ھەسەن ،ئىبنى رۇشدىي ،نەسرۇددىن تۇسى ، ئىبنى نەفىس ،ئىبنى ھىسام ، قۇتبىددىن شىرازىي ، ئەلكىندىي قاتارلىق ئەللامە-ئۆلىمالار شەرق ئىسلام ئەللىرىگە مەنسۇپ بولغان خىمىيە ،ماتېماتىكا ،مېدىتسىنا ،جۇغراپىيە ، فىزىكا ،ئاسترونومىيە ،ۋەموسىقا (مۇزىكا ) ئىلىملىرىگە ئاساس سالغان ۋە راۋاجلاندۇرغان ئۆلىمالار ئىدى . بۇلار گەرچە ئەرەب ،تۈرك ،ئافغان ۋە پارس تىللىق ئۆلىمالار بولسىمۇ بىر پۈتۈن ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى بۇرجىدا سەير قىلىپ پۈتكۈل دۇنيانى ئۆز مەركىزىگە تارتىپ تۇراتتى . ئەينى دەۋرلەردە پەنلەر ئىنچىكىلىك بىلەن تۈرلەرگە ئايرىلمىغان بولسىمۇ ، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە قارىغىنىمىزدا يۇقىرىقى ئۆلىمالار كۆپرەك تەبىئىي پەنگە مايىل ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىجاد ـ ئىجتىھاتلىرى كۆپىنچە ھاللاردا پەلسەپىۋى ھېكمەت ، شېئىرىي پاساھەتلەر ئارقىلىق خاتىرىگە ئېلىناتتى .بۇنىڭ

ئۈچۈن ئۇلۇغ ھەكىم ئىبن سىنانىڭ «ئۇرجوزە» ناملىق تىببىي داستانىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. «ئۇرجوزە» تىبابەت جەھەتتىكى يېگانە قامۇس ئىكەنلىكىگە قارىماي شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يەڭگىل، نەپىس شەكلى بىلەن پۈتۈلگەن بالاغەتلىك، نەزمىي داستان ئىدى. بۇخىل ئىپادىلەشتە تەبىئەت بىلەن ئىجتىمائىيەت بىر گەۋدە بولاتتى-دە ئىلىملەر ئارىسىدا يىراقلىق بولمايتتى. خەلق ئاسان ھەزىم قىلىپ، ئىلمىي قاراشلار ئاسانلا ئادەتكە ئايلىنىپ كەڭ ئاۋام ئارىسىدا تۇرمۇش ئەندازىغا ئايلىناتتى. ھازىرقىغا ئوخشاش تەبىئىي پەن بىلەن ئەدەبىي پەنلەرنىڭ ئارىسىدا يەتكىلى بولمايدىغان ھاڭ شەكىللەنمەيتتى. شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ خىل ئىلىم ئۇسلۇبى كۆپىنچە ھاللاردا «قۇرئان» پاساھەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنغانىدى. ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەركىبىگە كۆپ ئىلىم سەمەرىلىرىنى قوشقان مەشھۇر مۇھەددىس ۋە مۇپەسسىر، فىقھە ئۆلىمالاردىن ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)، ئىمام بۇخارىي، ئىمام ئەزەم رەھمەتۇللا، ئىمام شافىئىي رەھمەتۇللا، ئىمام ھەنبەل رەھمەتۇللا، ئىمام مالىك رەھمەتۇللا، تىرمىزىي، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، بەيداۋىي ۋە باشقا مۇجتەھىت ئۆلىمالاردۇر. مانا بۇلار ئىسلامىي روھىيەت ئەنئەنىسىنىڭ نىشان بەلگۈلىگۈچى ئۆلىمالىرى بولۇپ، ۋەرەسەتۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەر ۋارىسلىرى) مەقامىدىكى مۇجتەھىتلەردۇر.

بىز يەنە ئىسلام روھىدىكى پەلسەپە سىستېمىسىغا رەڭگارەڭ تۆھپە-سەمەرىلەرنى قوشقان ئۆلىمائىي كىراملارنى ئىسلام ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىن كۆرەلەيمىز. گەرچە ئىسلام ئەدەبىياتى ئەرەب جاھىلىيەت ئەدەبىياتىنى ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا سەل كېيىنرەك راۋاجلانغان بولسىمۇ، ئىسلام دۇنياسىدا ئەدەبىيات يەنىلا شان-شەرەپ تاجىسىغا مۇيەسسەردۇر. ئىسلام ئەدەبىياتى، تىلشۇناسلىقى ۋە تارىخشۇناسلىقىدا چاقنىغان يۇلتۇزلاردىن غەززالىي، زەمەخشەرىي، سەككاكىي، لۇتفىي، جالالىددىن رۇمىي، نىزامىي گەنجەۋىي، سەئىد شىرازىي، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي، مەھمۇدكاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىي، نەۋائىي ... قاتارلىقلار نەزەرگە نائىلدۇر.

8-، 9-، 10-، 11-ئەسىرلەردە ئىلىم-ئىرپاندا گۈللەپ ياشناپ پۈتكۈل دۇنيانىڭ زىلزىلىسىگە سەۋەب بولغان ئىسلام دۇنياسى ئۆزىنىڭ روھىيەت ۋە پەلسەپە ئەندازىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەبىئەت، شەرىئەت، ئەدەبىيات ئۆلىمالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ خىل پەلسەپىۋى قۇرۇلما ئىسلام مىللەتلىرى ئۈچۈن مەڭگۈ پارچىلانمايدىغان روھىيەت سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرۇپ بەرگەنىدى.

«1350-يىلىدىن كېيىن ئىسلامىيەت دۇنياسى ئارقىدا قالدى.»[1] بۇخىل ئارقىدا قېلىش غەربنىڭ ئىلىم-پەندە ئىلگىرى كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن ئىسلام روھىنىڭ ئىسلام مىللەتلىرى قەلبىدىكى چېكىنىشى بولماستىن خەلىپىلەر ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى ۋە بىپەرۋالىقى سەۋەبلىك يۈزىگە چىققان مەسىلە ئىدى. ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىلىم-پەندە ئارقىدا قېلىش ۋەزىيىتىگە باھا بېرىپ پاكىستانلىق دوكتور، نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى ئابدۇسالام مۇنداق دېگەنىدى: «بۇنىڭغا شۇ چاغدا جەمئىيەتتە قايتا-قايتا ئۆزگىرىش بولۇپ كېيىنكى ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنىڭ قارام ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىلىم-پەن ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى سەۋەب بولغان.»[2] بۇخىل ناچار ۋەزىيەت غەربلىكلەرنى ئىلگىرى كېتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ قويدى. غەربنىڭ خورىكى ئۆسۈشكە ئەگىشىپ ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان تارىخىي ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىدىن ئەھلىسەلىپ ھەرىكىتىنى قايتا-قايتا ئېلىپ بېرىپ ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلاشقا، زەئىپلەشتۈرۈشكە، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن غەرب قىممەت قارىشىنى تېڭىشقا ئۇرۇندى. لېكىن بۇخىل مەقسەت بىر پۈتۈن ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىغا ئىگە، پەيغەمبەر، پەيلاسوپلار ياندۇرۇپ كەتكەن ھەقىقەت نۇرى ئاستىدىكى ئىسلام دۇنياسى ئالدىدا تولۇق ئىشقا ئاشمىدى. شۇنداق تەقدىردىمۇ دوكتور ئەسەد سۇلايماننىڭ «مۇسۇلمانلار شەرقى جىددىي كىرىزىسكە دۇچ كەلدى. ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بوپقالدى»[3] دېگىنىدەك، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىنمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدى. 18-ئەسىردىن باشلاپ مۇسۇلمان شەرقىدە بىر تۈركۈم ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر- پەيلاسوپلار مەيدانغا كېلىپ ئىسلام روھىدىكى ئەنئەنىنى زامانىۋى يوسۇندا قايتىدىن شەرھلىدى ۋە ئىسلام ئەللىرى دۇچ كەلگەن كرىزىس تېپىشماقلىرىغا تەتبىقلىدى. ئەلۋەتتە بۇمۇ ئەينى دەۋردە 1000يىللىق ئىسلام روھىنىڭ قايتا چاقىرىشى بوپقالغانىدى. جامالىددىن ئافغانىي، ھەسەنۇل بەننا، يۈسۈپ قەرزاۋىي، سەييىد قۇتۇب، مۇھەممەد ئابدۇھ، سەئىد ئەھمەدخان، مۇسا جارۇللا، رىزائۇددىن ئىبنىي فەخرۇددىن، ئابدۇقادىر ئىبنىي ئابدۇۋارىس كاشغەرىي (ئابدۇقادىر داموللام)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئىسلاھات ئاۋانگارتلىرى بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ ئىسلاھات ئىجتىھاتلىرىنى توختاتمىدى.

جامالىددىن ئافغانىي 1870-يىلى ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق مەشھۇر نۇتقىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر مىللەتكە نىسبەتەن پەلسەپە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. پەيلاسوپلار بىلەن دىن پەيغەمبەرلىرى ئوخشاش بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، پەيغەمبەرلەر

① «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتى»، ئاپتورى: نوبېل فىزىكا مۇكاپاتى ساھىبى، پاكىستانلىق دوكتور ئابدۇسالام، جۇڭگو پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى 1986-يىل سېنتەبىر 1-نەشرى.

② «يۇقىرىقى كىتاب.

③ ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997-يىل 5-سان؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئىيۇل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئىلھام ۋە ۋەھيي ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ. پەيلاسوپلار بولسا تەپەككۇر ئارقىلىق ھەقىقەتنى تاپىدۇ. پەيغەمبەرلەر خاتالىقلاردىن مۇستەسنا بولىدۇ. پەيلاسوپلار تونۇش جەھەتتە خاتالىقلاردىن ساقلىنالمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ...»① جامالىددىن ئافغانىي ۋە ئۇنىڭغا بىر ئەسىرگە يېقىن ياندىشقان ئاقارتىش روھىغا ئىگە ئالىم-مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پەرقلەنمەيتتى. جامالىددىن ئافغانىي يەنە بىر تەشەببۇسىدا: «ھەربىر دەۋرنىڭ بىردىن پەيغەمبەرگە موھتاج بولۇشى ناتايىن، چۈنكى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ قانۇنى ھەرقانداق دەۋردە ئۆز مۆمىنلىرىنى تەربىيىلەيدۇ. لېكىن ھەربىر دەۋر ئۆزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم پەيلاسوپلارغا موھتاج! پەيلاسوپلار ۋە دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇتەپەككۇرلارسىز ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ»② دېگەنىدى. يېڭى ۋەزىيەتكە قارىتا تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك زىيالىي، مۇتەپەككۇرلارنىڭ دانا يېتەكلىشى نەتىجىسىدە ئىسلام دۇنياسىدا غەربنىڭ ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەنىۋى مۇستەھكەملىكى پۈت دەسسەپ تۇرالمىدى. قىممەت قارىشى بازار تاپالمىدى.

دېمەك پەلسەپە ئىنسانىيەت ئۈچۈن دۇنيانى بىلىش، ئۆز-ئۆزىنى بىلىش، ئۆزگىنى بىلىش جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك ئىلىمدۇر. مانا مۇشۇ قىممەتلىك ئىلىمنىڭ چولپۇۋرى پەيلاسوپلار ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ قولىدا بولىدۇ. پەيلاسوپلار ۋە ئالىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت پۈتكۈل دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۈلگە بولىدىغان جەمئىيەتتۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى پەلسەپە يۆنىلىشى ۋە مەدەنىيەت مېتودى دەل بۈگۈن قۇرۇپ چىقىۋاتقان يېڭىچە دۇنياسىنىڭ خېمىرتۇرۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئاتا-ئەجدادلارنىڭ ۋە جەددى - جەمەتلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېكمەت - پاساھەتلىرىنى، مەپكۇرە-پەلسەپىلىرىنى شەرھلەش ۋە قايتا بايان قىلىش يېڭى دەۋر ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

بىزنىڭ ھازىرقى ساپا ئەمەلىيىتىمىز ۋە ئېھتىياجىمىزنى چىقىش قىلساق، بىز كۆپرەك پەلسەپىگە، پەلسەپىۋى ئۇدۇمنى قېزىشقا ئېھتىياجلىقمىز. بۇ نۇقتىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن مەرھۇم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىنى كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىق قىلىپ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى پەلسەپىۋى روھىنى ئومۇمىي بايان شەكلىدە «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن كىتابلاشتۇرغانىدى. بۇ بىز ئۈچۈن بىر كۆزنەك نىشاندۇر. ئالىم شۇ كىتابىنىڭ 9-بېتىدە «ھايات دەرىخىدىن يېتىلگەن ئەقىل-ئىدراك مېۋىسىنى، ۋاقىت داۋىنىدا ھاسىل بولغان ھېكمەت-پاراسەت غەزىنىسىنى ئىگىلەش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈشىدىكى زۆرۈر ئۆتكەلدۇر» دېگەنىدى. بىزنىڭ ھاياتلىق جۇغراپىيىمىزدە بىنا قىلىپ چىققان پەلسەپىۋى روھىمىز بىپايان قۇملۇقلار ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەلئە - شەھەرلىرىمىزگە ئوخشاش بىر مەھەل كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، ئېچىلغاندىن كېيىنكى ئېنىرگىيىسىنى تۈۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. قېزىش ۋە رەتلەش بىر گەپ، شەرھلەش ۋە يېشىش يەنە بىر گەپ.

بىز مەرھۇم ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەرنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، دوكتور ئەسەد سۇلايماننىڭ «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» (بۇ كىتاب ياش ئالىمنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن. - باش مۇھەررىردىن)، ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى» (مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. - باش مۇھەررىردىن)، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» (مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. - باش مۇھەررىردىن)، ئادىل تۇنىيازنىڭ «پەيغەمبەر دىيارىدا تۈنلەر»، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «كۆزنىڭ ئىچىدىكى كۆز ۋە سۆزنىڭ ئىچىدىكى سۆز» (مەزكۇر كىتابتىكى ماقالىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. - باش مۇھەررىردىن)، نەزىرە مۇھەممەد سالىھنىڭ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ»، ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ «مەدەنىيىتىمىز ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز» (مەزكۇر كىتاب بۇ ياش ئىزدەنگۈچىنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن. - باش مۇھەررىردىن) قاتارلىق كىتابلىرىدىن ئۇيغۇر پەلسەپىۋى روھىنىڭ شەرھ - يېشىملىرىنى كۆرگەندەك بولىمىز. بىزنىڭ پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت ئىزچىللىقىمىز بىر تۈركۈم قابىل يېتەكلىگۈچىلەرگە ۋە ئىسلاھات روھىغا باي ئالىملارغا موھتاج. جەمئىيەتنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش، ھاياتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش، دۇنياغا ئىلمىي باھا بېرىش، ئۆزى ۋە ئۆزگىگە بولغان تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بۈگۈنكى ياش زىيالىيلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. ھەربىر زىيالىي يۈكسەك ئىزدىنىش روھى بىلەن ئۆز ئەتراپىنى تەتقىق قىلىپ، تۈرلۈك تېمىلاردا جانلىق ماقالىلارنى يېزىپ، كۆز قاراشلىرىنى دادىل بايان قىلىپ مەتبۇئاتلارغا، ژۇرناللارغا مۇراجىئەت قىلسا بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال ئىدى.

سىلەر سورىغان سوئال بويىچە ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن كۆپرەك كۆزەتتىم. باشقىلار قاراپ چىققان شەيئىي - ھادىسىلەرگە باشقىچىرەك كۆز بىلەن قايتا قاراپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن

---

① ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»تىن «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» دېگەن ماقالىسىغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل جۈملە. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 2-، 3-(قوشما) سان؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل ئېيۇل نەشرى.

② ئەسەد سۇلايماننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىغا قاراڭ.

خەلقىمىز ئۈچۈن پەلسەپە شۇنداقلا پەلسەپىۋى روھتىكى تەلىم-تەربىيە ۋە ئۆز مەدەنىيىتى بۇرجىدىكى روھىي ئوزۇق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم . تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىلمىي يەكۈنلەرگە ئىگە بولۇش بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىگە نىسبەتەن تولىمۇ مۇھىمدۇر . مېنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يازغان ماقالىلىرىم تەپەككۇرۇم ۋە شېئىرلىرىمنىڭ يېشىمىدۇر .

* * *

بىز ئابدۇلباسىت بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان مەزگىللەردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن ياش ۋە پېشقەدەم قەلەم ساھىبلىرى بىلەن ئابدۇلباسىت ئەسەرلىرىگە بولغان كۆز قاراشنى ئېلىش ئۈچۈن تېلېفون زىيارىتى قىلغاندۇق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەممىي كۆڭلى ،ياخشى باھاسىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە ئابدۇلباسىتنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئېيتتى . بىز يەنە ئابدۇلباسىتنىڭ ئەسەرلىرىگە قىزىقىپ ۋە زوقلىنىپ كىلىۋاتقان شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى مەريەم ساقىم خانىمغا تېلېفون قىلدۇق . مەريەم ساقىم خانىم ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 4-سانىدا ئېلان قىلغان «ئۇلۇغ ئوكياندىن كەلگەن سادا»دېگەن ماقالىسىغا ئابدۇلباسىتنىڭ «ئانا»داستانىدىن بىر پارچىنى كىرگۈزگەندى . ماقالىغا دوكتور ئەسەد سۇلايماننىڭ «دېڭىز بىلەن قۇملۇقنىڭ دىئالوگى»دېگەن بىر پارچە ئىلاۋىسى قوشۇپ بېرىلگەندى . ماقالىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولغانىدى . تېلېفون زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان مەريەم خانىم ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قالدى . «ئانا»داستانى ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى .بىر ئاز سۆزلىگەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى ۋە بىزدىن ئۆزرە سوراپ داستانغا بولغان تەسىراتىنى خەت ئارقىلىق بىزگە يوللايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تېلېفوننى قويدى . بىز شۇ چاغدا مەريەم خانىمغا داستاننىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى ھالىتىدىن بىلىپ قالدۇق . بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مەريەم خانىمدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدۇق . بىز ئابدۇلباسىتنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەسىرلەنگەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىغا ۋەكالىتەن مەريەم خانىمنىڭ مەكتۇبىنى بىرلىكتە ئېچىشنى لايىق تاپتۇق .

* * *

«ياش - تالانتلىق شائىرىمىز ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھماننىڭ〈 شىنجاڭ مەدەنىيىتى〉ژۇرنىلى 1998-يىل 1-سانىغا بېسىلغان〈 ئانا〉 داستانىنى تەكرار-تەكرار قانچە رەت ئوقۇغىنىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن . بۇ داستاننى كۆچۈرۈۋېلىپ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ يۈردۈم . ياپونىيىدە تۇرغان ، غېرىبسىنغان چاغلىرىمدىمۇ كۆز ياشلىرىم بىلەن ئوقۇغانمەن .تەكلىماكاننى مەركەز قىلغان بۇدىياردىكى ئانا تېمىسىنى ئابدۇلباسىت كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىترىتىپ ، بۈيۈك ھەقىقەت كەبىي مۇكەممەل ئوبرازلاشتۇرۇشتا ئەڭ يۈكسەك پەللە ياراتتى ،دەپ ئويلايمەن .

2001-يىل 29-مارتتا ياپونىيە - توكيودا 33-قېتىملىق〈 قوياش پەرزەنتلىرى ئۇسسۇل كۆرىكى〉دە〈 كروران گۈزىلى〉ناملىق زامانىۋى ئۇسسۇل ئوينالدى . بۇ ئۇسسۇلدا باش رولنى بېيجىن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ،ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشۋاسى مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىي ئەپەندىنىڭ نەۋرىسى ئاينۇر قاسىمىي ئالغانىدى .

مەن ۋۇجۇدۇم - يۈرىكىم بىلەن بۇ ئۇسسۇلنى كۆردۈم .كەڭ سەھنە ، ئۇسسۇل ۋەقەلىكى بىلەن ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ھەيۋەت دېكوراتسىيە كۆرۈنۈشلىرى ، قۇم-بوران ئەۋجىگە تەقاسلانغان مۇزىكىنىڭ شاۋقۇنى ، «كروران گۈزىلى»نىڭ لاتاپەتلىك سىماسى بىلەن بىللە ئابدۇلباسىتنىڭ〈 ئانا〉 داستانىدىكى

ئانا !
ساچىرخانىمنىڭ داچىسى بارمىش ،
سېنىڭمۇ بار داچىدەك كەپەڭ .
بارمىش يەنە شاھزادە ئوغلى ،
سېنىڭمۇ بار بىر شائىر ئوغلۇڭ .
ساچىرخانىم ئۆزىگە خانىش ،
سەن خانىشى تەكلىماكاننىڭ .
سېنىڭ ئاناڭ كروران خانىش . . .

دېگەن قۇرلار ۋۇجۇدۇمدا ، تومۇرلىرىمدا كېزەتتى .مانا شۇ ھېسسىيات ئىچىدە شۇ كېچىلىك ھەققىدە يازغان ماقالەم 〈 ئۇلۇق ئوكياندىن كەلگەن سادا〉غا ئەشۇ قۇرلارنى ئىشلەتكەنىدىم .

ھەرقانداق بىر مىللەتتە ئانا تېمىسى ئۇلۇغ ۋە ئەبەدىي تېمىدۇر . ياش شائىرىمىز ئابدۇلباسىت ئۇيغۇر ئانا ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلىدى . 20-ئەسىردىكى ئانىلىرىمىز ۋۇجۇدىدىكى رېئاللىق ۋە ھەقىقەتنى تۇرمۇش ھەمدە دەۋر روھى بىلەن يۇغۇرۇپ ، ھايات كارتىنىسىنى يارقىن كۆرسىتەلىدى .

ئابدۇلباسىت ئانىغا بولغان سېغىنىشىمىزنى ، قەلبىمىزدىكى غېرىبلىق ،رېئاللىق ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنى ئەڭ چوڭقۇر ،ئەڭ نازۇك ھېسسىيات بىلەن سۈرەتلەپ بەردى .

ئابدۇلباسىتنىڭ ئانا ئوبرازىنى بۇ قەدەر سۈرەتلىگەن قەلىمىگە ،يۈرىكىگە ، چوڭقۇر تەپەككۇرىغا ئاپىرىن-تەشەككۇرۇمنى ئېيتقۇم كېلىدۇ .

ئىنىم ئابدۇلباسىت :
شېئىرىيەت ئالىمىدە يەنىمۇ يۈكسەلگەيسىز .
سىزگە مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن .
يىراقتىن ھەدىڭىز :مەريە .2003-يىل 9-مارت»(M1)

www.uyghurkitap.com



# ئافورىزم ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

مۇنەۋۋەر ئابلىز

## 1

ئافورىزم گرېكچە قىسقا ،ھېكمەتلىك دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ ، ئومۇمەن تولۇق ئاياغلاشقان ئېنىق ئوي-پىكىرنى بىلدۈرۈدىغان ئۆزى قىسقا ، مەنىسى چوڭقۇر بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەرگە قارىتىلغان .ئۇ ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ ، خەلق دانالىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان ماقال-تەمسىللەرمۇ ئوخشاشلا ئافورىزملارنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ . ئافورىزملار ئىنسانىيەت تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرىككەن ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولۇپ ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى كۆزىتىشلەردىن ئۆتكەن ،گويا خىرۇستالدىن يانغان نۇرغا ئوخشايدىغان ،تۇرمۇش ۋە ھايات پائالىيەتلىرى ئەمەلىيىتىنىڭ ھارارەتلىك پىچلىرىدا سىنالغان ھەم يەنە سىنىلىشقا پۈتۈنلەي بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .بۇنداق ھېكمەتكە تويۇنغان «بۈيۈك پىكىرلەرگە ۋاقىتمۇ دەخلى قىلالمايدۇ .ئۇلار كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۆز مۇئەللىپلىرى مېڭىسىدە قانداق پەيدا بولغان بولسا ، ھازىرمۇ خۇددى شۇنداق جانلىق»① بولۇپلا قالماستىن ،بەلكى يەنە كېيىنمۇ شۇنداق جانلىق تەتبىقلىنىۋېرىدۇ ھەم ئۆز قىممىتىنى ئەبەدىي ساقلاپ قالىدۇ .

ئافورىزملار تەپەككۇرجەۋھىرى .تەپەككۇر بولسا ئويغاق ئىنساننىڭ قەلب كۆزى ،ھەقىقىي ئىنساننى باشقا بارلىق جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇدىغان ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى ،ئىنساننىي ياشاش ئۈچۈن كۆرەشكە ،ئىنتىلىشكە ،ئىزدىنىشكە ،يېڭىلىق

يارىتىشقا، ئارزۇ-خىيالغا، تەرەققىياتقا يېتەكلەيدىغان ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى كۈچ بولۇپ، ئۇ كىرەلمەيدىغان جاي يوق. مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ئىجادىي كۈچ ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئافورىزملار بولسا ئىنسانىيەت تەپەككۇر دەرىخىدىن ئۈزۈلگەن شىرىنلىك بەقۇۋۋەت مېۋە، ئەقىل بۇلىقىدىن ئۇرغۇپ چىققان زۇمرەت كۆز، تۈيغۇن پىكىر، سەگەك روھ ۋە ئۆتكۈر تەپەككۇرنىڭ تامچىسى ۋە سەمەرىسىدۇر. خەلق ئۆز تارىخىدا تىنىمسىز تەپەككۇرى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئافورىزملارنى ياراتقان. مەزمۇنى تىرەن ۋە جايىدا قويۇلغان ئافورىزملار خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ. ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ئەسىرلەر داۋامىدا ئەل قەلبىدە خاتىرە سۈپىتىدە ساقلىنىدۇ.

ئافورىزملارنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن. دۇنيادىكى پۈتكۈل خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئافورىزملىرى بار بولۇپ، ئۇلار شۇ ئەل، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، تەپەككۇر، ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخى تەرەققىياتى ۋە مۇئەللىپىنىڭ رېئال تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تەكشىسىزلىكىگە ئاساسەن تارىخى، سەۋىيىسى، ئۆتكۈرلۈكى، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەش ۋە ئويلاندۇرۇش قىممىتى قاتارلىق تەرەپلەردىن بەلگىلىك پەرقلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز مەزمۇن جۇلاسىنى ئەبەدىي يوقاتمايلا قالماستىن، ھەجمىنىڭ تولىمۇ ئىخچاملىقى، پىكىرنىڭ كۈچلۈكلىكى، تىلىنىڭ ئېنىق ھەم ئاممىباپلىقى، دەللىكى ۋە ئىشلىتىشتىكى قولايلىقلىقى بىلەن ئوقۇرمەننى كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ.

ئافورىزملارنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، ئۇ نوقۇل ھېكمەتلىك سۆز ھالىتىدە مۇئەللىپىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك پەلسەپىۋى كۆزىتىشى، ئۆز تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنى تەكرار-تەكرار تاسقىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك ھېكمەتلەر بولۇشىمۇ، مۇئەللىپ قەلىمى ئاستىدىكى بىر پۈتۈن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى، پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي تېمىدىكى ماقالە-ئەسەرلەر گەۋدىسىدىن ئۈزۈۋېلىنىشىمۇ ياكى بىر پۈتۈن ئەسەر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ھېكمىتى بىلەن ئافورىزم بوپقېلىشىمۇ مۇمكىن. دېمەك ئۇ ئوقۇرمەنگە ھېچقانداق غەيرىي تۇيۇلمايلا قالماستىن يەنە ھېچقانداق بېسىم كەلتۈرمەيدۇ، بەلكى باغلاپ ئىجادىي پىكىر قىلىشقا، مۇستەقىل مەنىۋى پائالىيەتكە ئۈندەيدۇ. ئۇ ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى ئۆتكۈر پىكرى، ھادىسىلەر ۋە شەيئىلەر ئۈستىدىكى ئەقلىي يەكۈنى بولۇپ، ئوقۇرمەننى جىددىي ۋە ئەستايىدىل پىكىر قىلىشقا يېتەكلەيدۇ ۋە ئىدىيە ھەرىكىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئۆتكۈر پىكىرلىك ئافورىزملار ۋە ئافورىزملىق تۈسكە ئىگە تەرمەچىلەر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر پەلسەپىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە تەۋە بولغان باشقا كلاسسىك ئەدەبىي نامايەندىلەردە بۇنداق ھېكمەتلىك ئافورىزملارنى ئۇچرىتىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ۋە تۈركولوگىيە پېنىگە ئاساس سالغۇچى ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا تەۋەررۇكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتاب يېزىلىشتىن ئىلگىرىكى مەزكۇر زېمىندا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان كۆپلىگەن ئافورىزملارنى كىرگۈزگەن. ئالىم بۇ ئېنسىكلوپېدىك كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتى ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق قەيت قىلىدۇ: «بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، قاپىيىلىك نەسىرلەر، ماقال-تەمسىللەر، بېيىت-قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم»②

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى، 11-ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە يېتۈك پەيلاسوپى، ئۇلۇغ قانۇنشۇناس، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تارىخىدا بىر دەۋرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، ئاجايىپ ھېكمەتلەر بىلەن تولغان كاتتا داستانى «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆتكۈر مەنىلىك ئافورىزملارنى قالدۇرغان:

152. بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلنىمۇ تولۇق.
302. كىشى ئوغلى سۈندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

ئالىمنىڭ بىلىمنىڭ خاسىيىتى ھەققىدىكى بۇ تەسۋىرىي ھېكمەتلىرىدە بىلىمنىڭ ئادەمنىڭ قەدرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى غايەت زور رولىنى كونكرېت قەيت قىلغان بولسا،

181. ئەر ئىككى نېمىدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆزى.

دېگەن تىرەن پىكىرلىك مىسرالىرىدا ئىنسانىيەت بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ياخشى خۇلقلۇق بولۇش، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش، تىلى گۈزەل بولۇشنى ھەقىقىي بەخت-سائادەت ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويىدۇ .بۇنداق ئۆتكۈر مەنىلىك ، ئىخچام شەكىللىك پاساھەتلىك ھېكمەتلەر نەۋائىي ،ئەھمەد يۈكنەكىي قاتارلىق ئۇلۇغ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆپ بولۇپ ، ئۇلار ئەسىرلەرنىڭ بوران -چاپقۇنلىرى جەريانىدىمۇ ئوخشاشلا خىرۇستالدەك - كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ تۇرۇشى بىلەن ئەبەدىي قىممەتلىك .

## 2

ئافورىزملارنىڭ كېلىش مەنبەئىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ،ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ ، دەپ قارايمەن .

1 . ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان ، ھەرخىل تېمىلاردا ،ھەرخىل تۈر ۋە ژانىرلاردا يېزىلغان كىتابلار ،ماقالە-ئەسەرلەر ۋە نۇتۇق ئورىگىناللىرى قاتارلىقلارنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن ئاپتور پىكرىلا ئەمەس بەلكى خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى سۈپىتىدە مەزمۇنەن ئەتىۋارلىنىپ ئۆزۈۋېلىنغان (قىسمەن ئەسەرلەرنىڭ ئۆزى بىر پۈتۈن ھالدا ئەقلىيە بوپقالغان ) ،خاتىرىدىن خاتىرىگە ،ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە رول ئوينىغان ئافورىزملار .مەسىلەن :

بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم ،
ئۇيالىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم .

ئە .نەۋايى

بالىلىرىمىز - بىزنىڭ قېرىلىقىمىز . ياخشى تەربىيە - بىزنىڭ بەختلىك قېرىلىقىمىز . يامان تەربىيە بولغۇسى غەم - ئەلەملىرىمىز ، كۆز ياشلىرىمىز ، باشقا ئادەملەر ئالدىدىكى ،پۈتكۈل مەملىكەت ئالدىدىكى ئەيىبىمىز دېمەكتۇر③

ئا . س . ماكارىنكو

بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىگىنى ،
بىلىم بىلەن زىنىنەتلىگىن ئىچىڭنى .

ل .مۇتەللىپ

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېچى ،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق .
يىرتىلسا كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى ،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق .

(ل .مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاپ» )

2 . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى جەۋھەرلەر ، ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تىلىمىزغا ئۆتۈپ ئاغزاكى نۇتۇقتىمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان ئەقلىيىلەر ، ماقال-تەمسىللەر (بۇلار يەنە ماقال-تەمسىلگە ياتمايدىغان ،لېكىن ئافورىزىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۆزلەر ھەم ھېكمەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) قاتارلىقلار .مەسىلەن :

1 .قاغا بالام ئاپئاق ،كىرپە بالام يۇمشاق .
2 .كۆككە تۈكۈرسەڭ ،يېنىپ چۈشەر يۈزۈڭگە .
3 .ئورنى كەم كولىسا ئۆزى چۈشەر .
4 . بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم .
5 . ئانا كۆرۈپ قىز ئال ، قىرغاق كۆرۈپ بوز ئال .
6 . مەرد بىر قېتىم ئۆلىدۇ ،قورقۇنچاق مىڭ قېتىم .

دېمەك يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسى قىسقا ۋە ئىخچام تۈزۈلگەن ، مول ھەم چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئۆزىدە تولۇق ۋە روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ، ئوبرازچانلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان فرازئولوگىيىلىك بىرىكمە ھېسابلانغان ماقال-تەمسىللەر بولسا ، بەزىسى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەتتىكى ئەقلىيە سۆزلەردىن ئىبارەت .

3 .ماقال-تەمسىللەر ياكى خەلق ھېكمەتلىرى يازما ئەدەبىياتقا ئۆتۈپ ،ئاپتورلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا قايتا ھاياتىي كۈچىنى جەۋلان قىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا يازغۇچى - شائىرلار خەلق دانالىقىدىن - ماقال-تەمسىل ۋە ھېكمەتلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ نۇرانە تۈس بېرىپ ، ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە جانلاندۇرىدۇ .مەسىلەن :

تىكەنلىك ، بويى يوق ئۈنگەن زىيانلىق ئوشبۇ گۈللەردىن ،
چىرايى بولمىسا ھەم مەنپەئەتلىك ئوتلار ئۈنگەن خوپ .
جاھاندا يار-يولداشسىز كۈن ئۆتكۈزمەكمىغۇ مۇشكۇل ،
كالىلار بىرلە سۆھبەتتىن يۈرۈپ چۆللەردە ئۆلگەن خوپ .

- ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي ④

4 . مۇئەللىپلەرنىڭ تۇرمۇش ،تەپەككۇر ، پەلسەپىۋى ھاسىلاتلىرى ئاساسىدا مۇستەقىل بارلىققا كېلىدۇ . ئۇلار ھېكمەت ،ئەقلىيە ۋە تەرمەچلەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .مەسىلەن :

ياشلىق دەۋرى بىلسەڭ بىلىم دەۋرى ،بىلمىسەڭ ئازغۇنلۇق دەۋرى .

- ئابلىكىم روزى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 6-سان .

كىمكى پەندە ئىلگىرىلەپ ،ئەخلاقتا ئاقسىسا ،ئۇ ئالدىغا ئەمەس ،كۆپرەك ئارقىغا كېتىدۇ .

- ئارەستۇ : «تەپەككۇر گۈلشەنى»

دېمەك ، ئافورىزم ياكى تەپەككۇر تامچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەئى ھەر خىل ، مەزمۇن قاتلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ ، مەيلى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا بولسۇن ياكى ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ، ئەدەبىيات ساھەسىدە بولسۇن ھاياتنىڭ ماھىيىتى ،جىسمانىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكتىن شەخسىي مۇناسىۋەتلەرگىچە ،ئىنسانلىق قەدىر-قىممەت تەرەپلىرىدىن ئەخلاقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغىچە ،ئۆمۈر ،ۋاقىت ،خۇشاللىق ، مۇۋەپپەقىيەت ،شان-شەرەپكە مۇئامىلە ،ئېتىقاد ، تەنقىدكە پوزىتسىيە ، ئىنسانىي مەسئۇلىيەت ، ئائىلىۋى مەسئۇلىيەت ،غايە ،ئەمگەك ،ساغلاملىق ، جاسارەت ،جىنايەت ،دانالىق ،خەسىسلىك ، رەھىمدىللىق ، دوستلۇق قاتارلىقلاردىن ئىشتىكى

قەتئىيەت ۋە باللار تەربىيىسىگىچە، ئۆمۈر، ئۈمىد، بېپەرۋالىق، بىلىم، مەنمەنلىك، قىزىقچىلىق، چاقچاق، تەلۋىلىك، تىل، كىتابقا مۇئامىلە، ھەقىقەت، ئادالەت، ھوقۇق، ھەققانىيلىق — ھالاللىقتىن ئىنسانىي پەزىلەت، ۋىجدان، ئىنساب، نىكاھ، مۇھەببەت، قەدىر-قىممەت، ئەخلاق، ئىنسانىي خاراكتېر قاتارلىقلارغىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ بولغان جەمئىيەت، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تاكى ئۇلارغا مۇئامىلە ھەمدە مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىقى مەسىلىلىرىگىچە، ھاياتنىڭ مەقسىتىدىن ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتكىچە بولغان ھايات قىرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئوقۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە بىلگەن ئاقىل ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىقتىكى تۈرلۈك شەيئىي ۋە ۋەقەلەرگە، جەمئىيەتكە، ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆمۈرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئەڭ جانلىق ۋە قولايلىق ھالدا ئەقىل ئۆگىتىپ، يول كۆرسىتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ ئەپچىل يول بىلەن خەلق دانالىقى ياكى دانىشمەنلىكىنىڭ دۇردانىلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزىدۇ.

## 3

ئافورىزملار ناھايىتى كۈچلۈك تەتبىقلىنىش ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە سۆز-ئۇتۇقلاردىن ھەرخىل يازمىلارغىچە بولغان يېزىقچىلىق شەكىللىرىدە مۇۋاپىق ھالدا ستاتا، دەلىل، ئېپىگراف سۈپىتىدە قوللىنىش ئارقىلىق ئاپتورپىكىرىنى دەلىللەش، كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە قايىل قىلىش رولىنى بېجىرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئورگان خەت-ئالاقىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئورگانغا ۋاكالىتەن بېسىلغان تامغىغا ئوخشاش ئەمەلىي نوپۇز ۋە قىممەتكە ئىگە. ف . بودېنشتېدتىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ رولى ھەققىدىكى «ئېنىق بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەر كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىڭىپ قالىدۇ، يىلتىز تارتىدۇ، گۈللەيدۇ، ھوسۇل بېرىدۇ ۋە دائىملىق تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ» دېگەن بايانىدىن بىز بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

دەۋرىمىز ئەدەبىيات ساھەسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بۇ شەكىلنىڭ جۇڭگو جۇملىدىن دىيارىمىزدا بازار ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۈنسايىن مۇكەممەللىشىۋاتقان، ۋاقىت — ئۇنۇم، ۋاقىت — پۇرسەت، ۋاقىت — غەلىبە قارىشى ھەممە كىشىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە بېرىكىپ، ئېپىزوت، ئېتوت، كىچىك ھېكايە، نەسرىي پارچە قاتارلىق ئەپچىل تۈرلەرنى چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك ياقتۇرۇۋاتقان، جەمئىيەتنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش رىتىمى كۈنسايىن تېز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ۋە ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا، يۈكسەك ئالقىشىغا ئېرىشىپ ئالاھىدە مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقى ۋە روناق تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

بۇ قارىشىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر گېزىت-ژۇرنالچىلىقى ساھەسىدە يورۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى نۇرلاندۇرۇپ، دۇنيادىن خەۋەردار بولۇش، ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە ئۆزگىلەرنىمۇ چۈشىنىش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئويناۋاتقان — «شىنجاڭنىڭ ئەينىكى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ھەمدە تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنى ئەڭ نۇقتىلىق ھالدا ئىشلىتىۋاتقان، ھېكمەت ۋە مەنىلەرگە باي مۇنەۋۋەر ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ ھەربىر سانىغا دېگۈدەك بېرىلىۋاتقان «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى «ئەقىل مېۋىلىرى»، «تەپەككۇر تامچىلىرى»، «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «تەپەككۇر مېۋىلىرى» قاتارلىق سەرلەۋھە ياكى ماۋزۇلار ئاستىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەقىل ئۈنچىلىرىنى كۆرۈپ باقساق، كۈنسايىن روناق تېپىپ رەسمىي بىر ژانىرلىق تۈسكە ئىگە بولۇشقا قاراپ سىلجىۋاتقان بۇ تەپەككۇر ئۈنچىلىرىنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچە بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھەقىقىي تولۇق مەنىدىكى ئافورىزم يەنى ھېكمەت، بەزىسى ئادەتتىكىچە تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى ياكى تەرمەچىلەر، ئەقلىيەلەر، تەسىراتلار ئىكەنلىكىنى، تۈر-خىللىرىنىڭمۇ ئىنتايىن كۆپلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن:

1. تەپەككۇر تامچىلىرى
2. چولتا يەكۈنلەر
3. سوغۇق تۇيغۇلار
4. ھايات ھېكمەتلىرى
5. روھ چېقىنلىرى
6. روھ تامچىلىرى
7. سەھەردىكى گۈلدۈرماما
8. تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر
9. ئۈزۈك تىنىقلار
10. تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى
11. قانلىق قاداقلار
12. يارىلانغان چوغلار
13. كۈندىلىك خاتىرەمدىكى تەپەككۇرلاردىن ئۈنچە
14. تەپەككۇر كۆلەڭگۈسى
15. تەپەككۇردىن سۆز
16. تەپەككۇر ساقىندىلىرى
17. ھەقىقەتتىن قەترە
18. تەپەككۇر ھەرىلىرى

19 .ئاداققى ئىدالار
20 .تەپەككۇر دۇردانىلىرى
21 .كارۋان ھېسلىرى
22 .تەپەككۇر يۇلتۇزى
23 .ھېكمەتلەر
24 .تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى
25 .ئاددىي ھەقىقەتلەر
26 .غۇنچە ۋە ھاسىلات
27 .ئەقىل مېۋىلىرى
28 .ھەقىقەت ئىزنالىرى
29 .جۇدالىق قۇرلار
30 .قەلب سۆزلەشمىلىرى
31 .تارىخ ۋە زامان ھېسلىرى
32 .تۈن تىۋىشلىرى
33 .تەپەككۇردىن تەرمىلەر
34 .ئۈزۈك تىنىقلار
35 .تەپەككۇر كۆزى
36 .نومۇس بىخلىرى
37 .ئاياللار مەڭزىدىكى داغ ۋە زىناقلار
38 .تەپەككۇر تىنىقلىرىدا
39 .خىياللار دەپتىرىمدىن پارچە-پۇراتلار
40 .بوۋام شۇنداق دېگەن
41 .غېرىب تىنىقلار
42 .ئاياللار ئاجايىپ دۇنيا
43 .غېرىب تۇيغۇلار
44 .ھېكمەت ئۇنچىلىرى
45 .سەرگەردان ھېسلار
46 .ئېگىزغان نەپەسلەر
47 .سۈكۈناتتىن سادا
48 .تامچا ۋە قامچا
49 .قەلب چوقانلىرى
50 .تەپەككۇر غەلىيانلىرى
51 .تۇرمۇشنىڭ ماڭا ئۆگەتكەنلىرى
52 .تەنھا ھېسلار
53 .تەپەككۇر بىخلىرى
54 .تۇرمۇش ھاسىلاتلىرى
55 .غاپىل تۇيغۇلار
56 .ھەق گەپ -نەق گەپ
57 . يىللار ۋە ئەندىشە
58 . ھاياتلىق ھېسلىرى
59 .غەرەزسىز پىكىر
60 .مېنىڭ تەپەككۇرۇم
61 .تەسكەيدىكى ئەركەك تىنىقلار
62 .تەپەككۇر شولىلىرى
63 .چاچما خىياللار
64 .ئېگىزغان نەپەسلەر
65 .ئوغلۇمغا دەيدىغانلىرىم
66 .ئۈزۈك ئۇلانمىلار
67 .ساڭا دەيدىغانلىرىم
68 .ئەركىن پىكىرلەر
69 .روھ چېقىنلىرى
70 .خاتىرەمدىن تەرمەچلەر
71 .ھايات ھەقىقەتلىرى
72 .تۇرمۇش سۈرەتلىرى
73 .پارچە-پۇرات تەسىراتلار
74 .چۇچۇك مېۋىلەر
75 .قەلبىمدىكى پىغانلىق ھېسلار
76 .بىمەنىلىك
77 .سەزگۈ تەرمەچلىرى
78 .كەمتۈك پىكىرلەر
79 .ئەقىل تەرمەچلىرى
80 .تەسىراتتىن بىر كەلىمە
81 .تۈن تىۋىشلىرى
82 .دۇردانىلەر

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «ئانامغا دەيدىغانلىرىم» ، «مۇھەببەت ھەققىدە مەردانە خىياللار» ، «ھەممە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلايلى» قاتارلىق ماۋزۇ-نامىلارمۇ خېلى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان شۇنچە كۆپ سەرلەۋھە نامى ھەر بىرى پەقەت بىر ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ياكى نامىلا ئەمەس بەلكى «تەپەككۇر كۆزى »سەھىپىسى ئىچىدىكى تەكرار ئىشلىتىلىدىغان سەھىپىلەردىن ئىبارەت . تېما ھەم ھاسىلاتلارنىڭ رەڭدارلىقى سەرلەۋھەلەرنىڭ رەڭدارلىقىنى بەلگىلەيدۇ .

ئۇلاردىن باشقا بۇ ماۋزۇلار ياكى سەرلەۋھە ئىچىدە يەنە كۆپلىگەن كونكرېت ماۋزۇلار بار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز توختىلىۋاتقان بۇ تۈرنىڭ كونكرېتنى ئاتىلىشى .تەپەككۇر سەھىپىسىدىكى مۇتلەق كۆپ ئەقلىيەلەر ياكى تامچىلار «تەپەككۇر تامچىلىرى» ، «تەپەككۇر مېۋىلىرى »نامى بىلەن ئاتالغان . يەنە بەزىلىرى سەھىپە بېشىنى چېتىپلا ماۋزۇسىز بېرىلگەن .

## 4

ئەمدى بۇلارنىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك ، بۇ كونا ئەمما يېڭىدىن روناق تېپىۋاتقان شەكىلنىڭ مەزمۇنەن ئىپادىلىنىشى شۇنچىلىك رەڭدار ،ئۇلارنىڭ بەزىسى گويا ئاپتورىنىڭ كىم ، قانداق مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەلسەپىۋى كۆزىتىشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش جەھەتتىكى تىرەنلىكى ، ھەجىم جەھەتتىكى ئىخچاملىقى بىلەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بەزى مۇكەممەل ئافورىزملار-غا خېلىلا يېقىن تۇرىدۇ .مەسىلەن :

- دوزاق نېمە ؟
- ئۈمىدسىزلىك .

- زۆھرەگۈل ئەخەت: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 6-سان.

ياخشىلىق — ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغان خاسىيەتلىك دورا.

- مۇھەممەتجان ھېكىم: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىل 2-سان.

تەمەننا — داغدام يولدىكى ھاڭ.

- مۇھەممەتجان توختى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىل 2-سان

ھۇرۇنلۇق — بەختسىزلىكنىڭ ئانىسى.

- ئابدۇرېھىم قادىر: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 3-سان.

پۇرسەت گويا بىر چاقماق، لىپ قىلىپ ئۆچەر، تەس ئۇنى تاپماق.

- مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىل 3-سان.

بۇ خىلدىكى ھېكمەتلەر مۇئەللىپنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئەڭ ئېنىق ۋە بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇنداق تامچىلارنى ھەقىقىي ئافورىزم ياكى تەپەككۇر دۇردانىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇلار خۇددى «دېھقان بولساڭ كۆز ھەيدە، كۆز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە» دېگەن ھېكمەتلەرگە ئوخشاش ئىبرەتلىك ھەم ھېكمەتلىك.

ئافورىزملارنىڭ 2-خىلى جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن سەل ئۇزۇنراق بولۇپ، ئوي-پىكرىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىشمۇ ياكى ۋاستىلىق تۈستە ئىپادىلەپ بېرىشمۇ مۇمكىن. يەنە بەزىلىرى خېلىلا ئىخچاملىنىشقا قارىماي ئوي-پىكرىنى ئوبرازلىق ۋە كونكرېت ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەسىلەن:

ئادەم گۆشتۇر، ئېتىقاد ئۇمۇرتقا.

- ئابدۇرەقىپ ئابدۇغەنى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 3-سان.

چۆگۈن تاشسا ئۆزىنىڭ بويىنىغا تاشىدۇ، دېيىش ھەقىقەتكە قىلىنغان ھاقارەتتۇر. ئويلاپ باقمامدۇق، ئۇ تېشىشقا سەۋەب بولغان ئوتنى ئۆچۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟!

- غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك): «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 6-سان.

مانا بۇ خىلدىكى تەرمەچلەر ۋاستىلىق، كونكرېت، ئوبرازلىق بولۇپ، ئوقۇرمەننى مۇئەللىپنىڭ پىكرىگە ياندىشتۇرۇپ چوڭقۇر ئويلىنىشقا يېتەكلەش قىممىتى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىك.

تەپەككۇر تەرمەچلىرىنىڭ 3-خىلى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ مۇئەللىپنىڭ تەپەككۇر ئەلگىكىدىن ئۆتكەن جەۋھەرلەرنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك، پەلسەپىۋى مەزمۇنغا تويۇنغان كىچىك ھېكايە، ۋەقەلىك ياكى ۋەقە پارچىسىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ بىر قارىسا كىچىك ھەجىمدىكى ئەدەبىي ئەسەرگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئىنچىكىلەپ مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇ تەپەككۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، رېئاللىق تەگنىدە يۇغۇرۇلۇپ ۋايىغا يەتكەن خېمىر ھاسىلاتىغا ئوخشايدۇ. ئۇ، كىشىنىڭ مەيلىنى شۇنچىلىك تارتىدۇ ۋە مەسىلىگە باغلاپ قايتا ئىجادىي پىكىر قىلىشقا ۋە قايىل بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. مەسىلەن:

«زەھەرلىك يىلان» ماۋزۇلۇق تەپەككۇر مېۋىسىگە قاراپ باقايلى:

مەن تەجرىبىلىك بىر ئوۋچىدىن سورىدىم:

- يىلاننى ئۇچراتقىنىمىزدا ئۇنىڭ زەھەرلىك ياكى زەھەرسىز يىلان ئىكەنلىكىنى قانداق پەقلەندۈرىمىز؟

- ناھايىتى ئاسان. سېنىڭ شەپەڭنى سېزىپ دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپلا قاچقان يىلان زەھەرسىز يىلان. بېشىنى چاتقالنىڭ ئىچىگە تىقىپ قۇيرۇقىنى چىقىرىپ، يوشۇرۇنۇۋالغان يىلان سۆزسىز زەھەرلىك يىلان. ئەڭ ياخشىسى سەن دەرھال ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، — دېدى ئوۋچى.

مەن يەنە ئوۋچىدىن سورىدىم:

-مىسال ئۈچۈن بىر قانچەيلەن چاتقاللىقتا ماڭدۇق دەيلى. زەھەرلىك يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىدىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئالدىدا ماڭغان يولباشچى بولغاندىكىن، ئارقىدا ئەگىشىپ ماڭغانلار ئەنسىرىمىسىمۇ بولغىدەك-ھە؟

- ياق. زەھەرلىك يىلان چاتقاللىقتا يول باشلاپ ماڭغۇچىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن ھامان ئالدىراپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلمايدۇ. ئەكسىچە، دەرھال باش قىسمىنى يوشۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك پۇرسىتىنى كۈتۈپ، يولباشچىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، — دېدى ئوۋچى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ يەنە چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

- زەھەرلىك يىلانمۇ خۇددى دۈشمەنگە ئوخشايدۇ. دۈشمىنىڭ ساڭا ئالدىراپ ھۇجۇم قىلمايدۇ. سەن دۈشمىنىڭنىڭ بىپەرۋالىقىنى كۆرۈپلا: «ماڭا ۋاقىتىنچە خېيىمخەتەر بولمايدىكەن» دەپ ھوشيارلىقىڭنى سۇسلاشتۇرۇپ، مۇداپىئەسىز قالما. كونىلار ئېيتقاندەك: ئىت ھامان ئىتلىقىنى قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئالدىنقىلارنىڭ كەم ئەقىللىقى، سەۋەنلىكلىرىدىن كېيىنكىلەر تولدۇرۇۋالغۇسىز پۇشايمان ۋە ئازارچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. بۇ خۇددى بىزدىكى «ئەجدادى ئوق يېگەن، ئەۋلادى پوق يېگەن» دېگەن ماقالنىڭ نەق ئۆزى شۇ.

- ئابدۇرېشىت ئوسمان: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىل 1-سان.

ئاپتورنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى قارىشى ۋاستىلىق ھالدا

www.uyghurkitap.com

يەكۈنلەنگەن بۇ خىل تەرمەچىلەر ئۇقۇرمەننى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە قايىل قىلىدۇ.

بۇ خىلدىكى تەرمەچىلەرنىڭ يەنە بەزىلىرى قىزىقارلىق ۋەقەلىك ئۈستىدە يۇمۇرىستىك تىللار ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى نامۇۋاپىقلىقلارنى كىنايە قىلىش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 1-سانىدىكى «چوڭ بولغاندا سەمرىيمەن»، «ئەمەلىي ياردەم» قاتارلىقلار.

تەپەككۇر مېۋىلىرىنىڭ 4-خىلى. ئۇنىڭدا ۋەقەلىك بولمايدۇ. ئەمما ھەجمى ئۇزۇنراق بولۇپ، مەلۇم مەسىلە ياكى قاراش ھەققىدە خېلى مۇكەممەل مۇلاھىزىگە ئورۇن بېرىدۇ. بۇنداق تەرمەچىلەر پەقەت ئوقۇرمەننى بىۋاستە قايىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 1-سانىدىكى «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» سەھىپىسىگە بېرىلگەن ئابلەت قەييۇمنىڭ «ئويلىنىش» سەرلەۋھىلىك تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى بىلەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2003-يىل 4-سانىدىكى ئابابەكرى ئابدۇقادىرنىڭ «ھەيران قالدىم» قاتارلىق تەرمەچىلەرگە ئوخشاش. ۋنىڭدىن باشقا «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە بېرىلىۋاتقان بىر قىسىم ئەسەرلەر يۇقىرىقى تۆت خىلغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلاربىر قەدەر چوڭ ھەجىمدىكى ماقالىلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ھەرگىز ئاپتورنىڭ تەپەككۇر ئەينىكىدىن يالت قىلىپ ئۆتكەن ھاسىلات بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت، جەمئىيەت، مىللەت، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ئىجتىمائىي ئاڭ، قانۇن، پۇقرا، تارىخ، كەلگۈسى ۋە باشقىلار ھەققىدىكى تەپەككۇر جەريانى، قاراشلىرى ئوقۇرمەنلەرنى كەڭ-كۇشادە ھالدا ئورتاقلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇنداق ئەسەرلەر ماقالىدىكى تەپەككۇر قاتلىمى ۋە سالمىقى بىلەن ئوخشاشلا قىممەتلىك. مەسىلەن ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىينىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 4-سانىدىكى «كۆزنىڭ ئىچىدىكى كۆز، سۆزنىڭ ئىچىدىكى سۆز» ماۋزۇلۇق سەپەر تەرمەچىلىرى، يەنە مۇتەللىپ ئىقبالنىڭ بۇ ژۇرنالنىڭ 2003-يىل 6-سانىدىكى «تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەم» سەرلەۋھىلىك تەپەككۇر دەۋەتلىرىگە ئوخشاش.

تەپەككۇر مېۋىلىرىنى مەزمۇن ۋە ئىپادىلىنىش-تىكى پەرق نۇقتىسىدىن خېلى كۆپ تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. ئەمما بۇلار يەنىلا يۇقىرىقى تۆت نۇقتىدىن يىراقلاپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاياتلىق، تارىخ، ئىنسانىي پەزىلەت... قاتارلىق كەڭ ساھەلەر بويىچە ئاپتورلارنىڭ كۆزىتىشلىرى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ قايىل قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بۇ شەكىلدىكى بەزى ئافورىزملار گويا نەچچە قىسىملىق رومان، تىرىلوگىيە، نەچچە قىسىملىق كىنو ياكى چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرى ۋە ياكى مۇرەككەپ ھېكايە-پوۋېستلار، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا يېزىلغان بەزى ئىلمىي، پەلسەپىۋى ماقالىلارنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش مول مەنالارنى قىسقا بىر-ئىككى قۇر ياكى جۈملىگە يىغىنچاقلاپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەنمۇ قىممەتلىك.

بۇنداق تەپەككۇر تامچىلىرى ئاپتورنىڭ تەپەككۇر ئەينىكىدىن يالت قىلىپ ئۆتكەن نۇردەك ياكى ھېقىقەتەك سۇزۇك ھېسلار بولۇشىمۇ، تەپەككۇر ئەلگىكىدە قايتا-قايتا تاسقالغان جەۋھەرلەر بولۇشىمۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي مەنىدىكى ھېكمەتلەرگە تولغان ئافورىزم بولۇشىمۇ ۋەياكى ھايات ھېسلىرى، تەپەككۇر شولىلىرى سوۋغا قىلغان تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىك ۋە مەنتىقىي تەرەققىياتى چۈشىنىشلىك قىلىپ يىغىنچاقلاپ بېرىلگەن تاسادىپىي تەرمەچىلەر، ئەقلىيەلەر، ئىبرەتلەر، ئاتىلار سۆزى ۋە پەلسەپىلىك تەۋسىيەلەر، ھەتتا جەمئىيەت ئەھۋالى، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر، باشقىلار ۋە ئۆزىمىز، تەرەققىيات ۋە زىددىيەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىگە ئىگە ماقالالار بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭ.

ئەخلاقسىز گۈزەل قولۇڭدىكى مۇچ (لازا) غا ئوخشايدۇ. ئىچىڭنىڭ ئېچىشىشىغا چىدىساڭ يېگىن.

— كەنجى خۇمارجان: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 2-سان.

نادان ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى قۇربانلىق مالدۇر.

— يۇسۇپجان سەمەت: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2004-يىل 2-سان.

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،
كۆرمىگەننى كۆرۈرسەن ئۆلمىگىنىڭ.
دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مەزكۇر ماقالىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يۇزگە يېقىن «تەپەككۇر مېۋىلىرى» نامى بىزنىڭ يۇقىرىقى قارىشىمىزنى دەلىللەيدۇ. دەرۋەقە تەپەككۇر ئۇقۇمى بىلەن ئېنىقلانغان بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرىنى ئاپتورلار ئۆزلىرى قويغان بولۇشى، بەزىلىرىنى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىگە ئاساسەن مۇھەررىرلىرىمىز قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. نېمىلا بولمىسۇن، بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا ماۋزۇغا خاس بەلگىلىك پەرقلىق خۇسۇسىيەت بار.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ دېيىش زۆرۈركى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئافورىزملارنىڭ ئۆزى تەپەككۇر دۇردانىلىرى ياكى ھېكمەتلەر بولۇپ، گويا قىرلىق ئەينەك ياكى خرۇستالدەك چاقنايدۇ. ئۇ ساپلىقى، سۇزۇك ۋە نۇرلۇقلىقى بىلەن ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە خاتىرىدە ساقلىنىدۇ ۋە يۇكسەك دەرىجىدە

ئىشلىتىش، تەتبىقلىنىش، قايىل قىلىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىۋاتقان يەنە بەزى تەرمىچىلەرنىڭ خېلى زور قىممىتى بولسىمۇ، ئەمما زامان، ماكان، دەۋر خاسلىقى كۈچلۈك، پىكىر نىسبەتەن تېيىز، مەزمۇنى ئاددىيراق، بەزىلىرىنىڭ ھەجمىمۇ ئۇزۇنراق. ئۇلار رېئاللىقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىسىمۇ، ئەمما ئەبەدىيلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىشى ناتايىن. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى يوق، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئافورىزملىق خۇسۇسىيىتى كەمچىلرەك.

بۇيەردە يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، ئافورىزملار ۋە تەپەككۇر ئۇقۇمى بىلەن ئېنىقلانغان ھاسىلاتلارنىڭ ھەممىسىلا تەپەككۇر مېۋىلىرىدۇر. ئۇلار ئىپادىلىنىش جەھەتتىن قىسقا نەسرلەر ياكى نەسرىي پارچىلارغا ئوخشىشىپمۇ قالىدۇ. ئەمما ئۇلار ھەرگىز قىسقا نەسر ياكى نەسرىي پارچىنىڭ ئۆزى ئەمەس. چۈنكى نەسرلەر بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن تەپەككۇر مېۋىلىرىدىن تۈپلۈك پەرقلىنىدۇ. ئېنىقكى، شەيئىيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۆز ئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەكىللەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىمچە پەرقلىرىنى بىلىۋېلىش، ئۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا شۇنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ-سۆزلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى ئىپادىلەشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان مەنىۋى رىشتە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى دوستىغا ئايلاندى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دېسە بىرەر قېتىم قولىغا ئالمايدىغان، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇپ باقمايدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك. بولۇپمۇ قەشقەردىكى قىز-ئاياللارنىڭ ھەرخىل سورۇنلىرىدا مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھەرخىل تېمىدىكى ئەسەرلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇنازىرىلىشىدىغان، پىكىر ئالماشتۇرىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ. بولۇپمۇ ئافورىستىك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقىدەك يۈزگە يېقىن كۆزنەك سەھىپىدە ئېلان قىلىنغان ھېكمەتلەردىن ئۆزى خالىغانلىرىنى يادلىۋېلىپ، ئۇنى سورۇنغا تەتبىقلاپ، سورۇن ئەھلىنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدىغان، ئەھمىيەتلىك ۋە ئىلمىي پاراڭلار ئارقىلىق سورۇنغا مەنىۋى تۈس بېرىدىغان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. بۇنداق تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر جەمئىيەتتە خېلى كۆپ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: يۇقىرىقىلار مېنىڭ «تەپەككۇر» ھاسىلاتلىرى بەرگەن ئىلھاملار ئاساسىدىكى تەپەككۇر ۋە تەھلىلىي چۆكمىلىرىم. چۈنكى تىرەن مەنىلەرگە باي ھەم رەڭدار تەپەككۇرغا بېيىغان «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى تەرمىچىلەر رەڭدار بولغىنىغا ئوخشاش، تەپەككۇر ۋە تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ھەققىدىكى تەھلىل مۇھاكىمىلەر، ئادەملەرنى ئىنساندەك پىكىر قىلىپ ياشاشقا تەۋسىيە قىلىدىغان تەپەككۇرانە دەۋەتلەرمۇ ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەتقىقاتنىڭ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە تەپەككۇر شەكىللىرى، تەپەككۇرنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى رولى قاتارلىقلار ھەققىدىكى بىلىشى ۋە ئىشىنىشنىڭ كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مېنىڭ دەسلەپكى، يۈزەكى ۋە كىچىككىنە ئىزدىنىشىمنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ بارغۇسى دېگەن ئۈمىدتىمەن.

## پايدىلانغان مەنبەلەر ۋە ستاتا مەنبەلىرى

1. «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى1988-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە.
2. «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە.
3. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتى.
4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
5. «قۇتادغۇبىلىك ھەققىدە بايان»، 1-، 2-، 3-، 4-توم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، ئۇيغۇرچە.
6. «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، ئۇيغۇرچە.
7. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
①③ «تەپەككۇر گۈلشەنى».
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»1-توم.
④ «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى».

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى(M2)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قىزىق نۇقتا ھەققىدە سۆھبەت» پروگراممىسىنى كۆرۈپ ، ھەقنى سۆزلەيدىغان ئاخبارات ۋاستىسى بار دۆلەتنىڭ بىر پۇقراسى بولغانلىقىمدىن پەخىرلەنسەم ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندا ، ئەل قەلبىدىكىنى يېزىپ ھەقنى ياقلاپ خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋاتقان بايراقدار نەشر ئەپكارى بار بولغان مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن .

ـ ئەيساجان نىزامىددىن

---

ئاپتور :شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي رايون ئېلېكتر ـ تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئېلېكتر تېخنىكىسى 2000ـيىللىق 4ـسىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر كۆزى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ كۆچلۈكلەر «ھۆررا» ئۈچۈن ، ئاجىزلار «تۇۋا» ئۈچۈن ياراldىمىكىن ؟

▲ ئاجىز ئادەملەر قاچان غەلىبە قىلىدىكىن ؟

ـ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى بايقىيالىغاندا .

▲ئىت ئۆز خوجىسىغا قانچىلىك قۇللۇق قىلمىسۇن، ئاچلىق ھامان ئۇنى خوجىسىنىڭ پاقالچىقىدىن ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

▲ باشقىلار ماختىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ياخشى بولۇشى ناتايىن، ئەمما ياخشى دەپ قارالغانلارنىڭ زور كۆپىنچىسى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ماھىيەتنى يوشۇرۇشقا ماھىر كىشىلەردۇر.

▲ئون قېتىم ھاياجانلىنىشتىن بىر قېتىم ئويلىنىش ئەلا.

▲باشقىلارنىڭ چىرايلىق سۆزىگە قاراپ ئالدىراپ ياخشى دېمىگىن. تارىختا قارساڭ، ئەڭ خۇنخور جاللاتلار ئەڭ شېرىن سۆزلەر ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلغان.

▲جەمئىيەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن باللار جىنايەتكە قاراپ ماڭسا، ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن باللار ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

▲تارىختىن مەلۇمكى، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلالمىغانلار، مۇقەررەركى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

▲شەيئىينىڭ يالىڭاچلىنىشى ئادەمنىڭ شۇ شەيئىگە بولغان قىزىقىشىنى يوقىتىدۇ.

▲بەشبۇرجەكلىك بىنا ئىراقتىكى پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇسىغا راكېتا ئاتسا، ھوللىۋۇد ئېتىقادىنىڭ تايىنى يوق ئاجىزلارنىڭ ۋۇجۇدىغا راكېتا ئېتىۋاتىدۇ.

▲ئۆز-ئۆزىنى قوتقۇزغانلار ھەقىقىي غالىبلاردۇر، باشقىلارنى قوتقۇزغانلار ئالىيجانابلار-دۇر، ئۆزىنىمۇ ھەم باشقىلارنىمۇ ھەقىقىي تۇردە قوتقۇزالايدىغانلار ئارىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.

▲ئادەم مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدا غەلىبە قىلالمايدۇ:

1. باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىگە قامالغاندا.

2. ھاياجانلىنىپ ئاسانلار بىر ئىشقا قول سالغاندا.

3. سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ ئېغىر سىنىقىدا قالغاندا.

▲ئوغۇللار قىزلارغا قاش ئاتسا كومېدىيە، قىزلار ئوغۇللارغا قاش ئاتسا تراگېدىيە مەيدانغا كېلىدۇ.

▲ تارىخىمىزدا تار مەنىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقىمىكىن، ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاۋاتىدۇ.

▲سەھرالار شەھەرلەرگە ئايلانماقتا، شەھەردىكى ئادەملەر مېخانىكىلاشماقتا. مانا بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئاچچىق رېئاللىقىمىز.

▲نېمە ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ چوڭ-كىچىك ئاپتورلىرى يىلسېرى كۆپىيىدۇ؟ چۈنكى بۇ ژۇرنال رەھبەرلەرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ئەڭ كۆپ سانلىق ئاممىنىڭ يەنى دېھقانلارنىڭ تۈپ - ھەقىقىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەق گەپ قىلالىدى ئەمەسمۇ!

▲ ئېتىقادى سۇسلاشقان ئەلنىڭ ئاياللىرى پايخانە، ئەرلىرى سەرسانە، دانىشمەنلىرى دىۋانە ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

▲غەم قىلغان ئاجىز ئەمەس، غەم قىلالمىغان ھەقىقىي ئاجىزدۇر.

▲كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى خارلايدىغان، چوڭلار كىچىكلەرنى ئالدايدىغان جەمئىيەتتە ئادالەت نېمىش قىلسۇن؟

▲ساڭا بىرسى ئۆز كۆڭلىنى ھەدىيە قىلدى. ئەمما سەن قوبۇل قىلمىدىڭ. ئەمما سەن ئۇنىڭدىن ئايىغان كۆڭلۈڭنى باشقا بىرسىگە بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ قالدىڭ، ئەمما ئۇ ئېلىشنى خالىمىدى. سەن شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەببەت ئازابىنىڭ مەنبەسى بوپقالدىڭ.

▲ئۇلۇغ ئىشلار قورقۇمسىز يۈرەكلەر بولغاچقىلا ۋۇجۇدقا چىققان.

▲سەن ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەندە بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالماسلىقنىڭ راستىنلا ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن.

▲ پەرزەنتلەرگە قىلغان بىر قېتىملىق ئېسىل تەربىيىنىڭ خاسىيىتى ئۇلارنى كەلگۈسىدىكى بىر قېتىملىق زور پاجىئەدىن ساقلاپ قالىدۇ.

▲تەبىئىي پەنى تەرەققىي قىلغان مىللەت يوقالمايدۇ، ئىجتىمائىي پەنى ۋايىغا يەتكەن مىللەت ئۇنتۇلمايدۇ.

▲موھتاجلىقتا قالماسلىق ئۈچۈن موھتاج بولماسلىق كېرەك. شۇڭا قولۇڭدا بارنى چىڭ تۇت.

▲ دانىشمەنلىرىمىز ھەرگىز يۇلتۇزغا ئوخشاپ قالمىسۇن. چۈنكى بىز ئۇلارغا ئەڭ موھتاج بولىدىغان بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئۇلار بولمىسا مەنزىلگە قانداقمۇ تېنىمەي يېتىپ بارغۇلۇق؟

▲سۆز بىلەن ھەممە ئىشنى باشقا ئاچىققىلى بولسا پۇتنىڭ نېمە كېرىكى؟

▲قويلارنىڭ قورسىقىنى زىيادە تويغۇزۇش ئادەملەرنىڭ نەپسى ئېھتىياجى. ئادەملەرنىڭ قورسىقىنى زىيادە تويغۇزۇشنىڭ باردۇر نېمە ۋەجى؟!

▲ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلارغا قىلالايدىغان ياردىمى پەقەتلا ياخشى تىلەك.

▲تارىختىن مەلۇمكى، ئاجىزلارنىڭ تارىخنى كۈچلۈكلەر يازغاچقا ئۇنىڭ چىنلىقىدىن ساختىلىقى كۆپ بولىدۇ.

- شىرمۇھەممەت تۇردى (تارىم)

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق (A) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

www.uyghurkitap.com

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ مىللىتىمىزنىڭ سەرخىل ئوغۇل-قىزلىرى بىلەن تونۇشۇشنى ئويلىساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغىن.

▲ ھەيۋەتلىك مۇقاۋىلانغان نەچچە يۈز بەتلىك بەزى رومانلىرىمىزدىكى مەزمۇنلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەھىپىسىگە بېرىلگەن بىر نەچچە قۇر ھېكمەتلىك سۆزلەرچىلىك كىشىگە زوق ئاتا قىلالمايۋاتىدۇ.

▲ شائىرلىقىڭنى بىلدۈرىمەن دەپ باشقىلارغا پەش قىلىپ يۈرمە. ئەگەر خەلقىڭنىڭ كۆڭلىگە ياقىدەك شېئىرلارنى يازالىغان بولساڭ شېئىرلىرىڭنى خەلق ئۆزى تېپىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇيدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن، روزى سايىت شېئىرلىرى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

- ئەبەيدۇللا نىزام

---

ئاپتور: شىخو شەھەر 6-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئويلار

▲ ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشىغا موھتاج. چۈنكى ھېسسىيات جەھەتتە ئەزەلدىن ئاياللار ئەرلەرنى بېقىندۇرۇپ كەلگەن.

▲ تەقدىرنىڭ تاپانچىسىدا پەقەت بىر پايلا ئوق بار. ئېتىلغاندا بىر ئادەم ئۆلەر، ئېتىلمىغاندا مىڭ ئادەم.

▲ ئاياللار قۇل بولۇشقا رازىكى، قۇللارنى سۆيمەيدۇ.

▲ قۇياش - يېيىشكە بولمايدىغان نان، ۋەتەن - بېرىشكە بولمايدىغان جان.

▲ ۋەتىنى يوق - ئىت، ئۆيى يوق - مۈشۈك.

▲ ئادەم بەكمۇ ئاجىز ماشىنا، ماشىنا بەكمۇ يېقىمسىز ئادەم.

▲ قەپەستىكى قۇشنىڭ ئۈنى - ئەڭ نادىر زۇۋان. بۇ، سەنئەتنىڭ ئېچىنىشلىق جەريانى.

▲ ئېتىقاد - ئوق ئۆتمەيدىغان قالقان.

▲ ئۆلۈم - جان بايرىمى.

▲ سەنئەت ئەزەلدىن ئاچ-يالىڭاچ ۋە ماكانسىز.

▲ ئىبادەت، سىياسەت، تىجارەت ئالمىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ ئۆلۈم دەرۋازىسىنى تاقىمايدۇ.

▲ قىزلار تېنىدىن زېرىكمەكتە.

▲ ئىنسان ئايىغىدىن ئۇزۇن يول يوق، ئىنسان بويىدىن ئېگىز تاغ يوق.

▲ ئىنسانىيەتنىڭ قۇچاقلاشقۇسى بار، لېكىن مىلتىق - نەيزىسى تاقىشىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاشقانچە ئېتىقاد ساۋاتسىز بوپقالماقتا.

▲ ھايات يالىڭاچلىنىپ ئايالغا ئايلانماقتا، ياشار ئۇندا ئەركەكلەر سەرسان.

▲ قىزلار ئىشتانبېغىنى يىتتۇرۇۋەتتى.

▲ كۆز يېشى رېئاللىقنى يىرگىنىشلىك ۋە پاتقاق قىلىۋېتىدۇ.

▲ نۇر چېچىشنى بىلمىسەڭ، باشقىلارنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ ياشايسەن.

▲ پېشانەمدىكى داستانلارنى ئوقۇپ، خۇدانىڭ ئەڭ كاتتا رېئالىزم شائىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

- غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزىسىدا، دېھقان

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى سۆيۈندۈرەلىگەنلەر قەدىرلىك، باشقىلارغا ئۈمىد ئاتا قىلالىغانلار سۆيۈملۈك بولىدۇ.

▲ مەنسەپدارلارنىڭ «پىكىر ساندۇقى»نى ئېسىپ قويۇپ ئاچقۇچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقىغا قاراپ دېموكراتىيىنىڭ ساختىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

▲ قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزگەنلەر ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەچكە چاندۇرماي خىلاپلىق قىلالايدۇ.

▲ دۇنيانىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىدىيىۋى تونۇشنىڭ كۆپخىللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

▲ ئىنسانلارنىڭ رەزىللىكىنى جانىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ياسىغان دورىلارنىمۇ ساختا ياسىغانلىقىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ ئەقلىي بالاغىتى ھاياجانلانغان چاغدىكى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئاددىي ئىشلاردىن ئاددىي بولمىغان يەكۈنلەرنى چىقىرىش ئىجادكارغا خاس ئالاھىدىلىكتۇر.

▲ چىرايلىق سۆزلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئالداپ يېيىش تاشنى يالاپ تېشىشكە ئوخشايدۇ.

▲ ھازىرقى ئىدارە-ئورگانلاردىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىشلەيدىغانلاردىن كۆپ بولۇشى تەرەققىيات پەيدا قىلغان زامانىۋى قۇللۇق تۈزۈمدۇر.

▲ دۇنيادا باشقىلارنى چۈشىنىشتىن ئۆزىنى چۈشىنىش قىيىن. چۈنكى ئۆزىنى ئەپۇ قىلىش ئاسان، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىش تەس.

▲ ئارقاڭدىكى ئىزلىرىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالساڭ، ئالدىڭدا باشقىلارنىڭ ئىزىنى كۆرىسەن.

▲ زۇلۇم ئىلمىيلاشقاندا ئالدامچىلىقتا يۈزلىنىدۇ.

▲ بىرپارچە شېئىر پەيلاسوپلارنىڭ ئېغىزىدىكى بىر جۈملە سۆزدۇر.

▲ خائىنلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئەڭ يېقىن

كىشىلەرگە ساتقىنلىق قىلىدۇ .

▲ ئۈمىد - روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك .

▲ مەنسەپدارلاردىن ئەڭ قورقۇپ يۈرىدىغان كىشىلەر بىلىمسىزلەر ۋە خۇشامەتچىلەردۇر .

▲ قانۇننىڭ ھۆرمىتى ئىنسانىي قەدىر-قىممەتنى ھەقىقىي قوغدىيالىغاندا ئاندىن تىكلىنىدۇ .

▲ دەسلەپتە ساڭا قىيىن تۇيۇلغان ئىشلار باشقىلار قىلىپ نەتىجە قازانغاندىن كېيىن ئاسان بىلىنسە ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەتنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىنىدىغانلىقىڭنى قىياس قىلساڭ بولىدۇ .

▲ مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىدىغان مىللەتلەردە ئەڭ ئاۋۋال ئاياللار كىيىم-كېچەكتە ، ئەرلەر ئەيش - ئىشرەتتە بەسلىشىدۇ .

▲ بالىلار ئەخلاقنى ئائىلىدىن ، ئەقىلنى مەكتەپتىن ،سۆزلەشنى جەمئىيەتتىن ئۆگىنىدۇ . ئاندىن قانداق ياشاشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ .

▲ ئەدەبىياتىمىزدىكى «خەۋەر يازىدىغان شائىر» لار ۋە قەسىدىچىلەر شېئىرىيەت كوچىسىدىكى تىلەمچىلەردۇر .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، بىلىملىكلەر ئۆچمەنلەشكەن دەۋردە ھۆكۈمرانلارنىڭ قىلىچىدىن دائىم قان پۇراپ تۇرىدۇ .

- قۇربان ئابلىمىت

---

ئاپتور :يېڭىشەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

▲ يۈرەكلىك گەپ قىلىشقا بولمىغان يەردىن يۈرەكلىق ئىش قىلىدىغان ئادەمنى تاپماق قىيىن . ئەركىن پىكىر يۈرگۈزەلمىگەن ئادەملەردە ئىجادچانلىق روھى بولۇشى تەس . چۈنكى ئادەملەر ماشىنا ئادەمنى ياساپ ئۇنىڭدىن پايدىلاندى ،لېكىن ھازىرغىچىلىك بىرەر ماشىنا ئادەم بىرەر يېڭى كەشپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ باقمىدى .

▲ تۇتالىساڭ ھەلقۇم يېرىدىن ،
ۋەھشىي يولۋاس بولۇر بىچارە .
تۇتالمىساڭ ئاجىز يېرىدىن ،
توشقان جېنىدا قىلار ئاۋارە .

▲ مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالىيجاناب غايە - ئېتىقادىڭنى يوقاتما . سەپسەتە چىقارغان تەتۈر قۇيۇن ،قۇم-بورانلار ھامان توختايدۇ . كارۋانلارنىڭ قۇملۇقلاردا بوران چىققاندا تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ قىمىر قىلماي جىم تۇرۇۋېلىشىمۇ چوڭ بىر ھەقىقەت .

▲ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى ئاز ئويلا ، قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى كۆپ ئويلا ،شۇنداق قىلساڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭ ئاسانلىشىدۇ .

▲ ئېتىقادسىز ئادەم قەسەمگە ئۇستا ،ۋەدىگە ماھىر ،ئالداشقا قادىر كېلىدۇ .

▲ قىلىچ ھېچقاچان سازغا تەسلىم بولمايدۇ .

▲ سېنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىڭ تۇرمۇشنى نېمىگە ئوخشىتىشىڭ بىلەن باغلىق .

- مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە

## تۇيغۇ پەرىشتىسى

▲ نوچى بولۇش ئۈچۈن ئۇ ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىش ھاجەت ئەمەس ، يېڭى بىر يول بىلەن مەنزىلگە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق بارساق بولۇۋېرىدۇ .

▲ ئالداش ئالدانغانلارنىڭ نۇرغۇن ھەسرەتلەر-دىن كېيىن ئېرىشكەن پاتېنت ھوقۇقى .

▲ ناۋادا مەن كومپاس بوپقالغان بولسام ئىدىم ، بايلىق ئىزدىگۈچىلەرگە ئۆزىنىڭ كاللىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولار ئىدىم .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ،ئۆز تەقدىرىنى يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشقا ئەمەس بەلكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە باغلىغان مىللەت ، ئاقىۋەتتە باشقىلارنىڭ كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن خارابلىشىدىغان قونچاقتۇر .

▲ بىر ئالىم بىر ئېشەككە ئون يىل دەرس ئۆتكەندى ،ئېشەك يەنىلا ھاڭراشتىن باشقىنى بىلمىدى . بىر ئىت بىر كىچىك بالىنى قورقۇتۇپ قويغانىدى ،ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شۇ مەھەللىدىن تاياق كۆتۈرۈپ ئۆتىدىغان بولدى . دېمىسىمۇ ئادەملىك بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى بەكلا كىچىك يەردە .

- ئەلى روزى تەركىي

---

ئاپتور : شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە 53-پولك (مارالبېشى - پىچاقۇندى) دوختۇرخانىسىنىڭ ۋىراچى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ بىر كىشىنى چۈشەنمەي ھەسەت قىلىش ھەسەت قىلغۇچىنىڭ بىلىمسىز - نادانلىقىنى ، چۈشىنىپ ھەسەت قىلىش قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقەتەن قالتىسلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ .

▲ يېڭىنى ئالماشتۇرمىغىچە كونىنىڭ كونىلىقى چانمايدۇ .

▲ تويىنىڭ مۇھەببەتنىڭ گۆرىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەب - قەلبلەر ئىنتىلىشىنىڭ قەلبلەر كونتروللۇقىغا ئورۇن بوشاتقانلىقىدىندۇر .

▲ جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى «دوست» سۆزى بىلەن «تونۇش» سۆزى ئۆزئارا يېيىشىپ كېتىدۇ . «دۈشمەن» سۆزى بولسا «رىقابەتچى» سۆزىگە ئورۇن بوشىتىدۇ .

▲ كىچىكىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ قويۇقىدىن چىقماي ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان رايىش باللارنىڭ كەلگۈسىدىمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ كەينىدىن چىقماي «تىركىچىلىك قىلىدىغان» بىقىندى بالا بولىدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى ، ياش ئاتا-ئانىلار ئاشۇ «ياۋاش-يۇمشاق» پەرزەنتلىرىدىن ھەرگىزمۇ پەخىرلەنمىگەن بولاتتى .

▲ ياخشى خىسلەتلىرىمىزنى ئۆزىمىز قازىمىز ، يامان خىسلەتلىرىمىزنى باشقىلار قازىدۇ .شۇڭىمۇ جاھاندا ياخشىلىقتىن يامانلىق ،گۈزەللىكتىن رەزىللىك كۆپ .

▲ باشلانغۇچ ،ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىق تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ ،ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىق مېھرى بولسا ئۆلگۈچە ئۇنتۇلمايدۇ .بۇ بەلكىم ئالدىنقىلىرىنىڭ يېنىمىزدىلا ، كېيىنكىلىرىنىڭ يىراق-يىراقلاردا بولغانلىقىدىندۇر .

▲ چۆچەكلەردىكى تۇرمۇش نېمىشقا شۇنچە گۈزەل ،تاتلىق ؟چۈنكى ئۇنىڭدا ئارزۇ-ئارمان ، ئىنتىلىش يېزىلغان .ھېكايە نېمىشقا شۇنچە ئاچچىق ؟ چۈنكى ئۇنىڭدا رېئاللىق يېزىلغان .

▲ ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ شەيتاننىڭ دامىغا چۈشىشى ئىنسانىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا ،ئىنسانلارنىڭ شەيتاننىڭ دامىغا چۈشىشى قىيامەتنى يېقىنلاشتۇرماقتا .

- ئايگۈل تۇرسۇن

ئاپتور : يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ فىزىكا مۇئەللىمەسى

## ئاياللىق ئىلتىجالىرى

▲ تارىخ ئاجىزلارنىڭ تەقدىرىنى كۈچلۈكلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ .پەقەت كۈچلۈكلەرلا ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى .

▲ ئاياللىرى ھاماقەت مىللەتنىڭ ئەرلىرى ھىيلە-مىكىرگە ئۇستا كېلىدۇ .ئەرلىرى ھاماقەت مىللەتنىڭ ئاياللىرى بۇزۇق - پەسكەش كېلىدۇ .

▲ ئايالى دىتسىز ئەر ئاسان قېرىيدۇ ،ئېرى دىتسىز ئايال ئاسان يولدىن چىقىدۇ .

▲ ئاياللار ھېيىقتۇدەك ئەرلەر قالمىغاچقا ، ئاياللار ھايا پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىماقتا .

▲ ئەرنىڭ شىجائىتى ئايالغا ئايال بولۇشنى ئۆگەتسە ،ئايالنىڭ مۇلايىملىقى ئەرگە ئەرلىك خاراكتېر ئاتا قىلىدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى ئائىلىنى ۋەيران قىلسا ،ئەرلەرنىڭ بۇزۇلۇشى پۈتكۈل دۇنيانى ۋەيران قىلىدۇ .

▲ ئاياللار پەسكەش ئەلدە ئەخلاق بۇزۇلسا ، ئەرلەر پەسكەش ئەلدە ھەممە نەرسە بۇزۇلىدۇ .

▲ ئەركىشى دۇنيانى لايىھىلىسە ،ئايال كىشى ئەرنى لايىھىلەيدۇ .

▲ سەن ئاۋۋال ئايالىڭغا ئۆزنىڭ «ئايال»لىقىنى ھېس قىلدۇر ،ئاندىن ئۇ سېنىڭ «ئەر»ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بېرىدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكى - كۆڭۈلدىكىدەك ئەر بىلەن تۇرمۇش قۇرالمىغانلىقىدىن بولسا ، ئەرلەرنىڭ بەختسىزلىكى ئۆزلىرىنىڭ دىتسىزلىقىدىن بولىدۇ .

▲ ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئايلىنىپ قالغاندا ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئاي-لىنىپ قالىدۇ .

- ئابىمىنسا سۇلايمان

ئاپتور :خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

## ئاياللار ھەققىدە ئاچچىق ئويلار

▲ ھازىرقى ئوبيېكتىپ شارائىتتا پاھىشىلەرنى مۇنداق ئۈچ تەبىقىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن .ئۇلار :

1 .تۇرمۇش ئېھتىياجى ياكى جەمئىيەتنىڭ قىستىشى سەۋەبىدىن تېنىنى سېتىپ جان بېقىۋاتقانلار . بۇلار ئىپتىدائىي پاھىشىلەر تەبىقىسىگە مەنسۇپ .

2 .ئۆزى ئارزۇ قىلغان مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن ياكى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن گۈزەل ھۆسنى -جامالى ۋە ئاجايىپ ناز-كەرەشمىلىرى بىلەن ھوقۇقدارلار ،سىياسىيئونلار ۋە پۇلدارلارنى ئازدۇرۇۋاتقانلار .مانا بۇلار سىياسىي پاھىشىلەر تەبىقىسىدىكىلەردۇر .

3 . «غايەڭ بولمىسىمۇ ،ئېتىقادىڭ بولمىسىمۇ ، جەمئىيەتتە ھېچقانداق ئورنۇڭ بولمىسىمۇ مەيلى ، لېكىن خەجلەيدىغانغا پۇلۇڭ ،ئوينايدىغانغا ئاشنالڭ بولسىلا بولدى»دەيدىغان ماڭقۇرتلار بولۇپ ،بۇلار زامانىۋى پاھىشىلەردۇر .

▲ ئاياللار بىرى زىيادە سەزگۈرلۈكتىن ،يەنە بىرى زىيادە گۇمۇشلۇقتىن بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ .

- ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور :پىچان ناھىيە تويۇق يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇۋاقلىرى

▲ شەھەرلىكلەر يەرشارىلاشتى ،يەرشارى تارلاشتى ،دېھقانلارچۇ ؟بىز (شەھەرلىكلەر )دىن يىراقلاشتى .مانا بۇ ھەقىقىي كرىزىس ،چىن پاجىئە .

▲ ئىدىيە - ئېتىقادىڭ باشقىلار تەرىپىدىن «مونوپول»قىلىنسا ،سەن قۇلغا ئايلىنىسەن .

ئىدىيە-ئېتىقادىڭ ئۆزۈڭ تەرىپىدىن «مونوپول» قىلىنسا ، «دونكىخوت»قا ئايلىنىسەن ،خالاس .

- ئادىل ئالماس

www.uyghurkitap.com

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن-ئىقتىساد فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## ئەقىل ئۈنچىلىرى

▲ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلار ئۈچۈن ياشاش ئۆزىنى ئاستا-ئاستا ئۆلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

▲ كىشىلەر ئادەم قىلالىغانىنى ئادەم قىلالايدۇ دېيىشىدۇ .ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي خاتا گەپ . ھەرقانداق كىشى پەقەت قۇربىتى يەتكەن ئىشنىلا قىلالايدۇ .

▲ ئادەمگە ئىلاھلىق (مەڭگۈ خاتالاشماسلىق ) تەلىپىنى قويۇش بىزنى ئادەمدىنمۇ ،ئىلاھتىنمۇ يىراقلاشتۇرۇپ قويىدى .

▲ يامان ئاقىۋەتلا بىزگە ياخشى تەربىيىنى ئېتىراپ قىلغۇزالايدۇ .

▲ باشقىلارنىڭ قايغۇ-ئازابلىرىدىن بىئارام بولۇۋاتقان چېغىڭدىلا ئىنسانىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان بولىسەن .

▲ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان رېئاللىق دەل بىزنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىزنى سىناش ئۈچۈندۇر .

▲ يول يوق يەردە يول بار ! - مانا بۇ غالىبلارنىڭ شوئارى .

▲ مىللىي ئىپتىخار ھەرگىزمۇ ئۆتمۈش بىلەن شۇنداقلا ئاجايىپ-غارايىپ گۈزەل كەلگۈسىدە ئەمەس ، بۈگۈندە ،ھازىرنىڭ ئۆزىدە دۇنيانى ئېتىراپ قىلدۇرۇۋاتقان نەتىجىدۇر ۋە بۇنداق ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى رويابقا چىقارغان ۋە چىقارغۇچى جانلىق روھتۇر .

▲ ئادەم ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى يېڭەلەيدۇ .

▲ قەلەم ئەھلىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۆز ھېسسىياتىنى خەلق ھېسسىياتىدىن ئۈستۈن قويۇشتىن باشلىنىدۇ .

▲ بىز ياشاۋاتقان دۇنيا بىزدىن كۈچ-قۇۋۋەتكە يەنى ھاياتلىق رىقابىتىدە پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك كۈچ ، مەغلۇبىيەت-ئازابلارغا چىداشلىق بېرەلىگۈدەك سەۋر-تاقەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .

▲ ئىلغارلىق بىر خىل ئالدىدا مېڭىش سالاھىيىتى بولۇپلا قالماي ، ئالدىدا مېڭىۋاتقانلاردىن ئىجادىي قوبۇل قىلىش ماھارىتىدۇر .

▲ ئەگەر بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كۆزىدىن يېڭى ھاياتنىڭ نۇر-جۇلاسىنى كۆرەلمەي كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بىر خىل خىرەلىك ۋە ئازابنى كۆرسەك ئۇ چاغدا بىزنىڭ كۆزىمىزدىكى ئۈمىد ئاللىقاچان يوقالغان بولىدۇ .

▲ ئانىنىڭ ياكى ئاتا بولغۇچىنىڭ خاتالىقى نەچچە ئەۋلاد ئادەمنىڭ خاتالىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

- ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد

---

ئاپتور :يېڭىۋرغا ناھىيە 1.ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## قايىللىق تۇيغۇلىرى

▲ ھەرقانداق بىر مۇھەررىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىگە ئوخشاش ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىغان بولسا ئىدى ،ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا (نۆۋەتتە )گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولاتتى .

▲ بىزدە يازغۇچى - شائىرلار ناھايىتى كۆپ . ئەمما ئەدەبىياتقا چىن ئىشتىياقى بىلەن ئۆزىنى ئاتىغانلار تولىمۇ ئاز .بىزدە مۇھەررىرلەر كۆپ .ئەمما بۇ مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغانلار ئاز . قاچانكى نەشرىيات خادىملىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى »ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىدەك ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىكەن ،ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقىدا «ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش »ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىدۇ .

▲ ھەرقانداق مۇھەررىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرىدەك ئاپتورلارنىڭ بىر جۈملە ئەسىرىگىمۇ ئېتىبارسىز قارىماي ، ئەجىر-مېھنىتى ۋە قان-تەرىنى سىڭدۈرۈدىكەن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چوقۇم باھادىر يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىدۇ .

- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى

## پارچىلار

▲ رەزىللىك ھەقىقەت تونىغا ئورالغان .ئۇ رەزىللىك بايرىقىنى ھەقىقەت ھاسىسىغا تايىنىپ كۆتۈرىدۇ (چىقىرىدۇ ) .شۇڭا ئۇ بىزگە بۈيۈك ھەقىقەتتەك كۆرۈنىدۇ .

▲ ئەگەر سەن سۆيۈش مەقسىتىدە ئىككى كىشىنى سېلىشتۇرغان بولساڭ ، ئۇ چاغدا ھەر ئىككىسىنى چىن دىلىڭدىن سۆيمىگەن بولىسەن .

▲ ۋاقىتنىڭ قىممەتلىكى ئۇنىڭ ئارقىغا ياناماسلىقى ۋە پۇلغا سېتىلماسلىقىدا .

▲ بىز ئۆزىمىزدىكى نەرسىلەرنى باشقىلارنىڭ قولىدا كۆرگەندە ئۇنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى ھېس قىلىمىز .

▲ دېھقانلارنىڭ قولىدىكى قاداقلارنى كەتمەن سالغان (پەيدا قىلغان ) ،دىلىدىكى قاداقلارنى بولسا ئۇ ھەقسىز ،مىننەتسىز بېقىپ كېلىۋاتقان ئاقسۆڭەكلەر

www.uyghurkitap.com

قالدۇرغان .

▲ گۈزەللىك ئىنسانلار قوغلىشىپ ،مەنىسىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان پەلسەپە .

▲ ۋىجدان سوتىدا ئاقلانمىغانلار ھەقىقىي جىنايەتچىلەردۇر .

▲ سۇ تېنىڭنى پاكلىسا ، ياخشى ئەسەر بېسىلغان گېزىت-ژۇرنال روھىڭنى پاكلايدۇ .

- ھاشىمجان رەھمەت

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تون تېۋىشلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇلۇغلاپ ،تالىشىپ ئوقۇيمىز ؟چۈنكى ئۇنىڭغا دېھقانلارنىڭ دۇئاسى سىڭگەن .

▲ ئاتائىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبىنى بوۋاڭنىڭ تارىخىدىن ئىزدە .

▲ نادانغا قورال تۇتقۇزساڭ ئالىمنى ئاتىدۇ .

▲ رىقابەتچىڭنى دۈشمىنىم دەپ تونۇدۇڭمۇ - يېڭىلگىنىڭ شۇ .

▲ تارىختىن مەلۇمكى ، ئادالەت بولمىغان جەمئىيەتتە قانۇن ئاجىزلار ئۈچۈن تۈزۈلۈپ كۈچلۈكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

▲ نادان كىشى باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ . دانا كىشى بولسا باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىدۇ .

▲ پۇشايمان - يېڭىلىشنىڭ ئاق بايرىقى .

▲ ئىككى خىل ئادەمنى يالغان سۆز بىلەن ئالدىيالايسەن : بىرى ئاشىقنى ، يەنە بىرى نامراتنى . چۈنكى ھەر ئىككىلىسى موھتاج بولغۇچىدۇر .

▲ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى كۆچەپ تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئاياللىڭنى باشقۇرمىساڭ پەرزەنتلىرىڭ ، ئاياللىڭنى باشقۇرساڭ ئائىلەڭ بۇزۇلىدۇ .

▲ ئاتىنىڭ دۇئاسى ئوغۇلغا كۈچ - قۇۋۋەت بەرسە ، ئانىنىڭ دۇئاسى ئەقىل-پاراسەت بېرىدۇ .

▲ باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا بىرىنچى قېتىم يول قويۇش ئاقلانىلىق ، ئىككىنچى قېتىم يول قويۇش ئادىمىيلىك ،ئۈچىنچى قېتىم يول قويۇش نادانلىقتۇر .

▲ ئانا چىدىغان خورلۇققا ئاتا چىدىمايدۇ .

▲ قورۇ تېمى ئېگىز ئائىلىنىڭ ئوغرىسى كۆپ بولىدۇ .

▲ «مەدەنىيەتلىشىش»نىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلالمىساڭ ،كۆزۈڭنى چوڭ ئېچىپ ئاياللار دۇنياسىغا يوشۇرۇنچە نەزەر سال .

▲ قورقما ،ئەڭ كۆپ داۋراڭ سالىدىغانلار ئەڭ تېز مەغلۇپ بولغۇچىلاردۇر .

▲ «ئەتە»نىڭ غېمىنى بۈگۈن قىلىش ئاقلانىلىق ، «ئەتە»نىڭ ئۆزىدە قىلىش تەۋەككۈلچىلىك ، «ئەتە»نىڭ ئۆزىنى خۇشال ئۆتكۈزۈش غەلىبە .

▲ ئۆزۈڭدىن يۇقىرىدىكىلەرگە ئەقىل كۆرسىتىشكە ئالدىرىما ،بولمىسا ئاسانلا دۈشمەنگە ئايلىنىسەن .

- قاسىمجان ئەمەت

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ كىچىككىنە كەلگەن ئەقىل-پاراسەت ئۆتكۈشسىز شارائىتتا يېتىلگەن مەغلۇبىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر .

▲ نائەھلىلەر ۋە قورقۇنچاقلار كۆپەيسە ،ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ .

▲ بىزارلىق تۇيغۇسى روھىي جەھەتتىكى قىبرىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر .

▲ چىن دوستلۇقنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىزدەش - ئاقىللارنىڭ ئىشى .

▲ لاچىن پەرۋاز قىلىدۇ كۆكتە ،
كۆپ سايرىغان قۇشلار قەپەستە .

- ئابلىمىت ئىبراھىم

ئاپتور :يېڭىشەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئاشپىزى

## تەپەككۇر تەرمىلىرى

▲ ئەرلەرنىڭ نامەردلىشىشى ،ئاياللارنى ئۆز تېنىگە موھتاج قىلىدۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى كۆرسىڭىزلا «مەدەنىيەت» ئوقۇمىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىسىز .

▲ ئەخلاق بىلەن سەممىيەتنىڭ بازىرى كاساتلاشقىنى يوق ،ئىنسانلىق مەرتىۋە ۋە ئەقىدە كاساتلاشتى .

- مۇھەممەتئېلى باران

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزا يۇقىرىقى ئاقتىچى كەنتىدە ، دېھقان

## ئايتۇرسۇن قىزنىڭ تۈنجى تەپەككۇرى

▲ ساختىلىق ئۇلۇغ نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا، بىزنىڭ ئۇنى پەرق ئەتمىكىمىز ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ.

▲ مائارىپىمىزدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق — ئۆزىنى تۈزۈك تەربىيىلىيەلمىگەنلەرنى سەبىيلەرنى تەربىيىلەشكە قويۇشتىن ئىبارەت.

▲ ھەرقانداق بىر ئىش قۇربان بېرىش بەدىلىگە كېلىدۇ. گەپ شۇيەردىكى، سەن قۇربان بېرىش ئارقىلىق قانداق يېڭى نەرسىگە ئېرىشتىڭ؟

— ئايتۇرسۇن ئابدۇللا

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3-يىللىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات تەلقىنلىرى

▲ بىلىش ئادەمنى ئىككىلا يولغا باشلايدۇ: بىرى سائادەت يولى، يەنە بىرى ئاپەت يولى.

▲ يۇمىلاق شەھەر، يۇمىلاق بازار، يۇمىلاق ئۇستەل يېغىنى، يۇمىلاق، يۇمىلاق... گويا ھەممە نەرسە يۇمىلاق، ھەتتا ئادەملەرمۇ...

ھوقۇقنىڭ سىمۋولى مۆھۈر — تامغىلارمۇ؟...

▲ بۇرۇن «ئېغىز يۇگرۇكى باشقا، پۇت يۇگرۇكى ئاشقا» دېيىلەتتى. ھازىر — «گەپ ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بولسا «ئېغىز يۇگرۇكى ھەم باشقا ھەم ئاشقا ھەم تاجغا» بولدى. لېكىن «پۇت يۇگرۇكى بولسا ئاشقا» تېخى بولمىدى. ئىشەنمىسىڭىز دېھقاندىن سوراڭ.

▲ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش، لېكىن ئىجرا قىلىنىشى ئوخشاش ئەمەس. «تەرەققىيات» تىكى پەرق بەلكىم شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

— ئابدۇرېھىمجان ئابلىز

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىشقول يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ھايات ھەقىقەتلىرى

▲ ھايات قىسمەتلىرىدىن شۇنەرسە ئايان بولدىكى، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئۈچ تۈرلۈك: بىرى، ئۆزىمىز، لاياقەتلىك ۋە مەڭگۈلۈك دۈشمەن؛ ئىككىنچى بىرى ئەۋلادلىرىمىز، لاياقەتسىز ئەمما ئىنتايىن خەتەرلىك دۈشمەن؛ ئۈچىنچىسى بولسا باشقىلار، ئۇلار ھەمىشە بىزگە پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ.

▲ قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلار ئۈچۈن مەۋجۇدلۇق، خىرامان يۈرگۈچىلەر ئۈچۈن كەلگۈسى مەۋجۇد بولمايدۇ.

▲ يالغانچى ئادەم «ئەتە» نى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدۇ.

▲ تەپەككۇرنىڭ مېغىزى ئەقىدە-ئېتىقادتۇر. بۇ «مېغىز» غا ئېرىشىش ئۈچۈن بىلىمدىن ئىبارەت قاتتىق تاش تولىمۇ زۆرۈر.

▲ ئېتىقادسىز ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولمايدۇ.

▲ كۆتۈش دەقىقىلىرىگە يوقاتقانلىرىمىزنىڭ ئىسمى يېزىلغان.

▲ بىر قەۋمنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىسا ھەممەيلەن شەخسىيەتچىلىشىپ كېتىدۇ.

▲ ئەخلاقنىڭ تراگېدىيىسى — ھالاكەتتىن ئالدىن بېرىلگەن سىگنال.

— ئابدۇرېھىم قادىر

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ھەقىقەت كۆچلۈكلەرنىڭ قولىدا.

▲ ئەل ئۇخشالغىچە ئەسىر ئۆتەر.

▲ موقۇق — ئازابلىق لەززەت.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مەھكۇم ئەلنىڭ خائىنى ئەزىز بولىدۇ.

▲ ئاجىزنىڭ تەقدىرى كۈچلۈكنىڭ قولىدا، كۈچلۈكنىڭ تەقدىرى تەڭرىنىڭ قولىدا.

▲ تىنچلىق — دوست-دۈشمەننى ئايرىغۇزمايدىغان تۇمان.

▲ خۇشامەت — ئازابلىق ھېجىيىش.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ساختا تەشۋىقاتقا ئېسىلىۋالغان چىرىكلەشكەن ھاكىمىيەت خۇددى تېشى قىزىل، ئىچى سېسىق ئالمىغا ئوخشايدۇ.

▲ پۇت-قولغا سېلىنغان كىشەن يىللاپ، روھقا سېلىنغان كىشەن ئەسىرلەپ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، دىكتاتورا ۋە نەيرەڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ھاياتى.

▲ بيۇروكرات جەمئىيەتتە ئادەملەر شاتۇتقا ئايلىنىدۇ.

▲ كۈچلۈك قۇسۇرچى، ئاجىز خۇدۇكچى.

▲ ھەرقانداق جىگەرلىك ئەرمۇ تۆت نەرسە ئالدىدا ئامالسىز: بىرى سىياسىي، بىرى ئىقتىساد، بىرى جانغا تاقالغان كېسەل، بىرى سەتەڭ ئاياللار ھىيلىسىدىن ئىبارەت.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ئۆز تارىخىدىن نومۇس قىلىدىغانلار ئاۋۋال باشقىلارنىڭ تارىخىنى بۇرمىلايدۇ.

▲ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىن ئاسان. چۈنكى ئالدىنقىسىغا تەر تۆكۈلگەن بىلەن كېيىنكىسىگە قان-ياش تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ.

▲ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ھەرخىل تون-چاپان كىيگۈزۈپ، تۈرلۈك ناملار بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت باي بىلەن نامراتلىقلا مەڭگۈلۈك تېما.

▲ ھازىربەزى مەتبۇئاتلاردا پۇل ۋە مۇناسىۋەتلەرگە تايىنىپ ئېلان قىلىنىۋاتقان «ئىلمىي ماقالە»لەر ئىلىم-پەنگە قىلىنغان مەسخىرە ۋە ھاقارەتتۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېشىغا بالا تېرىۋالغۇچى بوگۈن ئەخمەق، ئەتە قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

▲ تارىختىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار نامراتلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆلگەن ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنكى نامراتلارنى كۆرگىنىمدە ئۇلارنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە تېخىمۇ قاتتىق ئېچىنىدىغان بولدۇم.

▲ ئېتىقاد بىلەن ئىقتىسادتىن ئايرىلغان كىشىدىن ئەخلاق ۋە ۋىجداننى سورىما.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرسا ئاۋامغا پايدىلىق، سىياسەت ئارقىلىق باشقۇرسا مەنسەپدارغا پايدىلىق. سىياسىي مۇتلەق ئۈستۈن جەمئىيەتتە «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»قۇرۇق سۆزدىن ئىبارەت.

▲ بىز ھازىرغىچە نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان؛ نېمىنىڭ ئىلغار، نېمىنىڭ قالاق؛ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي كېلىۋاتقانلىقىمىزدىنلا، ئىنسانلارنىڭ نەقەدەر بىچارە ئالدانغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا بىز ھازىرغىچە بىلىپ-بىلمەي قارغايدىغان نەرسىلەرنى ماختاپ، ماختايدىغان نەرسىلەرنى قارغاپ كەلدۇق ئەمەسمۇ؟

▲ قانۇن ئۈستۈن جەمئىيەتتە كىشىلەر قانۇنغا، ھوقۇق ئۈستۈن جەمئىيەتتە مۇناسىۋەت بىلەن پارىغا تايىنىدۇ.

▲ مۇناسىۋەت - بارلىق سىياسەت، قانۇن-تۈزۈم، ئەخلاق-پرىنسىپلارنىڭ قاتىلى.

تارىختىن مەلۇمكى، مۇستەبىت جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن ئىدىيىسى تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ.

- قۇربانجان ھېكىم

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە 4-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئۆزۈك تىنىقلار

▲ قانۇننىڭ تولۇق بولماي قالغان جايلىرى قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ ئىنسابىنى ئۆلچەشكە قالدۇرۇلغان تارازىدۇر.

▲ كۆنلەمچى - پاكىتسىزلا كېسىم چىقارغۇچى زاسېداتېل.

▲ غۇرۇرلۇق ئايالنىڭ سۆزى غۇرۇرسىز ئەرنىڭ مۇشتىدىن قاتتىق.

- ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر ناپىمش

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئەگەر ھەممىگە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن باقساڭ ئەتراپىڭدىكى گۈزەللىكلەردىن ھوزۇر ئالالمايسەن. ئەگەر ھەممىگە زوق-شوق قارىساڭ ئەتراپىڭدىكى پاسىقلىقلارنىمۇ ئوخشاشلا بايقىيالمايسەن.

▲ ئاتىنىڭ قەھرى بالا ئۈچۈن مېھرىبانلىق، ئانىنىڭ سەۋرى بالا ئۈچۈن دۈشمەنلىك.

▲ ئاياللارنىڭ ئانا بولغاندىن كېيىنكى ھاياتى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن داۋاملىشىدۇ.

## تۇيغۇ بۆلجۈرگەنلىرى

▲ ئىنسان ئاجىز بولسا ھاياتى كۈچلۈكلەرنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كۈچلۈك بولسا ئاجىزلارنىڭ ھاياتى ۋە مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

▲ ئېھتىياج ۋە ئۇنى قاندۇرۇش يولىدىكى كۆرەشنىڭ پەرقى ئاخىرىدا قانائەت ياكى جىنايەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ بىز دېيىشنى ئەڭ خالايدىغان سۆزلەرنى ئاسانلىقچە دېيەلمەيمىزيۇ، دېيىشنى خالاپ كەتمەيدىغان سۆزلەرنى ئەڭ ئالدىدا، ئەڭ قىزغىن دېيىشكە ماھىرمىز.

▲ يىغلاش پىسخىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئاجىز ئۇسۇلى.

▲ سەن شەخسىيەتچىمۇ؟ ئۇنداقتا قەلبىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن تىنماي ئىزدىنىدۇ. سەن ئاق كۆڭۈلمۇ؟ ئۇنداقتا خىسلىتىڭنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىسەن. سەن كەمتەرمۇ؟ ئۇنداقتا باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشقا تەقەززاسەن. سەن ماختانچاقمۇ؟ ئۇنداقتا رەشىك ۋە رىقابەتكە مەنبە بولىسەن.

- ھەلىمە مەھمۇت

ئاپتور :يېڭى ناھىيە تۆپۈق يېزا يەنجەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## ئاچچىق تىنىقلار

▲كېچىنىڭ ئۆزۈن ياكى قىسقىلىقىنى يىتاب بولغاندا ھەقىقىي ھېس قىلىسەن .

▲ئىنسان ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق ئىشقا باھانە-سەۋەب كۆرسىتىپ كەلدى .

▲ ئىنساننىڭ ئېرىشەلمىگەن نەرسىسى ئەڭ قەدىرلىك بىلىنىدۇ .

- مەمتىمىن ھېكىم

---

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ئەمەلدارلار چىرىگەنسېرى گالۋاڭلىشىدۇ .

خەلق نامراتلاشقانسېرى نادانلىشىدۇ .

▲مەنسەپدارلار ئادىل بولسا قانۇن مۇقەددەس بولىدۇ ،رەزىل بولسا قانۇن چاكىنىلىشىدۇ .چاكىنا قانۇن بىلەن باشقۇرۇلغان دۆلەت - رەزىللەرنىڭ ئىشرەتخانىسىدۇر .

▲ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىكى يالغانچىلىق - جىنسىي مۇناسىۋەتتىن كەلگەن ئەيدىز كېسىلىدەك دەسلىپى خۇشاللىق ،ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق .

▲ سەنئەت گۈزەللىكىنى يوقاتقاندا گىرىمگە ئاشنا .

مەنسەپدار پاكلىقىنى يوقاتقاندا يالغانغا ئاشنا .

▲«ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت»مۇ ياكى «باشلىقلارنىڭ پەرمانى»مۇ ؟ئالدىنقىسى تەشەببۇس قىلىنىدۇ ، كېيىنكىسى ئىجرا قىلىنىدۇ .

▲تەبىئەت غەزەپلەنسە گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ ،

پادىشا غەزەپلەنسە - ئادالەتنى تۆكىدۇ .

▲قار-يامغۇر تەبىئەتنى كۆكلىتىدۇ ،

ئالىم - شائىرلار جەمئىيەتنى يېتەكلەيدۇ ،

سىياسىيئونلار جېدەللىك ئۇرۇشنى كەلتۈرىدۇ .

▲ مەنسەپدارلىق تاجىسىنى كىيىپلا غادايغىچە ، مەنسەپكە ئېرىشىش يولىدىكى پەسكەشلىكىڭنى ئويلىغىن ،شۇندىلا ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى بىلەلەيسەن .

▲ رەقىبى ئالدىدا ياش تۆككەن كىشى - ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولىدۇ .

▲ ھەققانىيەت ئۆچۈن يىقىلساڭ خەلقنىڭ قۇچىقىغا چۈشىسەن ، رەزىللىك ئۈچۈن يىقىلساڭ تاپىنىغا .

▲تارىختىن مەلۇمكى ، قورسىقى ئاچ بوۋاقنى پەپىلەپ ئۇخلاتقىلى بولمىغىنىدەك ،ئويغانغان خەلقنى ئالداپ توختاتقىلى بولمايدۇ .

▲ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى دېھقانلاردىن باشلىنىپ مۇشتۇمزور يومبىشچىك ، زالىم بەگ - تۆرىلەرنىڭ تاجۇ-تەختىنى ۋەيران قىلغانىدى .

دېھقانلارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان پارازىتلار ھېلىھەم ئاگاھ بولۇڭلار !

▲زۇڭلى ۋېن جياباۋ «بەش يىلدا دېھقانچىلىق بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ »دېدى .ھالبۇكى ، نامرات رايونلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتاب پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇۋېدى ئۇنىڭ ئورنىنى «قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيال پۇلى»ئىگىلەپ كەتتى . دېھقاننىڭ تەقدىرىمۇ يەنە شۇنداق بولارمۇ ؟

- توختى ناسىر

---

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە كەسپىي-تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئويلار

▲ مەن ئويلايمەن ، بىز خىزمەتچىلەر پۇتبولغا ئوخشايمىز ،بىز دەل تورمۇش تەرىپىدىن پاس بېرىلگەن بىر پۇتبول . يەنى تۇرمۇش بىزنى ئىش ئورنى ،ئائىلە ۋە كەسپتىن ئىبارەت ئۈچ قىرلىق مەيداندا پاس بېرىپ قېرىتىپ ۋارتاسقا كىرگۈزمەكچى .

▲بەزى كىشىلەر شېئىرلارنى «گۇڭگا» ، «ئەركىن» ، «لىرىك»دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن سۈپەتلىۋاپتۇ .مېنىڭچە ، شېئىر ئۇنى چۈشىنىپ ھەزىم قىلالىغانلار ئۈچۈن ئوچۇق ، چۈشىنەلمىگەنلەر ئۈچۈن مەڭگۈ «گۇڭگا» . . .

▲ پىچاقنىڭ گاللىشىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تىغىنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس ،بەلكى ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلىشىدىندۇر .

▲ كۆپ خامخىيال سۈرۈش - ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ باشلىنىشى ، ئورۇنلۇق خىيال سۈرۈش - ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ باشلىنىشى ، ماھىيىتىدىن ، قارشىسىدىن خىيال سۈرۈش - ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرنىڭ باشلىنىشى .

▲قايەرنى مەينەتچىلىك قاپلىسا شۇيەردە كېسەللىك باكتېرىيىلىرى ۋە ھەرخىل كېسەللىكلەر كۆپ بولىدۇ .قايەردە ۋىجدانسىزلار ،غۇرۇرسىزلار كۆپەيسە شۇيەرنى ئەڭ بالدۇر جاھالەت باسىدۇ .

ۋەھابجان قۇربان تەۋەررۇك

---

ئاپتور :تاجىك ، ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن تەسىراتلار

▲ ھازىرقى ئادەملەرنى مۇنداق ئۈچ نەرسە

www.uyghurkitap.com

كاردىن چىقىرىۋاتىدۇ :بىرسى زىيادە يېسىم ،بىرى زىيادە ئازادلىك ،يەنە بىرسى بولسا زىيادە ماختاش .

▲ زىيالىيلارنىڭ بىچارىلىكى ئالدى بىلەن ئايالللار ئالدىدا ئىپادىلىنىدۇ .

- مەھمۇت روزى

ئاپتور : كىرىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ شوپۇرى

## كۆڭۈل خاتىرەمدىن

▲ غەربلىشىش دېگەنلىك - غېرىبلىشىش دېگەنلىكتۇر .

▲ كىشىلەرگە ھەقىقەت يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچىلەر توغرا چۈشىنىلمىدىغان ئىش بولسىدى ، ئالدى بىلەن پەيغەمبەرلەر ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىمىغان ، پىتنە-پاساتقا قالمىغان ،ھەتتا بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلمىگەن بولاتتى .

▲ ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئىككى نەرسىگە يەتتىم : بىرى يۇرت قەدرى ، يەنە بىرى بولسا يۇرتۇمدىكى ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتى .

▲ مۇمكىن بولسا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كاۋاپدان ،ئاشخانا ئورنى تالىشىپ جېدەللىشىۋاتقان ، بىر-بىرىنى چانىشىۋاتقانلارنى ،گۆدەك بالىلىرىمىزنى ئالداپ ياكى باشقا يوللار بىلەن ئىچكىرىگە ئەكېلىپ ئوغرىلىققا سېلىش ئارقىلىق نابۇت قىلىۋاتقان ، ئۇلارنى ھەم ئاتا-ئانىلىرىنى زار قاقشىتىپ جۇدالىق ئازابىغا سېلىۋاتقانلارنى ھەمدە مېھمانخانا - قاۋاقلاردا نومۇسنى سېتىۋاتقانلارنى بىريەرگەجەم قىلىپ ، ھەپتىسىگە بىرسائەت بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇپ بەرسەم دەيمەن .

- ئەخمەنجان ئابلىز

ئاپتور : ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى سۇ ئىنشائاتى سۇ - ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2000-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## كۈندىلىك خاتىرەمدىن تەرمىلەر

▲ ساختا شان-شۆھرەت تۇيغۇسىدىن ۋاز كېچىش ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى .

▲ چەكتىن ئاشقان سىپايىلىق ، كەمتەرلىك ، ئىلمىيلىك ئىنسان خاراكتېرىنى رايىشلاشتۇرۇۋې-تىپ ، ئەركەكلىك - پىكرىي مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ . «رايىش موللا»لار ئۆز ھەقىقىتىنى باشقىلارنىڭ قەستىسىدىن كۈتىدىغان كىشىلەردۇر . ھالبۇكى ، ئۆز ھەقىقىتىنىڭ توغرىلىقىغا ھۆكۈم قىلىش ئەقىل ئىگىسىدىن خەقنىڭ قاش - كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ .

▲ ئۆز ئېتىقادى ،ئۆز يولى ،ئۆز مەيدانىدىن

ۋازكەچكەنلەر باشقىلارنىڭ قورغىنىدىكى مەھبۇسقا ئايلىنىدۇ .

▲ جۈرئەت قىلىشنىڭ ئۆزى يېرىم غەلىبە. ئاقمۇەتتىن قانچە قورققانسېرى شۇنداق ئاقىۋەت بىزگە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ .

▲ ساپ ئەقىل ، ساپ تەسىرات كىتابتىن مۇستەسنا ھالدا پەيدا بولىدۇ . كىتاب كۆرۈپ بولۇپلا قەلەمنى قولۇڭغا ئالساڭ ، تۆكۈلگەن سىياھتىن پۈتۈپ چىققىنى پۈتۈنلەي سەن ئوقۇغان كىتابلارنىڭ ساقىندى قۇرلىرىدىن ئىبارەت . ھەقىقىي ئىجادىيەت ئىلگىرىكى تەسىراتلار كاللىدىن تولۇق تازىلىنىپ بوقالغاندا ئاندىن پەيدا بولىدۇ .

▲ «موسكۋا كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ» . شۇڭلاشقا ئۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىگەن .

▲ بىخۇدلۇق ،ۋاقىتلىق راھەت قوغلىشىش ، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق - بۈگۈنكى دەۋر ياشلىرىدىكى ئورتاق كېسەللىك .

▲ ئۆزىنى ئەقىل-ئىدراك بۇيرىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىيالمىغان ئادەم - مەڭگۈ ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولالمايدۇ .

- ۋارىسجان مۇسا

ئاپتور : ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ دادامدىن : بۇرۇن «تېلېۋىزور» دېگەن گەپنىڭ «دىلھۇزۇر» دەپ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىناتتىم ، ھازىر «دىلبۇزۇر» دەپ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىغا ئۆكۈنىمەن ،دېگەن ئەپسۇسلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم .

▲ دەريا ئەگرى-توقاي بولغانلىقى ئۈچۈن ھايات يولىغا ئوخشىتىلسا ، ھاياتنى كاپالەتلەندۈرگۈچى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغدۇر .

▲ ئوغۇللارنى ئىككى نەرسە ئاسان بۇزىدۇ : بىرى ، مېھنەتسىز پۇل ، يەنە بىرى ، گۆدەكلىكىدە بەرگەن ۋەدە .

▲ پۇلغا موھتاج ۋاقتىمىزدا پۇل خوجايىن ، ئېرىشكەندە بولسا بىز خوجايىن .

▲ بۇرۇن كىشىلەر ئىككى سورۇندا تەڭ ئىدى : بىرى تەڭرى (خۇدا ) ئالدىدا ،يەنەبىرى قەبرە ئالدىدا . ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىسسىق بەتلىرىدە تەڭلىشەلەيدىغان بوپتۇ .

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى ،

كىشى كۆپ كۆرۈپ ،ئاڭلاپ سىرىتىق كېكىرىپ «ھۆ» بوپكەتكەن ئېلان بەتلىرىنىڭ بولمىغانلىقىدا بولسا كېرەك .

- مۇھەممەترەجەپ مەمتىمىن

ئاپتور : چىرا ناھىيە 1.ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2.يىللىق 2.سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## يۈرەك سۆزۈم

▲ ئارىمىزدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئازلىقىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا چىقىدىغان كىشىلەرنى سېغىنىدىغان بوپقالدىم .

▲ ئەگەر پۇلۇم بولسا بانكىغا قويماستىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى سېتىۋالاتتىم . چۈنكى ئۇ يۇقىرى ئۆسۈملۈك تەپەككۇر بانكىسى ئىكەن ئەمەسمۇ !

- ئابلىمىت نوختى

ئاپتور : شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد باشقۇرۇش فاكۇلتېتى 2000.يىللىق 1.سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## «ئۆتنە ئالەم»

▲ كۆلىۋەرمەڭ كۆلكىنى ،
سورىقى بار بىر كۈنى .
توخۇ يېگەن تۈلكىنى ،
بۆرە يەيدۇ بىر كۈنى .

- پاتىمە ئابدۇغەنى

ئاپتور : قەشقەر شەھەر 3.ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3.يىللىق 9.سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ روھىي ساغلاملىقتا ،ۋىجدان يۈكسەكلىكىگە ، ئېتىقاد خاسلىقىغا ئېرىشمەكچى بولساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇغىن .

▲ ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئالىملار ۋە سانائەتلار بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ .

▲ بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتى شۇنى كۆرسەتتىكى ، ئاجىزلار بۇرۇن كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن قورال-ياراغ ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىققائۇچرىغان بولسا ، بۈگۈن مەدەنىيەت ، تىل ، ئىدىئولوگىيە تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ . بۇنداق تاجاۋۇزچىلىقتا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسى بىر جانلىق مىسال .

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى ، پۇت-قولغا سېلىنغان كىشەندىن ئىدىيىگە سېلىنغان كىشەن ئەڭ پاجىئەلىك بولىدۇ .

- نۇرغۇن پەيزۇللا

ئاپتور : ئاتۇش شەھەر كانتاپايلاق يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## رەڭدار ئۈنچىلەر

▲ دۈشمىنىڭگە دۈشمەنلىك كۆزىدە ئەمەس ، رەقىبلىك كۆزىدە قارا ، شۇ چاغدا سەن ئىلگىرىلەش-نىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىسەن .

▲ كۈچلۈكلەرنىڭ سېنى كۆزگە ئىلمىغىنى «سەنمۇ مېنىڭدەك بول»دېگىنى .

▲ قىش كۈنى ئاپئاق قارنى قولۇمغا ئېلىپ سىقىپ بېقىۋېدىم ، ئۇنىڭدىكى قاپقارا سۇلار مانا مەن دەپ ئېقىشقا باشلىدى .توۋا ! مانا بۇ يوشۇرۇنۇش بولسا كېرەك .

▲ غەرب ئېيتىدۇ : «مۇشتۇمىمنى كۆردۈڭمۇ» دەپ ؛ شەرق ئېيتىدۇ : «يۈرىكىمنى كۆردۈڭمۇ» دەپ .

▲ ئۆزىنىڭ ئەقىلسىزلىقى سەۋەبىدىن گۇناھ ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ : «ئىنسان بالىسى خام سۈت ئەمگەن»دەپ ئۆز ئانىسىنى گۇناھقا شېرىك قىلغۇچىلارغا خەلقىمىزدىكى مۇنۇ ھېكمەتنى سوۋغا قىلغۇم بار : «ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن ئەقىل كالا سۈتى بىلەن كىرمەس» .

▲ «ئاناڭنىڭ بارىدا ئوينا ،ئاتاڭنىڭ بارىدا ئوينا» . دوستۇم ، ئوينىغىنىمىز ھېلىمۇ يېتەر ، «ئاناڭنىڭ بارىدا ئويلا ،ئاتاڭنى بارىدا ئويلا» . . .

▲ كالا قاياققا مېڭىشىنى بىلگەن بولسا چۈلۈك ئارقىلىق باشقۇرۇلمىغان بولاتتى .

▲ «ئاللا بەندىلىرىمنى ئۆزۈمگە ئوخشاش قىلىپ ياراتتىم»دەپتىكەن . ئۆزىمىزنى سۆيەيلى ، بۇ ، تەڭرىنى سۆيگەنگە باراۋەر .

▲ بىراۋ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغاندا بېشىڭنى بەكمۇ يېقىن ئەكېلىۋالما ، بولمىسا ئويلىمىغاندا ئۇسسۇشۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن .

▲ مۇشتى بىلەن سېنى قاتتىق نوقۇۋەتكەن دۈشمىنىڭگە رەھمەت ئېيت .چۈنكى ئۇ سېنى بىخۇدلۇق ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى ئەمەسمۇ !

▲ ئەخلاق ۋە ئېتىقادتىن ئايرىلىپ قالغان پەن-تېخنىكا «ئۇر توقماق»قا ئايلىنىپ قالىدۇ .

- ئىبراھىم ھاجى زىيا

ئاپتور :شىخو شەھەر 2.ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3.يىللىق 3.سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆز خاتالىقلىرىنى ،يامان ئىللەتلىرىنى تەدرىجىي تۈزىتىۋاتقان ئادەم پەرىشتىلەر كۆلۈمسىرەپ قاراۋاتقان ئادەمدۇر .

www.uyghurkitap.com

▲ ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى چۈشكۈنلەشكەندە ئىپادىلىنىدۇ .
▲ مېنىڭ ئەڭ بەختلىك مىنۇتلىرىمنىڭ بىرى ، ناھىيىمىزدىكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان «بۇلاق كىتابخانىسى»دىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى سانلىرىنى سېتىۋېلىش .

- مۇھەممەدۇن جەلىل

ئاپتور : لوپ ناھىيە «مۇزتاغ»سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى لابوراتورىيە بۆلۈمىدە

▲ دۇنيا ھامان يېڭى ،پەقەت بىز ئۇنىڭدىن زېرىككەن چاغدىلا ئۇ كونىراپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ .
▲ ئەل ئېغىزىغا چىققان گەپ - پىلىككە ئوت تۇتاشقان بومبا .
▲ بىر مىللەتتىكى كونا ئادەتلەر كۆپىنچە نامرات كىشىلەر تەرىپىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ .
▲ ئادەم سىرلىقلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ياپىدۇ .
▲ ھەرقانداق بىر قىيىن ئىش بىزنىڭ جېنىمىز بىلەن ئويناشقان تەقدىردىمۇ ،بۇ بىز ئۈچۈن بىر سىناق ،خالاس .
▲ بىزنىڭ ھودۇقۇش ۋە قورقۇشلىرىمىز ، ئەقلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ھېسسىيات بىلەن ئىش كۆرگەنلىكىمىزدىن بولىدۇ .
▲ رەھىمدىللىك ھەقىقەتنىڭ قاتىلى .
▲ ساختا كەمتەرلىك - ئۇلۇغلۇقنى دەپسەندە قىلغانلىقتۇر .
▲ ئەرلەر غەزەپلەنگەندە ئاياللارنىڭ يىغلىشى زوراۋانلىقتىن ، ئاياللار غەزەپلەنگەندە ئەرلەرنىڭ باش ئېگىپ (قاراپ )تۇرۇشى قۇللۇقتىن دېرەك بېرىدۇ .
▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى - ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەر شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ تەپەككۇرى بىلەن شەرق ۋە غەربنىڭ تەپەككۇرى ئۇچرىشىدىغان سورۇندۇر .

- مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە 1.ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1.يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇدۇم ۋە دۇنياغا تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارايدىغان بولدۇم .

مەھمۇت تۇرسۇن

ئاپتور : ئۈرۈمچى «ئۇلتاش»تىل تەربىيىلەش مەركىزىدە ئىنگلىز تىلىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ(M1)

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1)




مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



قۇمۇل ناخشىلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراچىسى، قابىل سەنئەت تەشكىلاتچىسى
ئايەت سەدىرىددىن خانىم

تەرجىمشۇناس، پەن- تېخنىكا ساھەسى بويىچە قابىل ژۇرنالىست ئابدۇللاجان كېرىم ئەپەندى

www.uyghurkitap.com



《新疆文化》　（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管：新疆维吾尔自治区文化厅

主办：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, china

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地址：乌鲁木齐市团结路72号

邮编：830001 电话：(0991) 2856942

印刷：《新疆日报》印务中心

发行：乌鲁木齐市邮局

订阅：全国各地邮局

邮发代号：58－22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2004- يىل 4- سان

(تۈش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھ) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە تارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2856942 (0991)

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22-58 باھاسى: 5 يۈەن